# ئىسلام تەلىماتى

## تَعْلِيْمُ الإسْلاَمِ

(مفتي محمد كفاية الله)

مۇئەللىپ: مۇپتى مۇھەممەد كىفايەتۇللاھ
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ ئالىيە

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

www.munber.org

﴿ ۞ وَمَا كَانَ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ لِيَنفِرُواْ كَآفَّةٗۚ فَلَوۡلَا نَفَرَ مِن كُلِّ فِرۡقَةٖ مِّنۡهُمۡ طَآئِفَةٞ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِي ٱلدِّينِ وَلِيُنذِرُواْ قَوۡمَهُمۡ إِذَا رَجَعُوٓاْ إِلَيۡهِمۡ لَعَلَّهُمۡ يَحۡذَرُونَ ﴾

**﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھدىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟﴾**

**سۈرە تەۋبە 122 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى**

www.munber.org

# مۇندەرىجە

مۇندەرىجە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 3
بىرىنچى بۆلۈم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 9
تاھارەت ئېلىش قائىدىسى ........................................................ 26
ناماز ئوقۇش قائىدىسى ............................................................ 27
ئىسلام كەلىمىلىرى ................................................................. 32
ئىككىنچى بۆلۈم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 34
بىرىنچى باب ئىسلام ئەقىدىلىرى ............................................ 34
مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادلىرى ............................. 36
پەرىشتىلەر . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 38
ئاللاھنىڭ كىتابلىرى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 39
ئاللاھنىڭ رەسۇلى (پەيغەمبىرى) . . . . . . . . . . . . . . . 40
قىيامەتنىڭ بايانى ................................................................. 42
تەقدىرنىڭ بايانى ................................................................. 43
ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ..................................................... 44
ئىككىنچى باب ئىسلام ئەمەللىرى ............................................ 45
نامازنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ بايانى .................................... 47
تاھارەتنىڭ بايانى ................................................................ 48
غۇسۇلنىڭ بايانى ................................................................. 52
ئاياغقا مەسھ قىلىشنىڭ بايانى ................................................. 53
جەبىرە (جاراھەتنىڭ تېڭىقى) گە مەسھ قىلىشنىڭ بايانى ................ 55
ھەقىقىي نىجاسەتنىڭ بايانى ................................................... 56
ئىستىنجانىڭ بايانى .............................................................. 58

www.munber.org

سۈننەت بايانى ........................................................ 59
قۇدۇقلارنىڭ بايانى ........................................................ 61
ئۈچىنچى بۆلۈم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 64
بىرىنچى باب ئىسلام ئەقىدىلىرى ........................................ 64
تەۋھىد ........................................................ 64
پەرىشتىلەر ........................................................ 67
ئالاھنىڭ كىتابلىرى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 70
پەيغەمبەرلىك ........................................................ 74
ساھابە كىراملارنىڭ بايانى ........................................ 79
ئەۋلىيالىق ۋە ئەۋلىيالىقنىڭ بايانى ........................................ 80
مۆجىزە ۋە كارامەتنىڭ بايانى ........................................ 82
ئىككىنچى باب ئىسلام رۇكۇنلىرى تەلىماتى ........................................ 87
تاھارەتنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى ........................................ 87
تاھارەت پەرزلىرىنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى ........................................ 88
تاھارەت سۈننەتلىرىنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى ........................................ 90
تاھارەت مۇستەھەبلىرىنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى ........................................ 93
تاھارەتنى بۇزىدىغان قالدۇق مەسىلىلەر ........................................ 94
غۇسۇلنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى ........................................ 97
ئاياغقا مەسھ قىلىشنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى ........................................ 99
ھەققىي نىجاسەت ۋە ئۇنى پاكلاشنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى .......... 101
ئىستىنجانىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى ........................................ 103
سۈننەتنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى ........................................ 104
قۇدۇقلارنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى ........................................ 105
تەيەممۇمنىڭ بايانى ........................................ 106

www.munber.org

نامازنىڭ ئىككىنچى شەرتى «كىيىم پاك بولۇش» نىڭ بايانى . . . . . . 111
نامازنىڭ ئۈچىنچى شەرتى «جاينىڭ پاك بولۇشى» نىڭ بايانى . . . . . . 112
نامازنىڭ تۆتىنچى شەرتى «ئەۋرەتنى يېپىش» نىڭ بايانى . . . . . . . . 113
نامازنىڭ بەشىنچى شەرتى «ۋاقىت» نىڭ بايانى ........................ 115
نامازنىڭ ئالتىنچى شەرتى «قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش» نىڭ بايانى .... 120
نامازنىڭ يەتتىنچى شەرتى «نىيەت» نىڭ بايانى ....................... 121
ئەزاننىڭ بايانى ................................................... 122
نامازنىڭ رۇكۇنلىرىنىڭ بايانى ...................................... 125
تەكبىر تەھرىمىنىڭ بايانى ........................................ 126
نامازنىڭ بىرىنچى رۇكۇنى «قىيام»نىڭ بايانى ......................... 127
نامازنىڭ ئىككىنچى رۇكۇنى «قىرائەت» نىڭ بايانى .................. 128
نامازنىڭ ئۈچىنچى رۇكۇنى «رۇكۇ» ۋە تۆتىنچى رۇكۇنى «سەجدە» نىڭ
بايانى ........................................................... 130
نامازنىڭ بەشىنچى رۇكۇنى «قەئدە ئەخىرە»نىڭ بايانى ................ 132
نامازنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ بايانى ....................................... 132
نامازنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ بايانى ..................................... 134
نامازنىڭ مۇستەھەبلىرىنىڭ بايانى .................................. 136
نامازنىڭ تولۇق قائىدىلىرى ........................................ 137
تۆتىنچى بۆلۈم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 141
بىرىنچى باب ئىسلام ئەقىدىلىرى ...................................... 141
تەۋھىد ............................................................ 141
ئاللاھنىڭ كىتابلىرى ................................................ 145
رىسالەت )پەيغەمبەرلىك( ........................................... 150
ئىمان ۋە ئەمەلى سالىھنىڭ بايانى ..................................... 154

www.munber.org

گۇناھ ـ مەئسىيەتنىڭ بايانى ........................................ 157
كۆپرى ۋە شېرىكنىڭ بايانى ........................................ 158
بىدئەتنىڭ بايانى ........................................ 161
قالدۇق گۇناھلارنىڭ بايانى ........................................ 162
ئىككىنچى باب ئىسلام رۇكۇنلىرى تەلىماتى ........................................ 166
قىرائەتنىڭ بىر قىسىم ئەھكاملىرىنىڭ بايانى ........................................ 166
جامائەت ۋە ئىمام بولۇشنىڭ بايانى ........................................ 168
نامازنى بۇزغۇچى ئامىللارنىڭ بايانى ........................................ 174
نامازدا مەكرۇھ بولىدىغان ئامىللارنىڭ بايانى ........................................ 176
ۋىتىر نامازنىڭ بايانى ........................................ 179
سۈننەت ۋە نەفلە نامازلارنىڭ بايانى . . . . . . . . . . . . . . 180
تەراۋىھ نامازنىڭ بايانى ........................................ 183
قازا نامازلارنى ئوقۇشنىڭ بايانى ........................................ 185
مۇدرىك، مەسبۇق، لاھىقنىڭ بايانى ........................................ 187
سەجدە سەھۋەنىڭ بايانى ........................................ 190
تىلاۋەت سەجدىسى ........................................ 195
كېسەل نامىزىنىڭ بايانى ........................................ 197
مۇساپىر نامىزىنىڭ بايانى ........................................ 199
جۈمە نامىزىنىڭ بايانى ........................................ 202
ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ بايانى ........................................ 205
قۇربانلىقنىڭ بايانى ........................................ 208
قۇربانلىق مالنىڭ تىرىسىنىڭ بايانى ........................................ 213
جىنازا نامىزىنىڭ بايانى ........................................ 214
ئىسلام پەرزلىرىدىن «روزا» نىڭ بايانى ........................................ 218

www.munber.org

رامزان روزىسىنىڭ بايانى ........................ 221

ئاي كۆرۈش ۋە گۇۋاھلىقىنىڭ بايانى ........................ 223

نىيەتنىڭ بايانى ........................ 225

روزىنىڭ مۇستەھەب ئامىللىرىنىڭ بايانى ........................ 226

روزىنىڭ مەكرۇھ ئامىللىرىنىڭ بايانى ........................ 227

روزىنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ بايانى ........................ 228

روزىنىڭ قازاسىنىڭ بايانى ........................ 231

كاپارەتنىڭ بايانى ........................ 233

ئېتىكاپنىڭ بايانى ........................ 234

ئېتىكاپتا مۇستەھەب بولغان ئىشلارنىڭ بايانى ........................ 237

ئېتىكاپ ۋاقتىنىڭ بايانى ........................ 238

ئېتىكاپتا دۇرۇس بولىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى ........................ 238

ئېتىكاپتا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار ۋە ئېتىكاپنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ بايانى ........................ 240

نەزر (تەنتەنىلىك ۋەدە) نىڭ بايانى ........................ 241

ئىسلام پەرزلىرىدىن «زاكات»نىڭ بايانى ........................ 242

زاكات مېلى ۋە نىسابىنىڭ بايانى ........................ 243

زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ بايانى ........................ 247

زاكات بېرىشكە تېگىشلىك ئورۇنلارنىڭ بايانى ........................ 249

سەدىقە پىتىرنىڭ بايانى ........................ 253

جَوَامِعُ الْكَلِمِ . . . . . . . . . . 257

(قىرىق ھەدىس) توغرىسىدا . . . . . . . . . . 257

جَوَامِعُ الْكَلِمِ . . . . . . . . . . 259

(قىرىق ھەدىس) . . . . . . . . . . 259


www.munber.org

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ....... 267
ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ تەربىيە توغرىسىدا ................................ 269
ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرى ............................ 271
فىقھى خادىملىرى .......................................................... 272

www.munber.org

# بىرىنچى بۆلۈم

**بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ**

**نَحْمَدُ اللّٰهَ الْعَلِيَّ الْعَظِيْمَ وَنُصَلِّيْ عَلىٰ رَسُولِهِ الْكَرِيْمِ**

س: سىلەر قانداق ئادەملەر؟

ج: بىز مۇسۇلمان.

س: مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ ئىسمى نېمە؟

ج: مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ ئىسمى ئىسلام.

س: ئىسلام نېمىنى بىلدۈرىدۇ ياكى ئىسلام دىنى دەپ قايسى دىننى دەيدۇ؟

ج: ئىسلام الله تائالا بىردۇر، قۇلچىلىق قىلىشقا لايىقتۇر ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ بەندىسىدۇر ھەم پەيغەمبىرىدۇر، «قۇرئان كەرىم» الله تائالانىڭ كىتابىدۇر، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام توغرا دىندۇر، ئىسلام دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بارلىق ياخشى ئىشلار، ياخشى سۆزلەرنى ئۆگىتىدۇ ۋە بىلدۈرىدۇ.

س: ئىسلام كەلىمىسى قايسى؟

ج: ئىسلام كەلىمىسى:

«لَآاِلٰهَ إِلَّااللّٰهُ مُحَمَّدٌ رَّسُوْلُ اللّٰهِ»

ت: (بىر الله دىن باشقا ئىبادەتكە لايىق مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ

www.munber.org

پەيغەمبىرىدۇر). بۇ كەلىمە تەييىبە ياكى كەلىمە تەۋھىد دېيىلىدۇ.

س: كەلىمە شەھادەت نېمىدۇر؟

ج: كەلىمە شەھادەت:

«اَشْهَدُ اَنْ لآاِلٰهَ اِلآاللهُ وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ»

ت: (بىر اللھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ بەندىسىدۇر ۋە پەيغەمبىرىدۇر، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن).

س: ئىمان مۇجمەل قايسى؟

ج: ئىمان مۇجمەل:

«اٰمَنْتُ بِاللهِ كَمَاهُوَ بِاَسْمَآئِهِ وَصِفَاتِهِ وَقَبِلْتُ جَمِيْعَ أحْكَامِهِ»

ت: (الله تائالاغا ئىسمى ۋە سۈپەتلىرى بىلەن قوشۇپ ئىمان كەلتۈردۈم ۋە الله تائالانىڭ جىمى ئەھكاملىرىنى قوبۇل قىلدىم).

س: ئىمان مۇفەسسەل قايسى؟

ج: ئىمان مۇفەسسەل:

« اٰمَنْتُ بِاللهِ وَمَلٰئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الاٰخِرِ وَالْقَدْرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ مِنَ اللهِ تعالى وَالْبَعْثِ بَعْدَ الْمَوْتِ»

ت: (اللهغا، ئۇنىڭ پەرىشتەلىرىگە، ئۇنىڭ كىتابلىرىغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ياخشىلىق، يامانلىق الله تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن

www.munber.org

بولىدىغانلىقىغا ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشىنىڭ ھەقلىقىگە ئىمان كەلتۈردۈم (جەزمەن ئىشەندىم)).

س: سىلەرنى كىم ياراتتى؟

ج: بىزنى ۋە بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىزنى، ئاسمان ـ زېمىن ۋە بارچە مەخلۇقاتنى الله تائالا ياراتتى.

س: الله تائالا دۇنيانى قانداق ياراتتى؟

ج: ئۆزىنىڭ قۇدرىتى ۋە ئۆزىنىڭ «بول» دېگەن ئەمرى بىلەن ياراتتى.

س: الله تائالانى ئىنكار قىلغانلار نېمە دېيىلىدۇ؟

ج: ئۇلار كاپىر دېيىلىدۇ.

س: الله تائالادىن باشقا شەيئىلەرگە چوقۇنىدىغانلار ياكى الله تائالانى ئىككى ـ ئۈچ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلار نېمە دېيىلىدۇ؟

ج: بۇنداق كىشىلەر كاپىر ۋە مۇشرىك دېيىلىدۇ.

س: مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىك گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنامدۇ؟

ج: مۇشرىكلارنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، بۇلار دوزاخ ئازابىنى مەڭگۈ تارتىدۇ.

س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىم؟

ج: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى، بىز بۇ زاتنىڭ ئۈممىتىدۇرمىز.

س: بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نەدە تۇغۇلغان؟

www.munber.org

ج: ئەرەب زېمىنىنىڭ مەككە شەھىرىدە تۇغۇلغان.

س: بۇ زاتنىڭ ئاتىسى ۋە چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

ج: ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ ۋە چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىدى.

س: بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز باشقا پەيغەمبەرلەردىن مەرتىۋىدە چوڭمۇ، كىچىكمۇ؟

ج: بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەممە پەيغەمبەرلەردىن مەرتىۋىدە چوڭدۇر. الله تائالا بۇ زاتنى پۈتۈن كائىنات ۋە مەۋجۇداتتىن ئارتۇق ۋە ئۇلۇغ قىلدى.

س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى نەدە ئۆتتى؟

ج: ئون ئۈچ يىلغىچە ئۆزىنىڭ شەھرى مەككىدە ئۆتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن الله تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىپ كېتىپ، ئون يىل شۇ يەردە تۇردى. ئاندىن 63 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

س: ئەگەر بىرسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ قانداق بولىدۇ؟

ج: ئۇنداق كىشىمۇ كاپىر بولىدۇ.

س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قانداق تونۇش لازىم؟

ج: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى الله تائالا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، دەپ جەزمەن ئىشەنچ قىلىش، الله تائالا ئۇ زاتنى پۈتۈن مەخلۇقاتتىن ئەۋزەل قىلدى، دەپ بىلىش، بۇ پەيغەمبەرگە چىن كۆڭلىدىن مۇھەببەت باغلاش، بۇ پەيغەمبەرنىڭ ھەر قانداق ئەمرى ـ پەرمانلىرىغا قەتئىي

www.munber.org

ئىتائەت قىلىش زۆرۈر، دەپ بىلىش لازىم.

س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

ج: ھېچكىم ئۇقتۇرمىغان، ئۇقتۇرالمىغان ۋە قىلالمايدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى قىلالىدى، ئۇقتۇرالىدى ھەم كۆرسەتتى. بۇ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

س: «قۇرئان كەرىم» الله تائالانىڭ كىتابى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

ج: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «بۇ قۇرئان الله تائالانىڭ كىتابىدۇر ۋە الله تائالا ماڭا نازىل قىلدى»، دېدى.

س: «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىر نۆۋەتتىلا چۈشكەنمۇ ياكى ئاز ـ ئازدىن بۆلۈنۈپ چۈشكەنمۇ؟

ج: ئاز ـ ئازدىن بۆلۈنۈپ چۈشكەن، بەزىدە بىر ئايەت، بەزىدە ئىككى ـ ئۈچ ئايەت، بەزىدە بىر سۈرە چۈشكەن بولۇپ، زۆرۈرىيەتكە قاراپ چۈشۈرۈلگەن.

س: «قۇرئان كەرىم» قانچىلىك ۋاقىتتا تولۇق چۈشۈپ بولدى؟

ج : يىگىرمە ئۈچ يىلدا تولۇق چۈشۈپ بولدى.

س: «قۇرئان كەرىم» قايسى تەرىقىدە نازىل بولغان؟

ج: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئايەت ياكى سۈرە ئاڭلىتاتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنى يادلىۋېلىپ كاتىپلارغا يازدۇرۇۋالاتتى.

س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن ئۆزى يېزىۋالمايتتى؟

www.munber.org

ج: ئۇ زات أُمِّيْ (ساۋاتسىز) بولغانلىقتىن يازالمايتتى.

س: أُمِّيْ دەپ كىمنى دەيدۇ؟

ج: ئوقۇش ھەم يېزىق بىلمەيدىغانلار أُمِّيْ دېيىلىدۇ. گەرچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنيادا ھېچكىمدىن بىلىم ئالمىغان بولسىمۇ لېكىن الله تائالا بۇ زاتقا بارلىق مەخلۇقاتتىن ئارتۇق بىلىم ئاتا قىلغان ئىدى.

س: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كىم؟

ج: پەيغەمبەرلەرگە الله نىڭ ئەمىر پەرمانىنى ئېلىپ كېلىدىغان پەرىشتىدۇر.

س: مۇسۇلمان الله تائالاغا قايسى تەرىقىدە قۇلچىلىق قىلىدۇ؟

ج: ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ھەج قىلىدۇ.

س: ناماز دەپ نېمىنى دەيدۇ؟

ج: الله تائالا «قۇرئان كەرىم» دە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «ھەدىس شەرىف»تە مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرگەن ئىبادەت ۋە قۇلچىلىق قىلىشنىڭ خۇسۇسىي تەرىقىسىنى دەيدۇ.

س: ناماز بىلەن قايسى تەرىقىدە قۇلچىلىق قىلىدۇ؟

ج: ئۆيدە ياكى مەسجىدتە الله تائالانى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قول باغلاپ تۇرۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ، الله تائالاغا مەدھىيە ـ سانالار ئېيتىدۇ. ئۇ زاتنى تەزىم بىلەن ئۇلۇغلاپ، ئېگىلىپ زېمىنغا باش قويۇپ تۇرۇپ، ئۇ زاتنىڭ كاتتىلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

www.munber.org

س: كىشى مەسجىدىدە ناماز ئوقۇغاندا الله تائالانىڭ ئالدىدا ناماز ئوقۇغان بولامدۇ ياكى ئۆيدە ئوقۇغاندىمۇ؟

ج: الله تائالا ھەممە جايدا بولىدۇ، مەيلى ئۇ مەسجىدىدە ناماز ئوقۇسۇن، مەيلى ئۆيدە ئوقۇسۇن ئوخشاشلا الله تائالانىڭ ئالدىدا ناماز ئوقۇغان بولىدۇ. ئەمما، مەسجىدىدە ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ.

س: ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن پۇت-قول، ئېغىز-بۇرۇن يۇيۇش نىمە دېيىلىدۇ؟

ج: تاھارەت دېيىلىدۇ. تاھارەتسىز ناماز ئوقۇشقا قەتئىي بولمايدۇ.

س: نامازدا قايسى تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش لازىم؟

ج: بەيتۇللاھ تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش لازىم.

س: نىمە ئۈچۈن بەيتۇللاھقا ئالدىنى قىلىشقا ئەمرى قىلىندى؟

ج: مەككە مۆكەررەمەدە الله تائالانىڭ بىر ئۆيى بار بولۇپ، ئۇ كەئبە دېيىلىدۇ. نامازدا شۇ تەرەپكە ئالدىنى قىلىش زۆرۈردۇر (بۇ بىزنىڭ شەھرىمىزنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ).

س: نامازدا يۈز كەلتۈرگەن تەرەپ نىمە دېيىلىدۇ؟

ج: قىبلە دېيىلىدۇ.

س: بىر كېچە-كۈندۈزدە نەچچە قېتىم ناماز ئوقۇيدۇ؟

ج: بەش قېتىم ناماز ئوقۇيدۇ.

س: بۇ بەش نامازنىڭ ئىسمى نىمە؟

www.munber.org

ج: بىرىنچى، بامدات ناماز (تاڭ يورۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ كۈن چىققىچە بولغان ئارىلىقتا ئوقۇلىدۇ).

ئىككىنچى، پېشىن ناماز (چۈش ۋاقتى كۈن قىيىلغاندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ).

ئۈچىنچى، ئەسىر ناماز (قىش ـ ياز كۈن پېتىشقا ئىككى سائەت يىگىرمە مىنۇت قالغاندا ئەسىر ۋاقتى كىرىدۇ، كۈن ئولتۇرغىچە ئوقۇشقا بولىدۇ).

تۆتىنچى، شام ناماز (كۈن پاتقاندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ، ۋاقتى تەخمىنەن 50~60 مىنۇت تۇرىدۇ).

بەشىنچى، خۇپتەن ناماز (كۈن پېتىپ تەخمىنەن 50~60 مىنۇت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. لېكىن كۈن پېتىپ ئىككى يېرىم سائەت ۋاقىت ئۆتكەندە ئوقۇش ئەۋزەلدۇر).

س: ئەزان دېگەن نېمە؟

ج: ناماز ۋاقتى كەلگەندە ناماز ئوقۇشتىن بىرئاز بۇرۇن بىر كىشى ئۆرە تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تۆۋەندىكى كەلىمىلەرنى ئېيتىدۇ:

«اَللّٰهُ اَكْبَرُ اَللّٰهُ اَكْبَرُ اَللّٰهُ اَكْبَرُ اَللّٰهُ اَكْبَرُ اَشْهَدُ اَنْ لَّآاِلٰهَ اِلَّااللّٰهُ اَشْهَدُ اَنْ لَّآاِلٰهَ اِلَّااللّٰهُ، اَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا رَّسُوْلُ اللّٰهِ، اَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا رَّسُوْلُ اللّٰهِ، حَىَّ عَلَى الصَّلٰوةِ، حَىَّ عَلَى الصَّلٰوةِ، حَىَّ عَلَى الْفَلَاحِ، حَىَّ عَلَى الْفَلَاحِ، اَللّٰهُ اَكْبَرُ، اَللّٰهُ اَكْبَرُ، لَآاِلٰهَ اِلَّااللّٰهُ»

(اللّٰه ھەممىدىن چوڭدۇر، اللّٰه ھەممىدىن چوڭدۇر، اللّٰه ھەممىدىن چوڭدۇر، اللّٰه ھەممىدىن چوڭدۇر. بىر اللّٰهدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، بىر اللّٰهدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللّٰه

www.munber.org

تائالانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. نامازغا كېلىڭلار، نامازغا كېلىڭلار، نىجاتلىققا كېلىڭلار، نىجاتلىققا كېلىڭلار. الله ھەممىدىن چوڭدۇر، الله ھەممىدىن چوڭدۇر. بىر اللەدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر). مۇشۇ كەلىمىلەر ئەزان دېيىلىدۇ.

بامدات نامازنىڭ ئەزىنىدا

"حَيَّ عَلَى الْفَلَاحِ"

دىن كېيىن

"اَلصَّلٰوةُ خَيْرٌ مِّنَ النَّوْمِ"

(ناماز ئۇيقۇدىن ياخشىراقتۇر) دېگەن كەلىمىنىمۇ ئىككى قېتىم دېيىش لازىم.

س: تەكبىر دېگەن نېمە؟

ج: پەرز ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا نامازنى باشلاشتىن بۇرۇن بىرسى ئەزاندا ئوقۇلغان كەلىمىلەرنى ئوقۇيدۇ، بۇ تەكبىر دېيىلىدۇ. تەكبىردە

"حَيَّ عَلَى الصَّلٰوةِ"

دىن كېيىن

"قَدْ قَامَتِ الصَّلٰوةُ"،

(ناماز تەييار بولدى) نى ئىككى قېتىم ئەزان كەلىمىسىگە قوشۇپ دەيدۇ.

www.munber.org

س: ئەزان ياكى تەكبىر ئېيتىدىغان ئادەم نېمە دېيىلىدۇ؟

ج: ئەزان ئېيتقان ئادەم مۇئەززىن، تەكبىر ئېيتقان ئادەم مۇكەببىر دېيىلىدۇ.

س: كۆپلىگەن ئادەم بىرلىكتە ناماز ئوقۇغان ھالدا، نامازنى باشلاپ ئوقۇغۇچى ۋە ئەگىشىپ ناماز ئوقۇغۇچىلار نېمە دېيىلىدۇ؟

ج: كۆپلىگەن ئادەم بىرلىكتە ئوقۇغان ناماز جامائەت نامىزى. نامازنى باشلاپ ئوقۇغۇچى ئىمام. كەينىدە تۇرۇپ ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچىلار مۇقتەدى دېيىلىدۇ.

س: يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى نېمە دېيىلىدۇ؟

ج: مۇنپەرىد دېيىلىدۇ.

س: جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن خاس ياسالغان ئورۇن نېمە دېيىلىدۇ؟

ج: مەسجىد دېيىلىدۇ.

س: مەسجىدكە بېرىپ نېمە ئىش قىلىش لازىم؟

ج: مەسجىددە ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، بىرەر خۇسۇسىي ۋەزىپىلەرنى قىلىش، ئەدەب بىلەن شۈككىدە ئولتۇرۇش لازىم. مەسجىددە ئويناش، بىر نەرسىنى جىجىلاش، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىش، دۇنيا سۆزلىرى قىلىش گۇناھتۇر.

س: ناماز ئوقۇشتا قانداق پايدا بار؟

ج: ناماز ئوقۇشتا ئىنتايىن كۆپ پايدا بار بولۇپ، بۇ يەردە ئازغىنە بىر قىسمىنى بايان قىلىمىز:

1) ـ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمدىن اللە تائالا رازى بولىدۇ.

www.munber.org

2) ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمدىن رازى بولىدۇ.

3) ـ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمنى ئۆلگەندىن كېيىن الله تائالا راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

4) ـ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم الله تائالانىڭ ئالدىدا ياخشى ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

5) ـ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ دۇنيادىمۇ ھۆرمەت ـ ئابرۇيى بولىدۇ.

6) ـ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم كۆپ گۇناھتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

7) ـ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ بەدىنى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى پاكىز تۇرىدۇ.

س: نامازدا ئوقۇلىدىغان كەلىمىلەرنىڭ ئىسمى نېمە؟

ج: نامازدا ئوقۇلىدىغان كەلىمە ۋە ئىبارىلەرنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىلەردۇر:

تەكبىر:

(«اَللّٰهُ اَكْبَرُ»).

سانا:

(سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتعالى جَدُّكَ وَلآاِلٰهَ غَيْرُكَ)،

(ئى الله! بىز سېنىڭ پاكلىقىڭنى ئىقرار قىلىمىز ۋە سېنى تەرىپلەيمىز. سېنىڭ ئىسمىڭ ئىنتايىن بۈيۈكتۇر. سېنىڭ

www.munber.org

ئۇلۇغلۇقـۇڭ ئىنتـايىن يۈكسـەكتۇر ۋە سـەندىن باشـقا ئىـلاھ يوقتۇر).

ئەئۇزۇ:

"اَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ"

(لەنەتكـەردى شـەيتاندىن الله تائالاغـا سـېغىنىپ پـاناھ تىلەيمەن).

بىسمىللا:

﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ﴾

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن».

«سۈرە فاتىھە»:

﴿ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ۝٢ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝٣ مَٰلِكِ يَوْمِ
ٱلدِّينِ ۝٤ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ۝٥ ٱهْدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلْمُسْتَقِيمَ
۝٦ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ ٱلْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ
۝٧ ﴾

﴿جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰهغا خاستۇر[1]. الله ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر[2]. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر[3]. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز [4]. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن[5]. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ

يولىغا ئەمەس[6]. سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)[7]﴾.

«سۈرە كەۋسەر»:

﴿ إِنَّآ أَعۡطَيۡنَٰكَ ٱلۡكَوۡثَرَ ۝١ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَٱنۡحَرۡ ۝٢ إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ ٱلۡأَبۡتَرُ ۝٣ ﴾

﴿بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق[1]. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن[2]. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ[3]﴾.

«سۈرە ئىخلاس»:

﴿ قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ۝١ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ۝٢ لَمۡ يَلِدۡ وَلَمۡ يُولَدۡ ۝٣ وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدُۢ ۝٤ ﴾

﴿ئېيتقىنكى، ئۇ اللە بىردۇر[1]. ھەممە اللەغا مۇھتاجدۇر[2]. اللە بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس[3]. ھېچكىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ[4]﴾.

«سۈرە فەلەق»:

﴿ قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلۡفَلَقِ ۝١ مِن شَرِّ مَا خَلَقَ ۝٢ وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ ۝٣ وَمِن شَرِّ ٱلنَّفَّٰثَٰتِ فِي ٱلۡعُقَدِ ۝٤ وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ ۝٥

﴾

www.munber.org

﴿مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھرىگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۇبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (الله) غا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، دېگىن(1 - 5)﴾.

«سۈرە ناس»:

﴿ قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ۝١ مَلِكِ ٱلنَّاسِ ۝٢ إِلَٰهِ ٱلنَّاسِ ۝٣ مِن شَرِّ ٱلۡوَسۡوَاسِ ٱلۡخَنَّاسِ ۝٤ ٱلَّذِي يُوَسۡوِسُ فِي صُدُورِ ٱلنَّاسِ ۝٥ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ۝٦ ﴾

﴿ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى اللهغا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن، دېگىن(1 - 6)﴾

رۇكۇ يەنى ئېگىلگەن چاغدىكى تەسبىھ:

«سُبْحٰنَ رَبِّىَ الْعَظِيْمِ»

(ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمنىڭ پاكلىقىنى بايان قىلىمەن).

قەۋمە يەنى رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەن چاغدىكى تەسمىئ:

"سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ"

(الله تائالا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقان كىشىنىڭ ھەمدۇ ـ سانا سىنى ئاڭلىدى).

www.munber.org

مۇشۇ قەۋمەدىكى تەھمىد:

"رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ"

(ئـى پەرۋەردىگـارىمىز! جىمى ھەمـدۇ ـ سـانا سـاڭىلا خاستۇر).

سەجدە يەنى زېمىنغا باش قويغان چاغدىكى تەسبىھ:

"سُبْحَانَ رَبِّىَ الاَعْلٰى"

(بۈيۈك پەرۋەردىگارىمنىڭ پاكلىقىنى بايان قىلىمەن).

تەشەھھۇد:

«اَلتَّحِيَّاتُ لِلّٰهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ اَيُّهَاالنَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللّٰهِ وَبَرَكَاتُهُ اَلسَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلٰى عِبَادِ اللّٰهِ الصَّالِحِيْنَ اَشْهَدُ اَنْ لآَاِلٰهَ اِلاَّاللّٰهُ وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ»

(جىمى تىل بىلەن قىلىدىغان ئىبادەتلەر، جىمى بەدەن بىلەن قىلىدىغان ئىبادەتلەر ۋە جىمى مال بىلەن قىلىدىغان ئىبادەتلەر الله تائالاغا خاستۇر. ئى پەيغەمبەر! ساڭا سالام. ئى پەيغەمبەر! الله تائالانىڭ رەھمەت ۋە بەرىكەتلىرى ساڭا بولسۇن. بىزگە ۋە الله تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىگە سالام بولسۇن. بىر اللەدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق مەئبۇد بەرھەق يوق، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن).

دۇرۇد شەرىف:

«اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَعَلٰى اٰلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلٰى اِبْرَاهِيْمَ وَعَلٰى اٰلِ اِبرَاهِيْمَ اِنَّكَ حَمِيْدٌ مَّجِيْدٌ»

www.munber.org

(ئى الله! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمىتىڭنى نازىل قىلغانىدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمىتىڭنى نازىل قىلغىن).

«اَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَعَلٰى اٰلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلٰى اِبْرَاهِيْمَ وَعَلٰى اٰلِ اِبْرَاهِيْمَ اِنَّكَ حَمِيْدٌ مَّجِيْدٌ»

(ئى الله! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكىتىڭنى نازىل قىلغانىدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكىتىڭنى نازىل قىلغىن).

دۇرۇد شەرىفتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا:

«اَللّٰهُمَّ اِنِّىْ ظَلَمْتُ نَفْسِىْ ظُلْمًا كَثِيْرًا وَلَايَغْفِرُ الذُّنُوْبَ اِلَّاَنْتَ فَاغْفِرْ لِىْ مَغْفِرَةً مِّنْ عِنْدِكَ وَارْحَمْنِىْ اِنَّكَ اَنْتَ الْغَفُوْرُ الرَّحِيْمُ»

(ئى الله! ئۆز نەپسىمگە زۇلۇم قىلدىم. گۇناھلارنى سەندىن باشقىسى مەغپىرەت قىلالمايدۇ. ئۆز تەرىپىڭدىن ماڭا مەغپىرەت قىلغىن ۋە ماڭا رەھىم قىلغىن. سەن مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مېھرىباندۇرسەن).

سالام:

«اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللّٰهِ»

(سىلەرگە سالامەتلىك ۋە اللەنىڭ رەھمىتى بولسۇن).

نامازدىن كېيىنكى دۇئا:

«اَللّٰهُمَّ اَنْتَ السَّلَامُ وَمِنْكَ السَّلَامُ تَبَارَكْتَ يَاذَاالْجَلَالِ وَالاِكْرَامِ»

www.munber.org

(ئى اللہ! سالامەتلىكنى سەنلا بەرگۈچىدۇرسەن ۋە سالامەتلىك سەندىنلا (بېرىلىدۇ). ئى ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆرمەتنىڭ ئىگىسى اللہ! سەنلا بۈيۈك بولدۇڭ).

قۇنۇت دۇئاسى:

«اَللّٰهُمَّ اِنَّا نَسْتَعِيْنُكَ وَنَسْتَغْفِرُكَ وَنُؤْمِنُ بِكَ وَنَتَوَكَّلُ عَلَيْكَ وَنُثْنِى عَلَيْكَ الْخَيْرَ وَنَشْكُرُكَ وَلَانَكْفُرُكَ وَنَخْلَعُ وَنَتْرُكُ مَنْ يَّفْجُرُكَ اَللّٰهُمَّ اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَلَكَ نُصَلِّى وَنَسْجُدُ وَاِلَيْكَ نَسْعٰى وَنَحْفِدُ وَنَرْجُوْ رَحْمَتَكَ وَنَخْشٰى عَذَابَكَ اِنَّ عَذَابَكَ بِالْكُفَّارِ مُلْحِقٌ»

(ئى اللہ! سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز، سەندىنلا مەغپىرەت تىلەيمىز، ساڭىلا ئىمان كەلتۈرىمىز، ساڭىلا تەۋەككۇل قىلىمىز، ساڭىلا ياخشى مەدھىيەلەر ئېيتىمىز، ساڭىلا شۈكرى ئېيتىمىز، ساڭا كاپىر بولمايمىز، سېنى خاس قىلىمىز ۋە ساڭا ئىتائەت قىلمىغان كىشىنى تەرك ئېتىمىز. ئى اللہ! ساڭا ئىبادەت قىلىمىز، سېنىڭ ئۈچۈنلا ناماز ئوقۇيمىز، ساڭىلا سەجدە قىلىمىز، سەن تەرەپكىلا يۈگرەيمىز، بەجا كەلتۈرۈشكە ئالدىرايمىز، رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمىز ۋە ئازابىڭدىن قورقىمىز. سېنىڭ ئازابىڭ كاپىرلارغا ھەقىقەتەن لايىقتۇر).

# تاھارەت ئېلىش قائىدىسى

س: تاھارەتنى قايسى ئۇسۇلدا ئالىدۇ؟

ج: پاكىز قاچىغا پاك سۇ ئېلىپ، پاكىز بولغان ئېگىزرەك جايدا قىبلە تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ئولتۇرۇش ئەۋزەل. ئەگەر ئېگىز ئورۇن بولمىسا تاھارەت سۈيى چاچرىمىغۇدەك تۈز ئورۇن بولسىمۇ بولىدۇ. ئاندىن ئىككى يەڭنى جەينەككىچە

www.munber.org

تۇرۇۋېتىپ،

«بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ»

دەپ ئۈچ قېتىم ئىككى قولنى بىغىشقىچە يۇيىدۇ. ئېغىزنى ئۈچ قېتىم ئايرىم ـ ئايرىم سۇ بىلەن چايقايدۇ. مىسۋاك قىلىدۇ، مىسۋاك بولمىسا، چىشنى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن پاكىزلايدۇ. ئۈچ قېتىم بۇرۇنغا سۇ ئالىدۇ (بۇرۇنغا ئالغان سۇنى سول قولنىڭ بارمىقى بىلەن چىقىرىدۇ). پېشانىنىڭ چاچ چىققان يېرىدىن ئېڭەكنىڭ ئاستى ۋە ئىككى قۇلاقنىڭ ئارىلىقىدىن ئىبارەت يۈز قىسمىنى سۇنى ئۇرماستىن ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن جەينەك بىلەن قوشۇپ ئىككى قولنى يۇيىدۇ: دەسلەپتە ئوڭ قولنى، كەينىدىن سول قولنى ئۈچ قېتىمدىن يۇيىدۇ. باش، قۇلاق، گەدەن قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم ـ ئايرىمدىن قولنى ھۆل قىلىپ بىر قېتىمدىنلا مەسھ قىلىدۇ. ئىككى پۇتنى ئوشۇق بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىمدىن يۇيىدۇ: ئاۋۋال ئوڭ پۇتنى، ئاندىن سول پۇتنى يۇيىدۇ.

# ناماز ئوقۇش قائىدىسى

س: ناماز ئوقۇش قائىدىسى قايسى؟

ج: ناماز ئوقۇش قائىدىسى تۆۋەندىكىچە: تاھارەت ئېلىپ بولۇپ، پاكىز كىيىنىپ، پاكىز جايدا قىبلە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ، نامازنىڭ نىيىتىنى قىلىپ بولۇپ، ئىككى قولنى قۇلاققىچە كۆتۈرۈپ «اللّٰهُ اَكْبَرُ» دەپ قولنى كىندىكنىڭ ئاستىغا قويىدۇ (ئوڭ قولنى ئۈستىگە سول قولنى ئاستىغا قويۇپ

www.munber.org

باغلاپ تۇرىدۇ). نامازغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇياق ـ بۇياققا قاراشقا بولمايدۇ.

ئەدەب بىلەن تۇرۇپ الله تائالا تەرىپىگىلا يۈزلىنىدۇ. قول باغلاپ بولۇپ سانا:

«سُبْحَانَكَ اللّهمَّ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وتعالى جَدُّكَ وَلاإِلٰهَ غَيْرُكَ»

نى ئوقۇيدۇ.

ئەئۇزۇ:

«آعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ»

نى ئوقۇيدۇ. بىسمىللا:

«بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ»

نى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىچىدە «ئامىن»، دەيدۇ. ئاندىن قايسى سۈرە ياد بولسا شۇ سۈرىنى ئوقۇپ، «اَللّٰهُ اَكْبَرُ» دەپ رۇكۇغا بارىدۇ.

رۇكۇدا ئىككى قول بىلەن ئىككى تىزنى راۋرۇس قاماللاپ تۇتۇپ، رۇكۇنىڭ تەسبىھى:

"سُبْحَانَ رَبِّىَ الْعَظِيْمِ"

نى ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم ئوقۇيدۇ. كەينىدىن تەسمىئ:

«سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ»

نى ئېيتقان پېتى ئۆرە بولىدۇ. تىك تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تەھمىد:

www.munber.org

«رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ»

دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەكبىر ئېيتقان پېتى سەجدىگە بارىدۇ.

سەجدىدە ئالدى بىلەن ئىككى تىزنى زېمىنغا قويۇپ، كەينىدىن ئىككى قولنى قويىدۇ. پېشانە ۋە بۇرۇننى ئىككى قولنىڭ ئارىلىقىغا (زېمىنغا) قويۇپ سەجدىنىڭ تەسبىھى:

«سُبْحَانَ رَبِّيَ الاَعْلي»

نى ئۈچ ياكى بەش قېتىم دەيدۇ. ئاندىن تەكبىر ئېيتقان پېتى ئۆرە بولۇپ تۈز ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەكبىر ئېيتقان پېتى ئىككىنچى سەجدىگە بېرىپ ئالدىنقى سەجدىدە دېگەن كەلىمىنى دەيدۇ ۋە قىلغان ھەرىكەتنى قىلىدۇ. ئاندىن تەكبىر ئېيتقان پېتى زېمىنغا تايانماستىنلا تىك قوپىدۇ.

ئىككىنچى رەكئەت باشلاندى: بۇنىڭدىمۇ «بىسمىللا» دەپلا «سۈرە فاتىھە» ۋە بىر سۈرە ئوقۇپ رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىدۇ. سەجدىدىن كېيىن تۈز ئولتۇرۇپ بولۇپ، ئالدى بىلەن تەشەھھۇد ئوقۇيدۇ. ئاندىن دۇرۇد شەرىف ۋە دۇئا ئوقۇپ ئاۋۋال ئوڭ تەرەپكە، ئاندىن سول تەرەپكە سالام بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى رەكئەتلىك ناماز تۈگىدى.

سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن:

«اَللَّهُمَّ اَنْتَ السَّلاَمُ وَمِنْكَ السَّلاَمُ تَبَارَكْتَ يَاذَاالْجَلاَلِ وَالاِكْرَامِ»

نى ئوقۇپ، قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىدۇ. قولنى بەك ئېگىز كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ. قولنى كۆكرەك باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ ئىككى قولنىڭ چىمچىلاق بارمىقىنى بىر ـ بىرىگە تەگكۈزمەي بىرلىك

www.munber.org

ئارىلىق قالدۇرىدۇ. دۈئانى تۈگىتىپ بولۇپ ئىككى قولنى يۈزگە سۈرتىدۇ.

س: ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا ۋە تەشەھھۇد ئوقۇغىلى تۇرغاندا قايسى تەرىقىدە ئولتۇرۇش لازىم؟

ج: ئوڭ پۇتنى تىكلەپ، ئۇنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قايرىپ ئولتۇرۇش لازىم. سول پۇتنى ياتقۇزۇپ شۇنىڭ ئۈستىگە (ساغرىسىنى شۇ ياتقۇزغان پۇتنىڭ ئۈستىگە) قويۇپ ئولتۇرۇش لازىم. ئولتۇرغاندا ئىككى قولنى يوتىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇش لازىم.

س: ئىمام، مۇنپەرىد (تەنها ناماز ئوقۇغۇچى) ۋە مۇقتەدى (ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچى) قاتارلىقلارنىڭ نامازلىرىدا بىر ئاز پەرق بارمۇ؟

ج: پەرق بار. بىرىنچى پەرق: ئىمام ۋە مۇنپەرىد بىرىنچى رەكئەتتە «سانا»دىن كېيىن «ئەئۇزۇ» ۋە «بىسمىللا»نى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ «سۈرە فاتىھە» ۋە بىر سۈرە ئوقۇيدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتە «بىسمىللا»، «سۈرە فاتىھە» ۋە بىر سۈرە ئوقۇيدۇ. لېكىن مۇقتەدى بىرىنچى رەكئەتتە «سانا»نىلا ئوقۇپ، ئىككىلا رەكئەتتە شۈككىدە تۇرۇش لازىم.

ئىككىنچى پەرق: رۇكۇدىن قوپقاندا ئىمام ۋە مۇنپەرىد

"سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ"

دەيدۇ. مۇنپەرىد

"سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ"

بىلەن بىرگە تەھمىد:

www.munber.org

"رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ"

نىمۇ دەيدۇ. لېكىن مۇقتەدى

"رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ"

لا دېيىشى لازىم.

س: سۈننەت ناماز ياكى نەفلە نامازنى ئۈچ رەكئەت ئوقۇشقا بولامدۇ؟

ج: ئۈچ رەكئەت ئوقۇشقا بولمايدۇ. ئىككى رەكئەت ياكى تۆت رەكئەت ئوقۇيدۇ.

س: رۇكۇ قىلىشنىڭ ئەڭ توغرا تەرىقىسى قايسى؟

ج: بەل بىلەن باشنى باراۋەر قىلىش لازىم (باش بەلدىن ئۈستۈن بولۇپ قالماسلىق ھەم پەسمۇ بولۇپ قالماسلىق لازىم). ئىككى قولنى بېقىندىن يىراق تۇتۇش ۋە تىزنى قول بىلەن راۋرۇس قاماللاش لازىم.

س: سەجدە قىلىشنىڭ ئەڭ توغرا تەرىقىسى قايسى؟

ج: قول بارماقلىرىنى زېمىنغا قويۇش. بىلەك ۋە جەينەكلىرىنى زېمىندىن ئۈستۈن تۇتۇش. قورسىقىنى يوتىسىدىن يىراق تۇتۇش ۋە ئىككى قولنى بېقىندىن يىراق تۇتۇش لازىم (بۇ ئىككىسى ئەرلەرنىڭ ناماز قائىدىسى).

س: ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بارماقلىرىدا نېمىنى ساناپ ئوقۇيدۇ؟

www.munber.org

ج: "سُبْحَانَ اللهِ" (سۇبھەنەللاھ) نى 33. "اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ" (ئەلھەمدۇ لىللاھ) نى 33. «اَللّٰهُ اَكْبَرُ» (ئاللاھۇ ئەكبەر) نى 34 قېتىم ئوقۇيدۇ. جەمئىي 100 بولۇپ، بۇنىڭ ساۋابى ئىنتايىن كۆپتۇر.

## ئىسلام كەلىمىلىرى

**كەلىمە تەييىبە:**

**«لاَاِلٰهَ اِلاَّاللّٰهُ مُحَمَّدٌ رَّسُوْلُ اللّٰهِ».**

**كەلىمە شەھادەت:**

**«اَشْهَدُ اَنْ لاَّاِلٰهَ اِلاَّاللّٰهُ وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ».**

**كەلىمە تەمجىد:**

**«سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلاَاِلٰهَ اِلاَّاللّٰهُ وَاللّٰهُ اَكْبَرُ وَلاَحَوْلَ وَلاَقُوَّةَ اِلاَّبِاللّٰهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيْمِ».**

**كەلىمە تەۋھىد:**

**«لاَاِلٰهَ اِلاَّاللّٰهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِى وَيُمِيْتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْئٍ قَدِيْرٌ».**

**كەلىمە رەددىل كۇپرى:**

**«اَللّٰهُمَّ اِنِّيْ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ اَنْ اُشْرِكَ بِكَ شَيْأً وَاَنَا اَعْلَمُ بِهِ وَاَسْتَغْفِرُكَ لِمَالاَاَعْلَمُ بِهِ تُبْتُ عَنْهُ وَتَبَرَّأْتُ مِنَ الْكُفْرِ وَالْمَعَاصِى كُلِّهَا اَسْلَمْتُ وَاٰمَنْتُ وَاَقُوْلُ لاَاِلٰهَ اِلاَّاللّٰهُ مُحَمَّدٌ رَّسُوْلُ اللّٰهِ».**

www.munber.org

**ئىمان مۇجمەل:** « آمَنْتُ بِاللهِ كَمَاهُوَ بِأَسْمَائِهِ وَصِفَاتِهِ وَقَبِلْتُ جَمِيْعَ أَحْكَامِهِ» .

**ئىمان مۇفەسسەل:**

« آمَنْتُ بِاللهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْقَدْرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ مِنَ اللهِ تعالى وَالْبَعْثِ بَعْدَ الْمَوْتِ» .

www.munber.org

# ئىككىنچى بۆلۈم

## بىرىنچى باب ئىسلام ئەقىدىلىرى

س: ئىسلامنىڭ ئاساسىي قىسمى نەچچە؟

ج: ئىسلامنىڭ ئاساسىي قىسمى بەش.

س: بۇ بەش ئاساسىي قىسىم قايسى ـ قايسى؟

ج: بىرىنچى كەلىمە تەييىبە. بۇنىڭدىكى مەقسەت الله تائالادىن باشقا بەرھەق مەئبۇدنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە دىلى بىلەن تەستىق قىلىپ، تىلى بىلەن ئىقرار قىلماق.

ئىككىنچى ناماز ئوقۇماق. ئۈچىنچى ئۆشرە ـ زاكات بەرمەك. تۆتىنچى رامىزان ئېيىدا ئوتتۇز كۈن روزا تۇتماق. بەشىنچى شارائىتى يار بەرسە ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلماق.

س: كەلىمە تەييىبە قايسى؟ ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟

ج: كەلىمە تەييىبە:

«لاَاِلٰهَ اِلاَّاللّٰهُ مُحَمَّدٌ رَّسُوْلُ اللّٰهِ»

(بىر اللهدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىدۇر).

س: كەلىمە شەھادەت قايسى؟ ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟

www.munber.org

ج: كەلىمە شەھادەت:

«اَشْهَدُ اَنْ لاَّاِلٰهَ اِلاَّاللّٰهُ وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ»

(بىر اللّٰەدىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوق، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللّٰه تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن).

س: مەنە ـ مەقسەتنى چۈشەنمەستىن تىلىدا بۇ كەلىمىنى ئوقۇپ قويۇش بىلەن كىشى مۇسۇلمان بولامدۇ؟

ج: بولمايدۇ. بەلكى مەنىسىنى چۈشىنىپ دىلىدا جەزىم قىلىش ۋە تىلىدا ئىقرار قىلىش زۆرۈردۇر.

س: دىلى بىلەن جەزىم ۋە تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش نىمە دېيىلىدۇ؟

ج: ئىمان كەلتۈرۈش دېيىلىدۇ.

س: گاچا ئادەم تىلى بىلەن ئىقرار قىلالمايدۇ، بۇنىڭ ئىمان كەلتۈرگەنلىكى قانداق بىلىنىدۇ؟

ج: ئۇنىڭدا تەبىئىي ئاجىزلىق بولغانلىقتىن ئىشارەت قىلىسىلا كۇپايە قىلىدۇ (اللّٰه بىردۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللّٰه تائالانىڭ پەيغەمبىرىدۇر دېگەننى ئىشارەت بىلەن ئىزھار قىلىدۇ).

س: مۇسۇلمانلار نەچچە نەرسىگە ئىمان كەلتۈرىشى زۆرۈر؟

ج: يەتتە نەرسىگە ئىمان كەلتۈرىشى زۆرۈر. بۇ يەتتە نەرسە ئىمان مۇفەسسەلدىن ئىبارەت:

www.munber.org

«اٰمَنْتُ بِاللّٰهِ وَمَلٰئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الاٰخِرِ وَالْقَدْرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ مِنَ اللّٰهِ تعالى وَالْبَعْثِ بَعْدَ الْمَوْتِ»

(اللّٰه تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا، پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا، اللّٰه تائالانىڭ كىتابلىرىغا، اللّٰه تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىنىڭ راستلىقىغا، ياخشىلىق ۋە يامانلىق اللّٰه تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈردۈم).

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادلىرى

س: مۇسۇلمانلار اللّٰهغا نىمە دەپ ئېتىقاد قىلىشى لازىم؟

ج:

1) - اللّٰه بىردۇر.

2) - ئىبادەت ۋە قۇلچىلىق قىلىشقا پەقەت اللّٰه لايىقتۇر. بۇنىڭدىن باشقىسى قۇلچىلىق قىلىشقا لايىق ئەمەس.

3) - اللّٰه نىڭ ھېچ شېرىكى يوق.

4) - اللّٰه ئاسمان - زېمىن، ئاي - كۈن، يۇلتۇزلار، پەرىشتىلەر، ئىنسان، جىن، جۇملىدىن بارلىق كائىناتنى ياراتتى، پۈتۈن جاھاننىڭ ئىگىسىدۇر.

5) - اللّٰه ئۆلتۈرىدۇ ۋە تىرىلدۈرىدۇ. مەخلۇقاتنىڭ تىرىكلىكى ۋە ئۆلۈمى شۇ زاتنىڭ ئەمرى بىلەن بولىدۇ.

6) - اللّٰه ھەممە جانلىققا رىزق بېرىدۇ.

7) - ئۇ يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، ئۇخلىمايدۇ.

www.munber.org

8) ـ الله ئەزەلدىن ئۆزى بار، مەڭگۈ هاياتتۇر.

9) ـ ئۇنى باشقا بىرسى پەيدا قىلمىدى.

10) ـ اللهنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئوغۇل قىزلىرى، خوتۇنى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولمايدۇ. بۇنداق نەرسىلەردىن پاكتۇر ھەم ئېھتىياجى يوقتۇر.

11) ـ ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا مۇھتاجدۇر، ئۇ مۇھتاج ئەمەستۇر، ئۇنىڭ ھېچقانداق نەرسىگە هاجىتى يوقتۇر.

12) ـ ئۇنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە ئوخشىمايدۇ.

13) ـ ئۇ جىمى ئەيىبتىن پاكتۇر.

14) ـ ئۇ مەخلۇقاتتەك قول، پۇت، بۇرۇن، قۇلاق قاتارلىقلاردىن پاكتۇر.

15) ـ ئۇ دۇنيانىڭ ئىنتىزاملىرى ۋە خۇسۇسىي ئىشلارنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى ياراتتى.

16) ـ ئۇ بەندىلىرىنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن كىشىلەرگە توغرا دىننى ئۆگىتىدىغان ياخشى ئىشلارنى بىلدۈرىدىغان، يامان ئىشلاردىن ياندۇرىدىغان پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى، دەپ ئېتىقاد قىلىش لازىم.

## پەرىشتىلەر

س: پەرىشتە دىگەن نىمە؟

ج: پەرىشتە اللهنىڭ نۇردىن ئاپىرىدە قىلغان مەخلۇقى

www.munber.org

بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ كۆرۈشىمىزدىن غايىب (بىز ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز). ئۇلار ئەركەك ـ چىشى بولمايدۇ. ئۇلار اللّٰهغا ئاسىيلىق قىلمايدۇ ھەم گۇناھ قىلمايدۇ. ئۇلارنى اللّٰه قايسى ئىشقا تەيىنلىسە، باش تارتماستىن شۇ ئىشنى تەلەپكە لايىق ئورۇندايدۇ.

س: پەرىشتە نەچچە؟

ج: پەرىشتىلەرنىڭ سانىنى اللّٰهدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىن اللّٰهغا ئەڭ يېقىن مەشھۇر تۆت پەرىشتە بار.

س: بۇ مەشھۇر تۆت پەرىشتە قايسى؟

ج: بىرىنچى ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام، بۇ اللّٰهنىڭ كىتابلىرىنى ۋە ئەمرى ـ پەرمانلىرىنى پەيغەمبەرلەرگە ئېلىپ كېلىشكە مەسئۇل پەرىشتىدۇر.

ئىككىنچى ھەزرىتى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام، بۇ قىيامەت بولىدىغاندا سۇر پۈۋلەشكە مەسئۇل پەرىشتىدۇر.

ئۈچىنچى ھەزرىتى مىكائىل ئەلەيھىسسالام، بۇ يامغۇر ياغدۇرۇش ۋە رىزىقنى مەسئۇل پەرىشتىدۇر.

تۆتىنچى ھەزرىتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام، بۇ مەخلۇقنىڭ جېنىنى ئېلىشقا مەسئۇل پەرىشتىدۇر.

## ئالاھنىڭ كىتابلىرى

س: اللّٰه نىڭ كىتابلىرى نەچچە؟

www.munber.org

ج. اللّٰه نىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇپ نۇرغۇن كىتابلىرى پەيغەمبەرلەرگە نازىل بولغان. لېكىن چوڭ كىتابلار كىتاب، كىچىك كىتابلار سەھىپە دېيىلىدۇ. تۆت چوڭ كىتاب مەشھۇر.

س. تۆت مەشھۇر كىتاب قايسى؟ ئۇ كىم ـ كىمگە نازىل قىلىنغان؟

ج. بىرىنچى تەۋرات، بۇ ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان. ئىككىنچى زەبۇر، بۇ ھەزرىتى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان. ئۈچىنچى ئىنجىل، بۇ ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان. تۆتىنچى قۇرئان، بۇ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان.

س. سەھىپە نەچچە؟ كىم ـ كىمگە نازىل بولغان؟

ج. سەھىپىلەرنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. لېكىن بىر قىسمى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا. يەنە بىر قىسمى ھەزرىتى شىيس ئەلەيھىسسالامغا. يەنە بىر قىسمى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان. بۇلاردىن باشقىمۇ سەھىپىلەر بار بولۇپ، بۇ بەزى پەيغەمبەرلەرگە نازىل بولغان.

## ئاللاھنىڭ رەسۇلى (پەيغەمبىرى)

س. رەسۇل دېگەن كىم؟

ج. رەسۇل دېگەن اللّٰه بەندىلىرىگە ئۆز پەرمانىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئىنسانلىڭ ئىچىدىن تاللاپ بېكىتكەن پەيغەمبەردۇر. ئۇلار راست سۆزلەيدۇ. يالغان سۆز ئۇلاردىن سادىر بولمايدۇ. گۇناھ قىلمايدۇ. اللّٰهنىڭ ئەمرى بىلەن مۆجىزە كۆرسىتىدۇ. اللّٰهنىڭ پەرمانلىرىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ،

www.munber.org

چۈشۈرۈلگەن پەرمانىنى كەم ـ زىيادە قىلىپ قويمايدۇ. بىرەر پەرمانىنى يوشۇرۇپ قويمايدۇ.

س: نەبى دېگەن كىم؟

ج: نەبى دېگەنمۇ رەسۇلغا ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتەيدىغان پەيغەمبەردۇر.

س: نەبى ۋە رەسۇلدا پەرق بارمۇ؟

ج: نەبى ۋە رەسۇلدا ئازغىنە پەرق بار: يېڭى شەرىئەت ۋە يېڭىدىن كىتاب چۈشۈرۈلگەن پەيغەمبەر رەسۇل دېيىلىدۇ. ھەر قانداق پەيغەمبەر نەبى دېيىلىدۇ، ئۇنىڭغا يېڭىدىن شەرىئەت ۋە كىتاب چۈشۈرۈلمىگەن بولسا، ئالدىنقى پەيغەمبەرگە چۈشكەن كىتابقا ۋە شەرىئەتكە ئەگىشىدۇ.

س: بىر ئادەم ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە ئىبادىتى بىلەن نەبى بولالامدۇ؟

ج: بولالمايدۇ. بەلكى الله نەبى قىلسا بولالايدۇ. بۇ مەرتىۋە الله تەرىپىدىنلا ئاتا قىلىنىدۇ.

س: رەسۇل ۋە نەبى قانچە؟

ج: دۇنيادا كۆپلىگەن رەسۇل ۋە نەبىلەر كەلگەن. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا سانىنى الله ئۆزى بىلىدۇ. الله نەچچە پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولسا، بىز ھەممىسىگە بىردەك ئايرىپ قويماستىن ھەممىسىنى بەرھەق پەيغەمبەر دەپ ئىمان كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

س: تۇنجى پەيغەمبەر كىم؟

ج: تۇنجى پەيغەمبەر ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام.

www.munber.org

س: ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر كىم؟

ج: ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كېلەمدۇ؟

ج: كەلمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلىك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ پەيغەمبەردىن كېيىن قىيامەت بولغىچە يېڭىدىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. بۇ پەيغەمبەردىن كېيىن بىراۋ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلسا، ئۇ يالغانچىدۇر.

س: ھەممىدىن قايسى پەيغەمبەر ئەۋزەل؟

ج: بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەممە پەيغەمبەردىن ئەۋزەل.

## قىيامەتنىڭ بايانى

س: قىيامەت دېگەن نېمە؟

ج: پۈتۈن ئادەم ۋە جانلىقلار ئۆلۈپ، ئالەم ـ جاھان كۆكۈم ـ تالقانغا ئايلىنىپ، تاغلار توزغاقتەك توزۇپ، يۇلتۇزلار تۆكۈلۈپ يوقۇلىدىغان كۈننى قىيامەت دەيدۇ. دېمەك، پۈتۈن شەيئىلەر تۈگەيدۇ.

س: ئىنسان ۋە جانلىقلار قانداق ئۆلىدۇ؟

ج: ھەزرىتى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەمرى بىلەن سۇر پۈۋلەيدۇ. بۇنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ۋە قاتتىق

www.munber.org

چىقىدۇكى، ئۇنىڭ قاتتىق چىققان ئاۋازىدىن ھەممە نەرسە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

س: قىيامەت قاچان كېلىدۇ؟

ج: قىيامەت جەزمەن كېلىدۇ، كېلىشتە شەك يوق. لېكىن ئۇنىڭ كېلىشىدىكى ئەينەن ۋاقتىنى اللەدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. جۈمە كۈنى ۋە مۇھەررەمنىڭ ئونىنچى كۈنى بولىدۇ، دەپ مۇشىنچىلىكلا مەلۇمدۇر. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىيامەت يېقىن قالغاندا بولىدىغان ئالامەتلەرنى ئۇقتۇردى.

س: قىيامەت يېقىن قالغاندا بولىدىغان ئالامەت قايسى؟

ج: بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە مۇنداق كەلگەن:

1) ـ دۇنيادا گۇناھ كۆپىيىدۇ.

2) ـ ئىنسانلار ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىغا بىھۆرمەتلىك قىلىدۇ، سۆزگە ئۇنىمايدۇ.

3) ـ ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ.

4) ـ ناخشا ـ مۇزىكىلار، ئۇسۇل ـ تاماشىلار، رەڭگا ـ رەڭ ئويۇنلار كۆپىيىدۇ.

5) ـ كېيىنكىلەر ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغ زاتلارنى كەمسىتىدۇ.

6) ـ بىلىمسىز ياكى بىلىمى تۆۋەن كىشىلەر پېشىۋا بولىدۇ.

7) ـ ئۆمرىدە يادا بېقىپ ئۆتكەن (تېگى پەس ئادەملەر) ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش پەس كىشىلەر ئېگىز ـ ئېگىز

www.munber.org

قەۋەتلىك بىنالارنى سالىدۇ (نامراتلار پۇل ـ مالغا ئېرىشىدۇ، خارلار ئېزىز بولىدۇ).

8) ـ لاياقەتسىز كىشىلەر ھوقۇق ۋە ئەمەل تۇتىدۇ.

## تەقدىرنىڭ بايانى

س: تەقدىر دېگەن نىمە؟

ج: ھەر قانداق ياخشى ـ يامان ئىشلار اﷲنىڭ ئىلمىدە بېكىتىلىپ بولغاندۇر. اﷲ ھەر نەرسىنى يارىتىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ سىرىنى بىلىدۇ، اﷲنىڭ مۇشۇ ئىلمى تەقدىر دېيىلىدۇ. ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىق اﷲنىڭ ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەس.

## ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش

س: ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش دېگەن نىمە؟

ج: قىيامەت بولغاندا ھەممە نەرسە تۈگەيدۇ. ئاندىن ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم سۇر پۈۋلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە نەرسە بارلىققا كېلىدۇ. شۇ قاتاردا ئادەممۇ تىرىلىدۇ. مەھشەرگاھدا ھەممە ئادەملەر اﷲنىڭ ئالدىغا توغرا قىلىنىدۇ. اﷲ ئۇلاردىن ھىساب ئېلىپ ياخشى ـ يامان ئىشلىرىغا قارىتا مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ كۈننى

يَوْمَ الْحَشْرِ (جەمئىي قىلىش كۈنى).

www.munber.org

يَوْمَ الْجَزَاءِ ۋە يَوْمَ الدِّيْنِ (جازالاش ۋە مۇكاپاتلاش كۈنى)

ۋە يَوْمَ الْحِسَابِ (ھېساب كۈنى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

س: ئىمان مۇفەسسەلدە يەتتە نەرسە تىلغا ئېلىنىدى، ئۇ يەتتە نەرسىنىڭ ئىچىدىن بىر - ئىككىسىگە قايىل بولمىسا ئۇ مۇسۇلمان بولامدۇ؟

ج: ھەممىسىگە بىردەك ئىمان كەلتۈرمىگىچە قەتئىي مۇسۇلمان بولالمايدۇ.

س: پەيغەمبىرىمىز ئىسلامنىڭ ئاساسىي قىسمى بەش دېدى. بۇنىڭ ئىچىدە پەرىشتىلەر، ﷲنىڭ كىتابلىرى، قىيامەت ۋە تەقدىر قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنمىدىغۇ؟

ج: ئۇ بەش نەرسىدە رەسۇلۇللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش تىلغا ئېلىنغاندۇر. كىمكى رەسۇلۇللاھقا ئىمان كەلتۈرسە، ئۇ كىشىگە رەسۇلۇللاھ ئۇقتۇرغان بارلىق سۆزلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش زۆرۈر بولىدۇ. ﷲنىڭ كىتابى «قۇرئان كەرىم» رەسۇلۇللاھقا چۈشتى. بۇنىڭغىمۇ ئىمان كەلتۈرۈش زۆرۈر بولىدۇ،ئەلۋەتتە.

س: ئاشۇ ھەممە سۆزلەرگە قايىل بولۇپ، دىلىدا جەزىم قىلىپ تىلىدا ئىقرار قىلىپ، لېكىن ناماز ئوقۇمىسا، زاكات بەرمىسە، روزا تۇتمىسا ياكى ھەج قىلمىسا بۇ مۇسۇلمانمۇ؟

ج: ھەئە مۇسۇلمان. لېكىن ﷲنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. بۇنداق كىشى پاسىق دېيىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆز گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىپ بولغاندىن كېيىن ﷲ رەھىم قىلىپ قالسا، ئاخىرىدىراق نىجات تېپىپ قېلىشى مۇمكىن.

www.munber.org

# ئىككىنچى باب ئىسلام ئەمەللىرى

س: ئىسلام ئەمەللىرى قايسى؟

ج: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەش نەرسە ئىسلامنىڭ ئۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرىنچىسى ئىمان دېيىلىدۇ. بۇ بىرىنچى بابتا (ئىسلام ئەقىدىلىرى دېگەن بابتا) بايان قىلىنىپ بولدى. قالغان تۆت ئەمەل (ناماز، زاكات، رامزان ۋە ھەج قاتارلىقلار) ئىسلام ئەمەللىرى دېيىلىدۇ. بۇ ئىككىنچى بابتا ناماز بايان قىلىنىدۇ.

س: ناماز دېگەن نېمە؟

ج: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەندىلەرگە بىلدۈرگەن ئىبادەت ۋە قۇلچىلىق قىلىشنىڭ خۇسۇسىي يولى ناماز دېيىلىدۇ.

س: ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى نەچچە نەرسە زۆرۈر؟

ج: ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى يەتتە نەرسە زۆرۈر. بۇلارسىز ناماز بولمايدۇ. بۇ نەرسىلەرنى نامازنىڭ شەرتى ۋە پەرزى دېيىلىدۇ.

س: ئۇ يەتتە شەرت قايسى؟

ج:

1) ـ بەدەننىڭ پاك بولۇشى.

2) ـ كىيىم ـ كېچەكنىڭ پاك بولۇشى.

3) ـ جاينىڭ پاك بولۇشى.

4) ـ ئەۋرەتنى يېپىش.

www.munber.org

5) ـ ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى.

6) ـ قىبلە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش.

7) ـ نىيەت قىلىش.

## نامازنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ بايانى

س: بەدەننى پاك قىلىش دېگەن نېمە؟

ج: بەدەندە ھېچقانداق نىجاسەت بولماسلىق.

س: نىجاسەت نەچچە خىل؟

ج: ئىككى خىل: بىرى ھەقىقىي نىجاسەت يەنە بىرى مەنىۋى نىجاسەت.

س: ھەقىقىي نىجاسەت قايسى؟

ج: كۆزگە كۆرۈنىدىغان ئاشكارا نىجاسەت ھەقىقىي نىجاسەتتۇر. مەسىلەن: چوڭ ـ كىچىك تەرەت، قان، ھاراق قاتارلىقلار.

س: مەنىۋى نىجاسەت قايسى؟

ج: شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بىلەن نىجاسەتلىكى ئىسپاتلانغان. لېكىن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نىجاسەت مەنىۋى نىجاسەت دېيىلىدۇ. مەسىلەن: تاھارەتسىزلىك، غۇسۇلغا ھاجەتى بولۇش قاتارلىقلار.

س: ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قايسى نىجاسەتتىن بەدەننى پاك قىلىش شەرت؟

www.munber.org

ج: ئىككىلا خىلدىكى نىجاسەتتىن بەدەننى پاك قىلىش شەرت.

س: مەنىۋى نىجاسەت نەچچە خىل؟

ج: ئىككى خىل: بىرى، كىچىك مەنىۋى نىجاسەت، بۇنى حَدَث اَصْغَر (تاھارەتسىزلىك) دېيىلىدۇ. يەنە بىرى چوڭ مەنىۋى نىجاسەت بولۇپ، بۇنى حَدَث اَكْبَر (جىنابەت) دېيىلىدۇ.

س: كىچىك مەنىۋى نىجاسەتتىن بەدەن قانداق پاك بولىدۇ؟

ج: تاھارەت ئېلىش بىلەن كىچىك مەنىۋى نىجاسەتتىن بەدەن پاك بولىدۇ.

## تاھارەتنىڭ بايانى

س: تاھارەت دېگەن نېمە؟

ج: كىشى ناماز ئوقۇشنى ئىرادە قىلسا، ئالدى بىلەن پاك قاچىغا پاك سۇ ئالىدۇ. دەسلەپتە ئىككى قولىنى بېغىشىغىچە يۇيىدۇ. كەيىندىن ئېغىزىنى ئۈچ قېتىم چايقاش بىلەن بىرگە مىسۋاك قىلىدۇ. بۇنىڭ كەيىندىن بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئالىدۇ. يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ. ئىككى قولىنى جەينەك بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ. باشقا ۋە قۇلاققا مەسھە قىلىدۇ. ئاندىن ئىككى پۇتىنى ئوشۇق بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ. بۇلار تاھارەت دېيىلىدۇ.

س: تاھارەتتە مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھەممىسى زۆرۈرمۇ؟

www.munber.org

ج: تاھارەتتە بەزىلىرى زۆرۈر، بۇنى تەرك ئەتسە تاھارەت بولمايدۇ، بۇ پەرز دېيىلىدۇ. بەزىلىرىنى تەرك قىلىش بىلەن تاھارەت بولىۋېرىدۇ لېكىن كامىل بولماي قالىدۇ، بۇ سۈننەت دېيىلىدۇ. تەرك ئېتىش بىلەن كەم بولۇپ قالمايدىغان بىر خىلى بار، بۇ مۇستەھەب دېيىلىدۇ.

س: تاھارەتنىڭ پەرزى قانچە؟

ج: تاھارەتنىڭ پەرزى تۆت:

1) ـ يۈزىنى يۇماق (پېشانىنىڭ چاچ چىققان يېرىدىن ئېڭەكنىڭ ئاستى ۋە توغرىسىغا ئىككى قۇلاقنىڭ ئارىلىقىدىن ئىبارەت يۈز قىسمىنى يۇماق).

2) ـ ئىككى قولنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇماق.

3) ـ باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھ قىلماق.

4) ـ ئىككى پۇتنى ئوشۇق بىلەن قوشۇپ يۇماق.

س: تاھارەتنىڭ سۈننىتى قانچە؟

ج: تاھارەتنىڭ سۈننىتى ئون ئۈچ:

1) ـ نىيەت قىلىش.

2) ـ «بىسمىللاھ» دېيىش.

3) ـ ئىككى قولنى بىغىشىغىچە يۇيۇش.

4) ـ مىسۋاك قىلىش.

5) ـ ئېغىزنى ئۈچ قېتىم چايقاش.

6) ـ بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ چايقاش.

7) ـ ساقالنىڭ ئارىلىقىغا بارماقلىرىنى كىرگۈزۈش.

www.munber.org

8) ـ قول ۋە پۇتنىڭ بارمىقىنىڭ ئارىلىقىغا بارمىقىنى كىرگۈزۈش.

9) ـ ھەر بىر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش.

10) ـ قولنى ھۆل قىلىپ باشنىڭ ھەممە يېرىگە بىر قېتىم مەسھ تارتىش.

11) ـ ئىككى قۇلاققا مەسھ قىلىش.

12) ـ تاھارەتنى تەرتىپ بىلەن ئېلىش.

13) ـ ھەر بىر ئەزانى ئارقىمۇئارقا (بىر ئەزا قۇرۇپ قالغىچە يەنە بىر ئەزانى) يۇيۇش.

س: تاھارەتنىڭ مۇستەھەبلىرى قانچە؟

ج: تاھارەتنىڭ مۇستەھەبلىرى بەش:

1) ـ ھەر بىر ئەزانى يۇغاندا ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ يۇيۇش. مەسىلەن: ئوڭ پۇت، ئوڭ قول. بەزى ئۆلىمالار بۇنى سۈننەت قاتارىدا ھېسابلايدۇ، مۇشۇ قاراش ئەڭ كۈچلۈك.

2) ـ گەدىنىگە مەسھ قىلىش.

3) ـ تاھارەتنى ئۆزى ئېلىش (باشقىلارغا ئالدۇرماسلىق).

4) ـ قىبلە تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ تاھارەت ئېلىش.

5) ـ پاك ھەم ئېگىز جايدا ئولتۇرۇپ تاھارەت ئېلىش.

س: تاھارەتتە نەچچە ئىش مەكرۇھ؟

ج: تاھارەتتە تۆت ئىش مەكرۇھ:

1) ـ پاسكىنا جايدا ئولتۇرۇپ تاھارەت ئېلىش.

www.munber.org

2) ــ بۇرۇننىڭ سۈيىنى ئـوڭ قولى بىلەن مىشقىرىپ چىقىرىش.

3) ـ تاھارەت ئېلىۋېتىپ دۇنيا سۆزى قىلىش.

4) ـ سۈننەتكە زىت تاھارەت ئېلىش.

س: نەچچە ئىش بىلەن تاھارەت سۇنىدۇ؟

ج: سەككىز ئىش بىلەن تاھارەت سۇنىدۇ، بۇلار نَـوَاقِضُ الْوُضُوْءِ (تاھارەت بۇزغۇچى ئامىللار) دېيىلىدۇ:

1) ـ چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش (ئالدى ـ كەينى ئەزادىن بىر نەرسە چىقىش).

2) ـ يەل.

3) ــ بەدەننىڭ بىرەر يېرىدىن قان، يىرىڭ، زەرداپ قاتارلىقلار ئېقىش.

4) ـ ئېغىز توشقىچە قۇسۇش.

5) ـ يېنىچە ياكى بىر نەرسىگە يۆلىنىپ ئۇخلاش.

6) ـ ھوشسىزلىق.

7) ـ ساراڭلىق.

8) ـ نامازدا تۇرۇپ قاقاقلاپ ياكى ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلۈش.

## غۇسۇلنىڭ بايانى

س: چوڭ مەنىۋى نىجاسەت (جىنابەت) تىن بەدەن قانداق پاك بولىدۇ؟

www.munber.org

ج: غۇسۇل قىلىش بىلەن بەدەن جىنابەتتىن پاك بولىدۇ.

س: غۇسۇل دېگەن نېمە؟

ج: غۇسۇلنىڭ مەنىسى يۇيۇنماق دېگەنلىك. لېكىن شەرىئەتتە بۇنىڭ خاس يولى بار.

س: غۇسۇلنىڭ خاس يولى قايسى؟

ج: غۇسۇلنىڭ خاس يولى تۆۋەندىكىچە: ئالدى بىلەن ئىككى قولنى بېغىشقىچە يۇيۇپ، ئىستىنجا قىلىدۇ. ئارقىدىن بەدەندىكى كۆزگە كۆرۈنگەن نىجاسەتنى يۇيۇۋېتىپ، تاھارەت ئالىدۇ. ئاخىرىدا پۈتۈن بەدىنىگە ئاز ـ ئازدىن سۇ قۇيۇپ بەدىنىنى قولى بىلەن ئۈچ قېتىم سىلاپ يۇيىدۇ. مانا بۇ غۇسۇل دېيىلىدۇ.

س: غۇسۇلنىڭ پەرزى قانچە؟

ج: غۇسۇلنىڭ پەرزى ئۈچ:

1) ـ ئېغىز چايقاش.

2) ـ بۇرنىغا سۇ ئېلىش.

3) ـ بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى بىر تۈك مىقدارىمۇ ئالا قويماي يۇيۇش.

س: بەدىنىنى يۇيىدىغاندا ئېغىز ۋە بۇرنىغا قايتا سۇ ئېلىش زۆرۈرمۇ؟

ج: تاھارەتتە سۇ ئالغىنىكەن، ئەمدى قايتا سۇ ئېلىش زۆرۈر ئەمەس.

www.munber.org

# ئاياغقا مەسھ قىلىشنىڭ بايانى

س: قايسى خىلدىكى ئاياغلارغا مەسھ قىلىش دۇرۇس؟

ج: ئۈچ خىل ئاياغقا مەسھ قىلىش دۇرۇس:

1) ـ ئىنسان ۋە توخگۇزدىن باشقا هايۋاننىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن ۋە ئۈستىگە باشقا ئاياغ كىيمىگەندىمۇ پىيادە ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە چىدايدىغان ھەم ئۆشۈقنى ياپىدىغان ئاياغقا مەسھ قىلىش دۇرۇس.

2) ــ چەمى ۋە باشلىقىغا تېرە قاپلانغان، سۇ شۈمۈرىۋالمايدىغان ۋە ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە چىدايدىغان ئوشۇقنى ياپقۇچى پىيمىغا مەسھ قىلىش دۇرۇس.

3) ــ ئەستىرى يۇڭ ياكى رەخت بولسىمۇ، قېلىن سىرلىۋېتىلگەن ياكى قېلىن رېزىنكە بىلەن قاپلىۋېتىلگەن ھەم ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە چىدايدىغان ئوشۇق ياپقۇچى ئاياغقىمۇ مەسھ قىلىش دۇرۇس. ئەمما ھازىرقى زاماندىكى لاتا پايپاققا مەسھ قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

س: ئاياغقا قاچان مەسھ قىلىش دۇرۇس؟

ج: تاھارەت ئېلىپ كىيىۋالغان ئاياغقا قايتا تاھارەت ئالغاندا مەسھ قىلىش دۇرۇس. يەنە بىرى تاھارەت ئېلىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن پۇتنى يۇيۇپ كىيىۋالغان بولسا، مۇنداق ئاياغقىمۇ كېيىن تاھارەت ئالغاندا مەسھ قىلىش دۇرۇس.

س: بىر كىيىۋالغان ئاياغقا قانچە كۈنگىچە مەسھ قىلىش دۇرۇس؟

www.munber.org

ج: مۇقىمغا بىر كېچە ـ كۈندۈز. مۇساپىر (يولۇچى) غا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مەسھ قىلىش دۇرۇس.

س: ئاياغنىڭ قايسى تەرىپىگە مەسھ قىلىش لازىم؟

ج: ئۈستىگە (باشلىقىغا) مەسھ قىلىش لازىم. چەمگە ياكى ئارقا تەرەپكە مەسھ قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

س: تاھارەت ۋە غۇسۇل ئىككىلىسىدە ئاياغقا مەسھ قىلىش دۇرۇسمۇ؟

ج: تاھارەتتە ئاياغقا مەسھ قىلىش دۇرۇس. غۇسۇلدا دۇرۇس ئەمەس.

س: مەسھنى قايسى ئۇسۇلدا قىلىدۇ؟

ج: قول بارماقلىرىنى ھۆل قىلىپ ئۈچ بارماقنى پۇتنىڭ ئۇچىغا قويۇپ ئاياغنىڭ بوغۇز تەرىپىگە تارتىدۇ. تارتىش مىقدارى قول بارمىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا بولسا بولىدۇ.

س: يىرتىق ئاياغقا مەسھ قىلىش دۇرۇسمۇ؟

ج: ئاياغدا پۇت بارماقلىرىدىن كىچىك ئۈچ بارماق مىقدارى كەلگۈدەك يىرتىق ۋە تۆشۈك بولۇپ، بۇنىڭدا پۇت ئېچىلىپ قالسا ياكى ماڭغاندا ئېچىلىپ قالسا، مۇنداق ئەھۋالدا مەسھ قىلىش دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر تۆشۈك بۇنىڭدىن كىچىك بولسا مەسھ قىلىش دۇرۇس. تىكىشى ئۈچ بارماق كەلگۈدەك يىرتىلىپ كېتىپتۇ، لېكىن ئەت كۆرۈنۈپ قالمىسا ھەم ماڭغاندا ئېچىلىپ قالمىسا (ھەم تۇرسا) مۇنداق ئەھۋالدا مەسھ قىلىش دۇرۇس.

س: بىر پاي ئاياغنىڭ يىرتىقى جەملىنەمدۇ ياكى ئىككى پاي ئاياغنىڭ يىرتىقى جەملىنەمدۇ؟

www.munber.org

ج: بىر پاي ئاياغنىڭ يېرىقى جەملىنىدۇ.

## جەبىرە (جاراھەتنىڭ تېڭىقى) گە مەسھ قىلىشنىڭ بايانى

س: جەبىرە دېگەن نېمە؟

ج: سۇنغان ئۇستىخاننى رۇس قىلىش ئۈچۈن ئۇستىخانغا چاپلاپ تاڭغان خەشەك جەبىرە دېيىلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە جاراھەتكە تېڭىلغان تېڭىقنى كۆرسىتىدۇ.

س: جەبىرەگە مەسھ قىلىشنىڭ ھۆكمى قانداق؟

ج: جاراھەت ساقايمىغان بولسا جەبىرەگە مەسھ قىلىش دۇرۇس.

س: جەبىرەنىڭ قانچىلىك يېرىگە مەسھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؟

ج: ھەممىلا يېرىگە (ئاستى ـ ئۈستىگە ) مەسھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تاھارەتتە يۇيۇلىدىغان ئەزالارغا قارىتىلغان ھۆكۈم. غۇسۇلدا بولسا بەدەننىڭ قايسى يېرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەسھ قىلىدۇ.

س: تېڭىقنى يېشىۋېتىش بىلەن زەرەر قىلمىسا، ھۆكمى نېمە؟

ج: جاراھەتنى يۇسا، سۇ زىيان قىلمىسا يۇيۇش زۆرۈر. ئەگەر سۇ بىلەن يۇسا سۇ زىيان قىلىدىكەن، لېكىن مەسھ قىلسا زىيان قىلمايدىكەن. مۇنداق ئەھۋالدا جاراھەتنىڭ ئۆزىگە مەسھ قىلىش ۋاجىپتۇر. جاراھەتكە مەسھمۇ زىيان قىلسا ئۇنداقتا تېڭىۋېلىپ شۇ تېڭىققا مەسھ قىلىدۇ.

www.munber.org

# ھەقىقىي نىجاسەتنىڭ بايانى

س: ھەقىقىي نىجاسەت نەچچە خىل؟

ج: ئىككى خىل: بىرى ئېغىر نىجاسەت يەنە بىرى يەڭگىل نىجاسەت.

س: قانداق نەرسە ئېغىر نىجاسەت؟

ج: ئادەمنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن چىققان چوڭ ـ كىچىك تەرەت، ھايۋاننىڭ تېزىكى، ھارام ھايۋاننىڭ سۈيدۈكى، ئادەم ۋە ھايۋاندىن ئاققان قان، ھاراق، توخۇ ۋە ئۆردەكنىڭ پوقى قاتارلىقلار ئېغىر نىجاسەت بولىدۇ.

س: ئېغىر نىجاسەت قانچىلىك مىقداردا بولسا ئەپۇ قىلىنىدۇ؟

ج: ئېغىر نىجاسەت قويۇق بولسا. مەسىلەن: گەندە. چوڭلۇقى بىر تەڭگە مىقدارى، ئېغىرلىقى 6.3 گرام چاغلىق بولسا ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئېغىر نىجاسەت سۇيۇق بولسا (ھاراق، سۈيدۈككە ئوخشاش) بۇ ئالقان مىقدارى يېيىلغان بولسا ئەپۇ قىلىنىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىدەك نىجاسەت بەدەن ياكى كىيىم ـ كېچەككە تېگىپ قالسا، تېگىپ قالغاننى ئۇقماي ناماز ئوقۇپ قالسا ناماز مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ. يۇقىرىقىدەك نىجاسەتنى قەستەن يۇقتۇرۇپ قويسا ياكى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ پەرۋا قىلمىسا ناماز دۇرۇس بولمايدۇ.

س: يەڭگىل نىجاسەت قايسى؟

ج: يەڭگىل نىجاسەت ھالال ھايۋاننىڭ سۈيدۈكى ۋە ھارام ئۇچار ـ قۇشلارنىڭ پوقى يەڭگىل نىجاسەتتۇر.

www.munber.org

س: يەڭگىل نىجاسەت قانچىلىك بولسا ئەپۇ قىلىنىدۇ؟

ج: كىيىمنىڭ تۆتتىن بىرى ياكى ئەزادىن تۆتتىن بىرىدىن كەم بولسا ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئىككىلا مەسىلىدە بىلمەي قېلىپ ناماز ئوقۇپ قالغان بولسا ئەپۇ قىلىنىدۇ. بىلىپ قالسا يۇمىسا بولمايدۇ.

س: ھەقىقىي نىجاسەتتىن كىيىم ياكى بەدەن قايسى ئۇسۇلدا پاك بولىدۇ؟

ج: ھەقىقىي نىجاسەت (بۇ ئېغىر نىجاسەتتىن بولسۇن ياكى يەڭگىل نىجاسەتتىن بولسۇن) كىيىمدە ياكى بەدەندە بولسا، سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم يۇغاندا پاك بولىدۇ. كىيىمنى ئۈچ قېتىم سىقىشمۇ زۆرۈر.

س: سۇدىن باشقا نەرسە بىلەن پاك بولامدۇ؟

ج: پاك بولىدۇ، شۇ نەرسە سۇيۇق ئاقىدىغان بولسا مەسىلەن: سىركە، مېۋە ـ چېۋە سۈيى. مۇشۇنداق سۇيۇق نەرسە بىلەن يۇيۇش بىلەنمۇ ھەقىقىي نىجاسەت پاك بولىدۇ.

www.munber.org

## ئىستىنجانىڭ بايانى

س: ئىستىنجا دېگەن نېمە؟

ج: چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلغاندىن كېيىن، شۇ جاينى پاك قىلغانلىقى (مەيلى ئۇنى چالما ـ قەغەز بىلەن پاكلىسۇن، مەيلى سۇ بىلەن پاكلىسۇن) ئىستىنجا دېيىلىدۇ.

س: كىچىك تەرەت قىلغاندىن كېيىن ئىستىنجا قىلىشنىڭ تەرتىپى نېمە؟

ج: كىچىك تەرەتتىن كېيىن پاك چالما بىلەن سۈيدۈكنى قۇرۇتۇپ ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ بىلەن يۇيۇش لازىم.

س: چوڭ تەرەت قىلغاندىن كېيىن قانداق ئىستىنجا قىلىدۇ؟

ج: چوڭ تەرەت قىلغاندىن كېيىن ئۈچ تال ياكى بەش تال چالما بىلەن مەقئەتنى تازىلاپ، ئاندىن سۇ بىلەن يۇيىدۇ.

س: ئىستىنجا قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: چوڭ تەرەت ياكى كىچىك تەرەت (سۈيدۈك) ئۆزىنىڭ چىققان ئورنىدىن چۆرىسىگە يېيىلىپ كەتمىسە، سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىش مۇستەھەب. نىجاسەت چۆرىسىگە بىر تەڭگە مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىن كەم يەرگە يېيىلىپ كەتسە، سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىش سۈننەت. ئەگەر بىر تەڭگە مىقدارىدىن كۆپ يەرگە يېيىلىپ كەتسە، سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىش پەرزدۇر.

س: ئىستىنجانى نېمە بىلەن قىلىش لازىم؟

ج: پاك چالما ياكى تاش بىلەن پاكىزلاش لازىم.

س: نېمە بىلەن پاكىزلاش مەكرۇھ؟

ج: سۆڭەك، تېزەك، يېمەكلىككە تەۋە نەرسىلەر، كۆمۈر، رەخت، قەغەز قاتارلىقلاردا پاكىزلاش مەكرۇھ (تازىلىق قەغىزى بۇنىڭدىن مۇستەسنا).

س: ئىستىنجانى قايسى قول بىلەن قىلىش لازىم؟

ج: سول قول بىلەن ئىستىنجا قىلىش لازىم. ئوڭ قول بىلەن قىلىش مەكرۇھ.

www.munber.org

# سۇنىڭ بايانى

س: قايسى خىلدىكى سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش دۇرۇس؟

ج: يامغۇر سۈيى، بۇلاق سۈيى، قۇدۇق سۈيى، ئېقىن سۇ، دەريا، دېڭىز سۈيى، ئېرىگەن مۇز، مۆلدۈر، قار سۈيى، چوڭ كۆل ياكى شەرىئەت ئۆلچىمىگە توغرا كېلىدىغان كۆل سۈيى قاتارلىقلار بىلەن تاھارەت ۋە غۇسۇل قىلىش دۇرۇس.

س: قانداق سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش دۇرۇس بولمايدۇ؟

ج: مېۋە ـ چېۋە سۈيى، دەرەختىن ئاققان سۇ، شورپا سۈيى، پاك نەرسە چۈشۈش ئارقىلىق رەڭگى، بۇيى، تەمى قاتارلىقلار ئۆزگىرىپ كەتكەن سۇ، سۈيۈقلۇق تەبىئىتىدىن چىقىپ قويۇلۇپ قالغان سۇ، نىجىس نەرسە چۈشۈپ كەتكەن سۇ، بىرەر ھايۋان ئۆلگەن سۇ. يۇقىرىقىدەك سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش ۋە غۇسۇل قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

س: قايسى خىلدىكى ھايۋاننىڭ ئىچىپ قويغان سۈيى نىجىس؟

ج: ئىت، توڭگۇز، يىرتقۇچ ھايۋان قاتارلىقلارنىڭ ئىچىپ قويغان سۈيى نىجىس. شۇنىڭدەك مۈشۈك چاشقاننى ياكى ھارام گۆشنى يەپلا ئېغىزىنى قۇرۇتقۇەتمەستىن سۇنى ئىچىپ قويسا بۇ سۇمۇ نىجىس. كىشى ھاراق ئىچىپ شۇ پاسكىنا ئېغىزىدا ئىچىپ قويغان سۇمۇ نىجىس.

س: قايسى خىلدىكى ھايۋاننىڭ ئىچىپ قويغان سۈيى مەكرۇھ؟

www.munber.org

ج: چاشقان ياكى هارام گۆشنى يېمىگەن مۈشۈكنىڭ ئىچىپ قويغان سۈيى، قويۇپ بېرىلگەن توخۇ، گەندە يېگەن كالا، قاغا، قۇزغۇن. ئومۇمەن: گۆشى هارام قۇشلارنىڭ ئىچىپ قويغان سۈيى مەكرۇهتۇر.

س: قايسى هايۋاننىڭ ئىچىپ قويغان سۈيى پاك؟

ج: ئادەم ۋە هالال هايۋاننىڭ ئىچىپ قويغان سۈيى پاك. مەسىلەن: كالا، ئۆچكە، قوي، كەپتەر، پاختەك، ئات قاتارلىقلار.

س: قايسى سۇ نجاسەت چۈشۈپ كېتىش بىلەن نجىس بولۇپ قالىدۇ؟

ج: ئېقىن سۇ ۋە چوڭ كۆلنىڭ سۈيىدىن باشقا سۇ نجاسەت چۈشۈپ كېتىش بىلەن نجىس بولۇپ كېتىدۇ.

س: كۆلنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك بولسا شەرىئەت ئۆلچىمىگە توغرا كېلىدۇ؟

ج: ئەتراپى تەخمىنەن 28~30 مېتىر كەلسە شەرىئەت ئۆلچىمىگە توغرا كېلىدۇ.

س: ئاز سۇغا نجاسەتتىن باشقا نەرسە چۈشۈپ كېتىش بىلەن سۇ نجىس بولامدۇ؟

ج: ئاز سۇغا قېنى ئاقىدىغان جانۋار چۈشۈپ كەتسە سۇ نجىس بولىدۇ. مەسىلەن: قۇشقاچ، توخۇ، كەپتەر، مۈشۈك، چاشقان قاتارلىقلار.

س: شەرىئەت ئۆلچىمىگە توغرا كېلىدىغان كۆلنىڭ سۈيى قانداق ئەھۋالدا نجىس بولىدۇ؟

ج: نجاسەتنىڭ تەمى، رەڭگى، پۇرىقى ئېنىق سېزىلسە ئۇ كۆلنىڭ سۈيى نجىس بولىدۇ.

www.munber.org

س. قايسى خىلدىكى جانۋارلار سۇدا ئۆلسە شۇ سۇ نىجىس بولمايدۇ؟

ج. سۇدا ياشايدىغان ھەم سۇدا تۇغۇلىدىغان جانۋارلارنىڭ سۇدا ئۆلۈشى بىلەن سۇ نىجىس بولمايدۇ. مەسىلەن: بېلىق، پاقا ۋە ئاقىدىغان قېنى يوق جانلىقلار. يەنە چىۋىن، پاشا، بۈرگە، كەسلەنچۈك، ھەرە، چۈمۈلە قاتارلىقلار.

## قۇدۇقلارنىڭ بايانى

س. قۇدۇق نېمىنىڭ چۈشۈشى بىلەن نىجىس بولىدۇ؟

ج. ئېغىر نىجاسەت ۋە يەڭگىل نىجاسەت قۇدۇققا چۈشۈپ كەتسە ياكى قېنى ئاقىدىغان ھايۋان قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆلسە، قۇدۇقنىڭ سۈيى نىجىس بولىدۇ.

س. قۇدۇققا بىرەر ھايۋان چۈشۈپ كېتىپ تىرىك چىقىپ كەتسە قۇدۇقنىڭ سۈيى پاكمۇ، نىجىسمۇ؟

ج. ئىچىپ قويغان سۈيى نىجىس بولىدىغان ھايۋان ياكى بەدىنىگە نىجاسەت چاپلىشىپلا قالغان ھالال ياكى ھارام ھايۋان قۇدۇققا چۈشۈپمۇ تىرىك چىقىپ كەتسە، قۇدۇقنىڭ سۈيى نىجىس بولۇپ كېتىدۇ.

بەدىنىدە نىجاسەت يوق بولغان گۆشى ھالال ھايۋان قۇدۇققا چۈشۈپ تىرىك چىقىپ كەتسە ھەم قۇدۇققا سىيىپ ـ چىچىپ قويمىغانلىقى ئېنىق بولسا، قۇدۇقنىڭ سۈيى نىجىس بولمايدۇ.

س. قۇدۇق سۈيى نىجىس بولۇپ قالسا قانداق پاك بولىدۇ؟

www.munber.org

ج: قۇدۇق بەش خىل يول بىلەن پاك بولىدۇ:

1) ـــ قــۇدۇققا نىجاســەت چۈشــۈپ كەتســە، ســۇنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋېتىش بىلەن پاك بولىدۇ.

2) ـ ئادەم، توڭگۇز، ئىت، قوي ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش چوڭلۇقتىكى ھايۋان چۈشۈپ كېتىپ ئۆلسە، سۇنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

3) ـ قېنى ئاقىدىغان ھايۋان قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ كۆپۈپ قالسا ياكى سېسىپ بۇغۇملىرى ئايرىلىپ كەتسە (بۇ ھايۋان كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن) قۇدۇقنىڭ ھەممە سۈيى تارتىۋېتىلىدۇ.

4) ـ كەپتەر، توخۇ، مۈشۈك ياكى شۇنىڭدەك چوڭلۇقتىكى ھايۋان چۈشۈپ ئۆلسە، لېكىن سېسىمىسا، قىرىق چېلەك تارتىۋېتىلىدۇ.

5) ـ چاشقان، قۇچقاچ ياكى شۇنىڭدەك چوڭلۇقتىكى جانلىق چۈشۈپ ئۆلسە، يىگىرمە چېلەك تارتىۋېتىلىدۇ، يىگىرمىنىڭ ئورنىغا ئوتتۇز، ئوتتۇزنىڭ ئورنىغا قىرىق ـ ئەللىك چېلەك تارتىۋېتىش مۇستەھەب.

س: ئۆلۈك ھايۋان قۇدۇققا تاشلىنىپ كەتسە، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: بۇنىڭ ھۆكمى تىرىك ھايۋاننىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

س: سېسىپ كەتكەن ھايۋان قۇدۇققا تاشلىنىپ كەتسە، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: سۇنىڭ ھەممىسى تارتىۋېتىلىدۇ (قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆلگەن ھايۋاننىڭ مەسىلىسىگە ئوخشايدۇ).

www.munber.org

س: قۇدۇقتىن ئۆلۈك ھايۋان چىقسا، قاچان چۈشكەنلىكى مەلۇم بولمىسا بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: كۆرۈنگەن ۋاقىتتىن تارتىپلا قۇدۇقنىڭ سۈيى نىجىس ھېسابلىنىدۇ.

س: قانچىلىك چوڭلۇقتىكى چېلەك ئۆلچەم قىلىنىدۇ؟

ج: شۇ قۇدۇقتا سۇ ئېلىۋاتقان چېلەك ئۆلچەم قىلىنسا بولىدۇ.

س: نىجىس سۇ چىقىرىلغان چېلەك ۋە ئارغامچا پاكمۇ، نىجىسمۇ؟

ج: قۇدۇقنىڭ سۈيى پاك بولۇش بىلەن تەڭ چېلەك - ئارغامچىمۇ پاك بولۇپ كېتىدۇ.

www.munber.org

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## بىرىنچى باب ئىسلام ئەقىدىلىرى

### تەۋھىد

س: تەۋھىدنىڭ مەنىسى نىمە؟

ج: دىلىدا اﷲنى بىر دەپ بىلىپ، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش تەۋھىد دېيىلىدۇ.

س: ئىنسان اﷲنىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىنى قانداق بىلىدۇ؟

ج:

1) ـ ئەقلى ساغلام ئىنسان اﷲنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىرلىكىنى جەزمەن بىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن دۇنيادىكى دانا ۋە پەيلاسوپلار اﷲنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە قايىلدۇر.

2) ـ پەيغەمبەرلەر بىردەك ئىنسانلارغا اﷲ بىردۇر ھەم باردۇر، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئوخشىشى يوقتۇر، دەپ ئۇقتۇردى.

س: «قۇرئان كەرىم» دە تەۋھىددىن تەلىم بېرىلدىمۇ؟

ج: ھەئە، «قۇرئان كەرىم» دە تەۋھىددىن مۇكەممەل تەلىم بېرىلدى. بەلكى بۈگۈنكى دۇنيادا «قۇرئان كەرىم» تەۋھىد تەلىم بېرىدىغان بىردىنبىر كىتاب بولۇپ قالدى. ئىلگىرىكى ئىلاھىي كىتابلارمۇ تەۋھىد تەلىم بېرەتتى، لېكىن ئۇ

www.munber.org

كىتابلارنى خەلقى ئۆزگەرتىپ تەۋھىدكە قارشى سۆزلەرنى كىرگۈزۈۋەتتى. بۇنى ئىسلاھ قىلىش ھەم ھەقىقىي تەۋھىدنى دۇنياغا يېيىش ئۈچۈن الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇزىنىڭ بۇ خاس كىتابىنى ئۇ زاتقا نازىل قىلدى. دېمەك، «قۇرئان كەرىم» دە تەۋھىد مۇكەممەل ھالەتتە تەلىم بېرىلدى.

س: «قۇرئان كەرىم» نىڭ قايسى ئايەتلىرىدىن تەۋھىد دەلىللىنىدۇ؟

ج: «قۇرئان كەرىم» دە باشتىن ـ ئاخىر تەۋھىد دەلىللىنىدۇ، بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿وَإِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَاحِدٌ ۖ لَّا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الرَّحْمَٰنُ الرَّحِيمُ﴾

ت: ﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر﴾. (سۈرە بەقەرە 163 ـ ئايەت)

﴿شَهِدَ اللَّهُ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ وَالْمَلَائِكَةُ وَأُولُو الْعِلْمِ قَائِمًا بِالْقِسْطِ ۚ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ ﴿١٨﴾﴾

ت: ﴿الله ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ (سۈرە ئال ئىمران 18ـ ئايەت). بۇنىڭدىن باشقا يەنە سان ـ ساناقسىز ئايەتلەر بار.

س: رەببىمىزنىڭ ئەسلى زاتىنىڭ ئىسمى نېمە؟

www.munber.org

ج. ئەسلى زاتىنىڭ ئىسمى "اللّٰه" دۇر.

س. «اللّٰه» دېگەن لەۋزىلەردىن باشقا ئىسىملار (خالىق، رەززاق دېگەندەكلەر) نېمە دېيىلىدۇ؟

ج. «اللّٰه»نىڭ سۈپەتلىرى دېيىلىدۇ.

س. سۈپەتنىڭ مەنىسى نېمە؟

ج. اللّٰهنىڭ كۆپلىگەن سۈپەتلىرى بار، مەسىلەن، «قَدِيْمٌ» (ئېپتىداسى، ئىنتىھاسى يوق، ئەزەلىي اللّٰه)، "عَالِمٌ" (ھەر نەرسىنى بىلگۈچى)، "قَادِرٌ" (قۇدرەتلىك)، "حَيٌّ" (ھەمىشە تىرىك).

س. اللّٰهنىڭ سۈپەتلىرى قانچە؟

ج. اللّٰه «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېدى:

﴿ وَلِلَّهِ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ فَٱدْعُوهُ بِهَا ﴾

ت: «اللّٰهنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، اللّٰهنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار». (سۈرە ئەئراف 180ـ ئايەت)

ھەدىستە مۇنداق دېيىلدى: "اِنَّ للّٰهِ تعالى تِسْعَةً وَتِسْعِيْنَ اِسْمًا، مِـأَةً إِلاَّوَاحِدًا" (بۇخارى رىۋايىتى). ت: (شەكسىزكى، اللّٰهنىڭ توقسان توققۇز، يەنى بىرى كەم يۈز ئىسمى ‹سۈپىتى› بار).

www.munber.org

# پەرىشتىلەر

س: مۇقەررەب (ﷲغا ئەڭ يېقىن) پەرىشتىلەردىن باشقا پەرىشتىلەر ئۆزئارا مەرتىۋە جەھەتتە پەرقلىنەمدۇ؟

ج: تۆت مۇقەررەب پەرىشتىنىڭ ئىسمى "ئىسلام تەلىماتى» نىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە ئۆتۈپ بولدى، بۇلار ھەممە پەرىشتىلەردىن ئەۋزەلدۇر، بۇلاردىن باشقا پەرىشتىلەرمۇ ئۆزئارا مەرتىۋىدە پەرقلىنىدۇ، بەزىسى ﷲغا بەكرەك يېقىن.

س: پەرىشتىلەر نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ج: ئاسمان ۋە زېمىندا سان ـ ساناقسىز پەرىشتىلەر بولۇپ، بۇلار خىلمۇخىل ئىشلار ۋە ۋەزىپىلەرگە مەسئۇلدۇر. مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ بارلىق ئىنتىزاملىرىنى ﷲ پەرىشتىلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلىدى، پەرىشتىلەر ئۈستىگە ئالغان بۇ مەجبۇرىيەتنى ﷲنىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىق ئادا قىلىدۇ.

س: پەرىشتىلەرنىڭ بەزىبىر خۇسۇسىي ۋەزىپىسى نېمە؟

ج: ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ﷲنىڭ خەۋىرى، ئەھكامى ۋە كىتابلىرىنى پەيغەمبەرلەرگە ئەكىلەتتى، بەزىدە پەيغەمبەرلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغىلىمۇ ئەۋەتىلەتتى، بەزىدە ﷲنىڭ ئەمرىدىن باش تارتقان ئاسىيلارغا ئازاب ۋە بالايى ـ ئاپەت ياغدۇرۇشقىمۇ ئەۋەتىلەتتى.

ھەزرىتى مىكائىل ئەلەيھىسسالام جانلىقلارغا رىزق ۋە نېمەتلەرنى يەتكۈزۈش، يامغۇر ياغدۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇلدۇر.

www.munber.org

سان ـ ساناقسىز پەرىشتىلەر بۇ زاتنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدۇ، بەزىسى بۇلۇت ئىشلىرىغا مەسئۇل، بەزىسى ھاۋا ئىشلىرىغا مەسئۇل، بەزىسى سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇلدۇر. بۇلار بارلىق ۋەزىپىلىرىنى ﷲنىڭ ھۆكمىگە مۇۋاپىق ھالدا ئىجرا قىلىدۇ.

ھەزرىتى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام قىيامەت بولىدىغاندا سۇر پۈۋلەشكە مەسئۇلدۇر.

ھەزرىتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام جانلىقلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا مەسئۇلدۇر، بۇ زاتنىڭ قول ئاستىدىمۇ سان ـ ساناقسىز پەرىشتىلەر خىزمەت قىلىدۇ، ياخشى بەندىلەرنىڭ جېنىنى ئالىدىغان پەرىشتىلەرمۇ ئايرىمدۇر، ئاسىيلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغان پەرىشتىلەرمۇ ئايرىمدۇر.

بۇ پەرىشتىلەردىن باشقا پەرىشتىلەرنىڭ بەزى ئىشلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ـ ھەر بىر ئىنساندا ئىككى پەرىشتە بىللە تۇرىدۇ، بىرى ئۇ ئىنساننىڭ ياخشى ئىشلىرىنى، يەنە بىرى ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىنى يازىدۇ. بۇ پەرىشتىلەر «كِرَامًا كَاتِبِيْنَ» (ھۆرمەتلىك پۈتۈكچىلەر) دېيىلىدۇ.

2) ـ بىر قىسىم پەرىشتىلەر ئىنساننى بالايى ـ ئاپەتتىن ساقلاش ۋە قوغداشقا مەسئۇلدۇر.

3) ـ بىر قىسىم پەرىشتىلەر ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن گۆردە ئۇنى سوراق قىلىشقا مەسئۇلدۇر، ھەر بىر ئىنساننىڭ گۆرىگە ئىككى پەرىشتە كېلىدۇ، بىرى مۇنكىر يەنە بىرى نەكىر دېيىلىدۇ.

www.munber.org

4) - بىر قىسىم پەرىشتىلەر دۇنيادا ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ، قەيەردە اللّٰهغا زىكرى ئېيتىلىۋاتىدۇ، قۇرئان ئوقۇلىۋاتىدۇ، دۇرۇد ئوقۇلىۋاتىدۇ، دىنىي تەلىمات بىلەن شۇغۇللىنىلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق سورۇنلار قەيەردە تېپىلسا، ئۇلار شۇ سورۇنلارغا قاتنىشىدۇ، شۇ سورۇنغا قاتناشقانلىقىغا اللّٰهنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. دۇنيادا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئالمىشىپ ۋەزىپە ئۆتەيدىغان پەرىشتىلەر بولىدۇ. بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتىدا كېچىلىك پەرىشتىلەر ئاسمانغا ئۆرلەپ كېتىدۇ، كۈندۈزدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان پەرىشتىلەر چۈشىدۇ ۋە ئەسىر نامىزىدىن كېيىن كۈندۈزلۈك پەرىشتىلەر ئۆرلەپ كېتىدۇ، كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى چۈشۈپ كېلىدۇ.

5) ـ بىر قىسىم پەرىشتىلەر جەننەتنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇلدۇر.

6) ـ بىر قىسىم پەرىشتىلەر دوزاخنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇلدۇر.

7) - بىر قىسىم پەرىشتىلەر اللّٰهنىڭ ئەرشىنى كۆتۈرۈشكە مەسئۇلدۇر.

8) - بىر قىسىم پەرىشتىلەر اللّٰهغا ئىبادەت قىلىش، تەسبىھ ئېيتىش، اللّٰهنى ئۇلۇغلاش ئىشلىرىغا مەسئۇلدۇر.

س: پەرىشتىلەرنىڭ شۇنداق ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقى قانداق مەلۇم بولدى؟

ج: يۇقىرىدىكى ھەممە سۆزلەر «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» تە بايان قىلىنغان.

www.munber.org

# ئاللاھنىڭ كىتابلىرى

س: تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىقلارنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن كىتاب ئىكەنلىكى قانداق مەلۇم بولىدۇ؟

ج: بۇ ئۈچ كىتابنىڭ ئاسماندىن چۈشكەنلىكى «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. تەۋرات ھەققىدە اللہ مۇنداق دېدى:

﴿ إِنَّآ أَنزَلۡنَا ٱلتَّوۡرَىٰةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌ ﴾

ت: ﴿بىز ھەقىقەتەن (مۇسا ئەلەيھىسسالامغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار﴾ (سۈرە مائىدە 44 ـ ئايەت).

زەبۇر ھەققىدە مۇنداق دېدى:

﴿ وَءَاتَيۡنَا دَاوُۥدَ زَبُورًا ﴾

ت: ﴿بىز داۋۇد (ئەلەيھىسسالام) غا زەبۇرنى بەردۇق﴾ (سۈرە نىسا 163ـ ئايەت).

ئىنجىل ھەققىدە مۇنداق دېدى:

﴿ وَقَفَّيۡنَا بِعِيسَى ٱبۡنِ مَرۡيَمَ وَءَاتَيۡنَٰهُ ٱلۡإِنجِيلَ ﴾

ت: ﴿مەريەم ئوغلى ئىيسا (ئەلەيھىسسالام)نى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق﴾ (سۈرە ھەدىد 27ـ ئايەت).

دېمەك، مۇسۇلمانلارغا «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق بۇ ئۈچ كىتابنىڭ ئاسماندىن چۈشكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

www.munber.org

س: كىشى «تەۋرات»، «زەبۇر»، «ئىنجىل» قاتارلىق كىتابلارنى اللهنىڭ كىتابلىرى ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلسا، ئۇ كىشى نېمە دېيىلىدۇ؟

ج: بۇنداق كىشى كاپىر دېيىلىدۇ، چۈنكى اللهنىڭ كىتابلىرى ئىكەنلىكى «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئىسپاتلاندى. كىمكى ئۇ كىتابلارنىڭ اللهنىڭ كىتابلىرى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلسا، «قۇرئان كەرىم» نىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىردۇر.

س: خرىستىيئان، يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى «تەۋرات»، «زەبۇر»، «ئىنجىل» قاتارلىق كىتابلار ئاسماندىن چۈشكەن ئەسلى كىتاب شۇمۇ؟

ج: ياق، بۇ كىتابلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى «قۇرئان كەرىم» بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ.

س: مەزكۇر ئۈچ كىتابقا ئەمەل قىلىشقا بولامدۇ؟

ج: ئەمەل قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

س: بەزى پەيغەمبەرلەرگە سەھىپىلەر چۈشكەنلىكى قانداق مەلۇم بولدى؟

ج: ئۇ سەھىپىلەرنىڭ چۈشكەنلىكى «قۇرئان كەرىم»دە ئىسپاتلاندى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن سەھىپىلەرنىڭ زىكرى "سۈرە ئەئلا"دا تىلغا ئېلىنغان.

س: «قۇرئان كەرىم» اللهنىڭ كىتابىمۇ ياكى كالامىمۇ؟

ج: «قۇرئان كەرىم» اللهنىڭ كىتابىدۇر ھەم كالامىدۇر، «قۇرئان كەرىم»دە بۇنى ھەم اللهنىڭ كىتابى ھەم اللهنىڭ كالامىمۇ دېيىلدى.

www.munber.org

س: تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە «قۇرئان كەرىم» قاتارلىقلاردىن قايسى ئەۋزەلدۇر؟

ج: «قۇرئان كەرىم» ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر.

س: «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئىلگىرىكى كىتابلارغا نىسبەتەن ئارتۇقچىلىقى نىمە؟

ج: كۆپلىگەن ئارتۇقچىلىقلىرى بار، بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم ئارتۇقچىلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) - «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھەر بىر ھەرپى ۋە ھەر بىر كەلىمىسى مەخسۇس ساقلانغاندۇر، بۇنىڭدا بىر چېكىتمۇ كەم ـ زىيادە بولمىغان، تا قىيامەتكىچە مۇشۇنداق ساقلىنىدۇ. ئىلگىرىكى كىتابلارغا خەلقى كىرگۈزۈش بىرىپ ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

2) — «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئىبارىتى مُعْجِز (ئاجىزلاشتۇرغۇچى)، يەنى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئىبارىتى شۇ دەرىجىدە قىسقا، پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىككى، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەڭ كىچىك بىر سۈرە ۋە بىر جۈملە ئايىتىنىڭ ئوخشىشىنى ھېچكىم كەلتۈرەلمەيدۇ.

3) - «قۇرئان كەرىم» ئەڭ ئاخىرقى شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىنى كەلتۈرىدۇ، شۇڭا بۇنىڭ كۆپلىگەن ئەھكاملىرى ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

4) - ئىلگىرىكى كىتابلار بىر قېتىمدىلا تولۇق، پۈتۈن نازىل بولغان. «قۇرئان كەرىم» يىگىرمە ئۈچ يىلدا ئېھتىياجغا ئاساسەن ئاز ـ ئازدىن نازىل بولغان، ئاستا ـ ئاستا ئېھتىياجغا قاراپ چۈشكەنلىكتىن خەلقنىڭ قەلبىدە

www.munber.org

مۇستەهكەم ئورۇن ئالدى. مىليونلىغان ئىنسانلار بۇنىڭ ئەهكاملىرىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە بولۇۋاتىدۇ.

5) ــ «قۇرئان كەرىم» مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ساقلانغاندۇر، قەلبتىن ـ قەلبكە كۆچۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدا ئوقۇلغان پېتى هازىرغىچە ئۆز پېتى ئوقۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنى يادقا ئالغۇچى قارىيلار كۆپ هەم ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ مەهكەم ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقتىن، ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇنىڭغا چېقىلالمىدى (كەم ـ زىيادە قىلىشقا ئۇرۇنالمىدى).

6) - «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەهكاملىرى هەرزامان ۋە هەر قانداق مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ هالدا يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ.

www.munber.org

## پەيغەمبەرلىك

س: پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى ۋە ئىسمى نامەلۇم بولسىمۇ، مەشهۇر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسملىرىنى بايان قىلىڭلار؟

ج: هەزرىتى ئادەم ئەلەيهىسسالام، هەزرىتى شىيس ئەلەيهىسسالام، هەزرىتى ئىدرىس ئەلەيهىسسالام، هەزرىتى نۇھ ئەلەيهىسسالام، هەزرىتى ئىبراهىم ئەلەيهىسسالام، هەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيهىسسالام، هەزرىتى ئىسهاق ئەلەيهىسسالام، هەزرىتى يەئقۇب ئەلەيهىسسالام، هەزرىتى يۈسۈف ئەلەيهىسسالام، هەزرىتى داۋۇد ئەلەيهىسسالام، هەزرىتى سۇلەيمان ئەلەيهىسسالام، هەزرىتى مۇسا ئەلەيهىسسالام، هەزرىتى هارۇن ئەلەيهىسسالام، هەزرىتى زەكەرىيا

ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى يەھيا ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى ئىلياس ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى لۇت ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى سالىھ ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى ھۇد ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلار.

س: ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەرنىڭ قايسى جەمەتىدىن؟

ج: قۇرەيش جەمەتىدىن. ئەرەبلەر ئىچىدە قۇرەيش جەمەتى ئەڭ ھۆرمەتلىك ئىدى، قۇرەيش جەمەتى باشقا جەمەتلەرگە ھەر ئىشتا باشلامچىلىق قىلاتتى، ئاندىن قۇرەيش جەمەتىنىڭ بىر تارمىقى بەنى ھاشىم ئىدى. بۇ بەنى ھاشىم قۇرەيشنىڭ باشقا تارماق قەبىلىلىرىگە نىسبەتەن ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر ئىدى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇشۇ بەنى ھاشىم قەبىلىسىدىن ئىدى، شۇڭا پەيغەمبىرىمىز «ھاشىمىي» مۇ دېيىلىدۇ.

س: ھاشىمىي دېگەن كىم ئىدى؟

ج: ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ بوۋىسى ئىدى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەسەب فامىلىسى مۇنداق: مُحَمَّدُ بْنُ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَبْدِ الْمُطَّلِبِ بْنِ هَاشِمِ بْنِ عَبْدِ مَنَافٍ (ئابدۇمانافنىڭ ئوغلى ھاشىم، ھاشىمنىڭ ئوغلى ئابدۇل مۇتتەلىب، ئابدۇل مۇتتەلىبنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام).

www.munber.org

س: پەيغەمبىرىمىزنىڭ پۇشتى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەيىندىكى بىرەر پەيغەمبەردە بارمىدى، يوقمىدى؟

ج: ھەئە بار ئىدى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىندۇر، ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر، بۇ ئىككىسىدىن باشقا ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى ئىدرىس ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى شىيس ئەلەيھىسسالام پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىگە كىرىدۇ.

س: ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نەچچە يىشىدا پەيغەمبەرلىك بېرىلدى؟

ج: قىرىق يېشىدا پەيغەمبەرلىك بېرىلىپ ۋەھىي نازىل بولدى.

س: ۋەھىي دېگەن نىمە؟

ج: ۋەھىي دېگەن اللّٰهنىڭ ئۆز پەرمانلىرىنى ۋە ئۆز كالامىنى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈشىدۇر.

س: پەيغەمبىرىمىز ۋەھىي چۈشۈپ قانچە يىل ھايات كەچۈردى؟

ج: يىگىرمە ئۈچ يىل ھايات كەچۈردى. ئون ئۈچ يىل مەككە مۇكەررەمەدە، ئون يىل مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە.

س: رەسۇلۇللاھ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە نىمە ئۈچۈن كەتكەن ئىدى؟

www.munber.org

ج. رەسۇلۇللاھ مەككە خەلقىنى الله بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا چاقىردى ۋە ئۇلارغا: «بۇتپەرەسلىكنى تاشلاپ بىر اللهغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار»، دېدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار رەسۇلۇللاھقا دۈشمەن بولدى، چۈنكى ئۇلار بۇتقا ئىبادەت قىلىپ، شۇ بۇتنى ئىلاھ دەپ بىلەتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا خىلمۇخىل ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزۈشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ۋە ئەزىيەتلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ بىر اللهغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىپ تۇردى. اللهنىڭ پەرمانلىرىنى يەتكۈزگەنسېرى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى چەكتىن ئېشىپ، ھەممىسى پىكرىنى بىرلەشتۈرۈپ، رەسۇلۇللاھقا سۇيىقەست پىلانلىدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھ اللهنىڭ يوليورۇقى ۋە پەرمانى بىلەن ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ۋەتىنى مەككە مۇكەررەمەنى تاشلاپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كۆچۈپ كەتتى. مەدىنە خەلقى ئىلگىرى مۇسۇلمان بولۇپ بولغانىدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە كېلىشىنى قاتتىق ئارزۇ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. مەدىنىلىكلەر رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا جان ۋە مال بىلەن ياردەم قىلدى. مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلارمۇ ئاستا ـ ئاستا مەدىنىگە كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەككە شەھىرى كاپىرلارغىلا قالدى. رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كەتكەنلىكىنى ھىجرەت دېيىلىدۇ. ئۆي ماكانلىرىنى تاشلاپ مەدىنىگە ئىمانىنى دەپ كۆچمەن بولۇپ بارغان مۇسۇلمانلار مۇھاجىر دېيىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ۋە مۇھاجىرلارغا ياردەم بەرگەن مەدىنە مۇسۇلمانلىرى ئەنسار (ياردەم بەرگۈچىلەر) لار دېيىلىدۇ.

www.munber.org

س: رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ئەرەب خەلقى رەسۇلۇللاھنى قانداق دەپ بىلەتتى؟

ج: رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ھەممە كىشى بۇ ئىنتايىن راستچىل، پاك، ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەم دەپ بىلەتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنى مۇھەممەد ئەمىن (سادىق) دەپ چاقىراتتى. يەنى رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ راستچىل، سادىق ئىدى. پۈتۈن خەلق بۇ زاتنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتى.

س: رەسۇلۇللاھ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، دېگەننىڭ دەلىلى نېمە؟

ج: 1) - «قۇرئان كەرىم»دە اللّٰه بۇ زاتنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى دېدى.

2) - رەسۇلۇللاھ ئۆزى مۇنداق دېدى:

"أَنَا خَاتَمُ النَّبِيِّيْنَ لاَنَبِيَّ بَعْدِى"

ت: (مەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇرمەن، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ).

3) اللّٰه «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېدى:

﴿ ٱلۡيَوۡمَ أَكۡمَلۡتُ لَكُمۡ دِينَكُمۡ وَأَتۡمَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ نِعۡمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلۡإِسۡلَٰمَ دِينٗاۚ ﴾

ت: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾ (سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەت).

www.munber.org

بۇ ئايەتتىن رەسۇلۇللاھ ئارقىلىق، اللّٰه ئىسلام دىنىنى مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكى، ئىسلام مەڭگۈ مۇشۇنداق مۇكەممەل ھالەتتە تۇرىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. شۇڭا رەسۇلۇللاھتىن كېيىن پەيغەمبەر كېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

س: رەسۇلۇللاھ پۈتۈن پەيغەمبەردىن ئەۋزەل دېگەننىڭ دەلىلى نېمە؟

ج: پۈتۈن پەيغەمبەرلەردىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى «قۇرئان كەرىم» نىڭ بىر قانچە ئايەتلىرىدىن ئىسپاتلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۆزىمۇ مۇنداق دېدى:

«آنَا سَيِّدُ وُلْدِ اٰدَمَ يَوْمَ الْقِيٰمَةِ»

ت: (مەن قىيامەت كۈنى بارلىق ئادەم بالىلىرىنىڭ خوجايىنىدۇرمەن).

## ساھابە كىراملارنىڭ بايانى

س: ساھابە دەپ كىمنى دەيدۇ؟

ج: رەسۇلۇللاھقا ئۇچراشقان ھەم ئىمان كەلتۈرگەن، شۇ ئىمانىنىڭ ئۈستىدە ۋاپات بولغان كىشىلەر ساھابە دېيىلىدۇ.

س: ساھابە نەچچىدۇر؟

ج: ساھابە نەچچە مىڭدۇر (تەخمىنەن بىر يۈز ئەللىك مىڭدۇر).

س: ساھابىلەر مەرتىۋىدە باراۋەرمۇ، ئەمەسمۇ؟

ج: ساھابىلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى ئۆزئارا باراۋەر ئەمەس.

www.munber.org

لېكىن ھەر قانداق بىر ساھابىنىڭ دەرىجىسى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھەر قانداق بىر ئىنساندىن ئەۋزەلدۇر.

س: ساھابىلەردىن قايسى ساھابە ھەممىدىن ئەۋزەل؟

ج: تۆت ساھابە ھەممىدىن ئەۋزەل:

1) ـ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق، بولۇپمۇ بۇ زات بارلىق مۇسۇلمانلاردىن ئەۋزەلدۇر.

2) ـ ھەزرىتى ئۆمەر فارۇق، بۇزات ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدىن باشقا بارلىق مۇسۇلمانلاردىن ئەۋزەلدۇر.

3) ـ ھەزرىتى ئوسمان، بۇ زات مەزكۇر ئىككىيلەندىن قالسا، بارلىق مۇسۇلمانلاردىن ئەۋزەلدۇر.

4) ـ ھەزرىتى ئەلى، بۇ زات مەزكۇر ئۈچەيلەندىن قالسا، بارلىق مۇسۇلمانلاردىن ئەۋزەلدۇر. بۇ تۆت ئۇلۇغ زات رەسۇلۇللاھ ئالەمدىن يانغاندىن كېيىن ئورنىغا ئارقا ـ ئارقىدىن خەلىپە بولغان.

س: خەلىپە دېگەن نېمە؟

ج: رەسۇلۇللاھ ئالەمدىن يانغاندىن كېيىن دىن ئىشلىرىنى بىرسى ئۈستىگە ئېلىپ راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھنىڭ ئورنىغا بىرسى نائىب بولۇپ تىكلىنىدۇ، شۇ تىكلەنگەن كىشى خەلىپە (ئورۇنباسار) دېيىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئالەمدىن يانغاندىن كېيىن بارلىق مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ بىردەك پىكرى بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئورنىغا نائىب بولۇپ تىكلەندى. شۇڭا بۇ زات بىرىنچى خەلىپە دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر فارۇق، بۇ ئىككىنچى خەلىپە. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان، بۇ ئۈچىنچى خەلىپە. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلى، بۇ تۆتىنچى خەلىپە بولۇپ تىكلەندى.

www.munber.org

بۇلار خۇلەفائى راشىدىن (توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەر ‹اللّٰه ئۇلاردىن رازى بولسۇن›) ۋە چاھاريار دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئەۋلىيالىق ۋە ئەۋلىيالىقنىڭ بايانى

س: ئەۋلىيا دېگەن نېمە ؟

ج: اللّٰه ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ پەرمانىغا چىن ـ دىلى بىلەن ئىتائەت قىلىپ، كۆپلەپ ئىبادەت قىلىپ، گۇناھلاردىن ئۆزىنى ساقلاپ، اللّٰه ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا بولغان مۇھەببەتنى دۇنيانىڭ بارلىق مۇھەببەتلىرىدىن ئارتۇق بىلىپ، اللّٰهنىڭ ئەڭ يېقىنى ۋە سۆيۈملۈكى بولغان مۇسۇلمان كىشى ئەۋلىيا دېيىلىدۇ.

س: ئەۋلىيانىڭ ئالامىتى نېمە؟

ج: ئەۋلىيانىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۇ مۇسۇلمان، تەقۋادار، پەرھىزكار بولۇپ، كۆپلەپ ئىبادەت قىلىدۇ، اللّٰه ۋە اللّٰهنىڭ رەسۇلىنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭغا غالىب كېلىدۇ، دۇنياغا ھېرىسلىق قىلمايدۇ، ھەر ۋاقىت ئاخىرەتنىلا ئويلايدۇ.

س: ساھابىلارنى ئەۋلىيا دېگىلى بولامدۇ؟

ج: ھەئە، پۈتۈن ساھابىلار اللّٰهنىڭ ئەۋلىيالىرى ئىدى. چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىنىڭ بەرىكىتىدىن ئۇلارنىڭ دىللىرىغا اللّٰه ۋە رەسۇلىنىڭ مۇھەببىتى غالىب كەلدى، ئۇلار دۇنياغا مۇھەببەت باغلىمايتتى، ئىبادەتنى ناھايىتى كۆپ قىلاتتى، گۇناھلاردىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، اللّٰه ۋە اللّٰهنىڭ رەسۇلىنىڭ پەرمانىغا جان ـ دىلى بىلەن بويسۇناتتى.

www.munber.org

س: بىرەر ساھابە ياكى بىرەر ئەۋلىيا بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرگە باراۋەر بولالامدۇ؟

ج: ھەرگىز بولالمايدۇ، پەيغەمبەرنىڭ مەرتىۋىسىگە ھېچقانداق كىشى باراۋەر بولالمايدۇ.

س: ساھابە ئەمەس ئەۋلىيالار بىر قىسىم ساھابىلارغا مەرتىۋىدە باراۋەر بولالامدۇ؟

ج: ياق، ساھابىلىق پەزىلەت ھەممىدىن چوڭدۇر، بۇ پەزىلەتكە ھەر قانداق ئەۋلىيانىڭ پەزىلىتى باراۋەر بولالمايدۇ.

س: بەزى كىشىلەر شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى قىلىدۇ. مەسىلەن: ناماز ئوقۇمايدۇ، ساقال قويمايدۇ، كىشىلەر بۇنداق ئادەملەرنى ئەۋلىيا دەپ بىلىدۇ، مۇشۇنداق كىشىلەرنى ئەۋلىيا دەپ تونۇش قانداق؟

ج: بۇنداق دەپ تونۇش پۈتۈنلەي خاتا، ئىسىڭلاردا بولسۇنكى، بۇنداق كىشىلەر ھەرگىز ئەۋلىيا بولالمايدۇ.

www.munber.org

## مۆجىزە ۋە كارامەتنىڭ بايانى

س: مۆجىزە دېگەن نېمە؟

ج: ﷲ پەيغەمبەرلەرگە ئادەتتىن تاشقىرى بەزى كارامەتلەرنى ئىزھار قىلدۇرىدۇ، دۇنيا خەلقى بۇنى قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ، كىشىلەر شۇنداق كارامەتلەرنى كۆرۈپ، بۇ ئىنسانىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، بۇ چوقۇم ﷲنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەن، دەپ بىلىدۇ. بۇ مۆجىزە دېيىلىدۇ.

س: پەيغەمبەرلەر قانداق مۆجىزىلەر كۆرسەتتى؟

ج: پەيغەمبەرلەر ﷲنىڭ ئەمرى بىلەن سان ـ ساناقسىز مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتى. بىر قىسىم مەشھۇر مۆجىزىلەر تۆۋەندىكىچە: ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى يىلانغا ئايلىنىپ جادۇگەرلەرنىڭ يىلان شەكلىدە كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى يۇتۇپ كەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالقىنىغا قۇياش نۇرىدىن ئۆتكۈر پارقىراق نۇر پەيدا بولغانىدى. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋننىڭ لەشكەرلىرى ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقاندا مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمى بىلەن نىل دەرياسىغا توغرىلىنىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ﷲنىڭ ئەمرى بىلەن ھاسىسىنى دەرياغا ئۇرغان ئىدى، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى توختاپ بىر قۇرۇق يولغا ئايلاندى. بۇ يولدىن مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمى بىلەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، پىرئەۋن لەشكەرلىرىنى باشلاپ كەلدى. پىرئەۋن لەشكەرلىرىنى باشلاپ، بۇ يولدىن ئۆتكىلى تۇردى. پىرئەۋننىڭ بارلىق لەشكەرلىرى دەريانىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى دەرياغا ئۇردى. دەريا ئاۋۋالقى ھالىتىگە ئايلىنىپ پىرئەۋن لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ غەرق بولۇپ كەتتى.

ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ﷲنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەتتى. تۇغما كورغا كۆز پەيدا قىلىپ كۆرىدىغان ھالەتكە ئەكېلەلەيتتى. ئاق كېسەلنى ساقايتالايتتى. تۇپراقتىن قۇشقاچ ياساپ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈپ ئۇچۇرالايتتى.

بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىسى:

1) ـ «قۇرئان كەرىم» دۇر. تەخمىنەن 1400 يىل ئۆتتى. لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە ئەرەب تىلىغا ماھىر

تـالانتلىق ئـالىملار هـەر زامـان هـەر ماكانـدا دۇنياغـا كـېلىپ تـــۇردى، ئـــۇلار زور تىرىشـچـــانلىقى بىلەن ئـــەقلىي ئـىلىمـلەرنى ئوخشىـشىـنىمۇ قـۇرۇپ چىقالمـىدى، تـاكى قىيامەتكىچە قـۇرۇپ چىقالمايدۇ.

2) ـــ مىئـــراج (اللهنـــىڭ ئاســـمان ئـــالىمىنى زىيـــارەت قىلدۇرغانلىقى).

3) - شَقُّ الْقَمَرِ (ئاينى ئىككى پارە قىلغانلىقى).

4) - اللهنىڭ ئەمرى بىلەن كەلگۈسى زاماندا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئالدىن خەۋەر قىلىشى.

5) ـــ رەســۇلۇللاھنىڭ بىــر ـ ئىككــى كىشــىلىك تاماققــا بەرىكەتلىك بولۇشقا دۇئا قىلسا، ئۇ تاماقتا نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ قورسىقى تويىدىغانلىقى. بۇنىڭدىن باشقا نەچچە يۈزلىگەن مۆجىزىلەر بار.

س: مىئراج دېگەن نېمە؟

ج: اللهنىڭ ئەمرى بىلەن رەسۇلۇللاھ كېچىدە ئويغۇنۇپ، ئۇچقـــۇر ئاتقـــا مىنىپ، مەككـــە مۇكەررەمـــەدىن بەيتـــۇل مۇقەددەسكە باردى. ئۇ يەردىن يەتتىنچى ئاسمانغا ئۆرلىدى. الله ئاسـمان ئـالىمىنى زىيـارەت قىلـدۇردى. جەننـەت ۋە دوزاخنـى كۆرسەتتى. ئاندىن شۇ كېچىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇپ ئەكېلىپ قويدى، بۇ ئىشلار مىئراج دېيىلىدۇ.

س: شَقُّ الْقَمَرِ دېگەن نېمە؟

ج: بىر كېچىسى مەككە كاپىرلىرى رەسۇلۇللاھقا مۆجىزە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ قولىنى شۇنداق شىلتىپلا ئاينى ئىككى پارە قىلدى. شۇ يەردە تۇرغان بارلىق

www.munber.org

ئامما بۇ كارامەتلىك ئەھۋالنى كۆردى. ئاندىن ئىككى پارە بولغان ئاي بىرلىشىپ گويا يىرىلىپ باقمىغاندەك جايىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

س: كارامەت دىگەن نىمە؟

ج: اﷲ ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرىنىڭ ئىززىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى قىيىن ئىشلارنى ئىزھار قىلىپ بىرىدۇ. بۇنى باشقىلار قىلالمايدۇ. بۇنداق ئىشلار كارامەت دىيىلىدۇ. ياخشى بەندىلەر ۋە ئەۋلىيالاردىن كارامەتنىڭ كۆرۈلىشى ھەقتۇر.

س: مۆجىزە بىلەن كارامەتنىڭ پەرقى نىمە؟

ج: بىر كىشىگە اﷲ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلىنىپ، ئادەتتىن تاشقىرى، باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان نەرسىنى ئىزھار قىلسا، بۇ مۆجىزە دىيىلىدۇ. بىر كىشى پەيغەمبەر ئەمەس، لىكىن تەقۋادار، پەرھىزكار، ئۇنىڭ ھەممە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولۇپ، ناۋادا مۇنداق كىشىدىن بىرەر ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىش كۆرۈلسە، بۇ كارامەت دىيىلىدۇ. ئەگەر دىنسىز كىشىلەردىن مۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىش كۆرۈلسە ھەم شەرىئەتكە خىلاپ ئىش ـ ھەرىكەت ئىلىپ بارسا، مۇنداق كىشىلەردىن كۆرۈلگەن ئالامەتلەر ئىستىدراج دىيىلىدۇ.

س: ئەۋلىيالاردىن كارامەت كۆرۈلۈش زۆرۈرمۇ؟

ج: كارامەت كۆرۈلۈش زۆرۈر ئەمەس. بەزى ئەۋلىيالاردىن كۆرۈلىدۇ، بەزى ئەۋلىيالاردىن ئۇ ئەۋلىيالىقتا كامالەتكە يەتكەن بولسىمۇ ھىچقانداق كارامەت كۆرۈلمەيدۇ.

www.munber.org

س: شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى قىلىدىغان بەزى دەرۋىشلەردىن كىشىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلار كۆرۈلىدۇ، بۇنى نېمە دەپ بىلىش لازىم؟

ج: مۇنداق كىشىلەردىن كۆرۈلگەن ئالامەتلەرنى جادۇگەرلىك ياكى ئىستىدراج دەپ بىلىش لازىم. ئۇ ھەرگىزمۇ كارامەت بولمايدۇ. مۇنداق كىشىلەرنى ئەۋلىيا دەپ ئاتىۋالغانلىق شەيتاننىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكتۇر.

www.munber.org

# ئىككىنچى باب ئىسلام رۇكۇنلىرى تەلىماتى

## تاھارەتنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى

س: تاھارەتسىز ناماز ئوقۇشقا بولامدۇ؟

ج: ئۇنداق قىلىش قاتتىق گۇناھتۇر، بەزى ئۆلىمالار: «قەستەن تاھارەتسىز ناماز ئوقۇغان كىشى كاپىر بولىدۇ» دېدى.

س: تاھارەت نامازنىڭ شەرتى دېيىشنىڭ دەلىلى نېمە؟

ج: «قۇرئان كەرىم» نىڭ بۇ ئايىتى دەلىلدۇر:

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا قُمۡتُمۡ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ فَٱغۡسِلُواْ وُجُوهَكُمۡ وَأَيۡدِيَكُمۡ إِلَى ٱلۡمَرَافِقِ وَٱمۡسَحُواْ بِرُءُوسِكُمۡ وَأَرۡجُلَكُمۡ إِلَى ٱلۡكَعۡبَيۡنِۚ ﴾

ت: ﴿ئى مۇئمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز ئوقۇماقچى بولۇپ تۇرغىنىڭلاردا يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قوللۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھ قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار﴾ (سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەت).

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:

"مِفْتَاحُ الصَّلوٰةِ الطَّهُوْرُ"

(ت: نامازنىڭ ئاچقۇچى ‹شەرتى› تاھارەتتۇر). (تىرمىزى)

www.munber.org

# تاھارەت پەرزلىرىنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى

س: يۇيۇشنىڭ چېكى نىمە؟ قانداق يۇغاننى يۇيۇش دېگىلى بولمايدۇ؟

ج: بىرەر ئەزانى يۇغاندا سۇ ناھايىتى ئاز بولسا، سۇنى ئەزاغا سۈرتسە، بىر ئىككى تېمىمىمۇ سۇ ئاقماي ئەزا بىلەن نەملىشىپ تۆكسە، بۇنداق يۇيۇشنى يۇغانلىق دېگىلى بولمايدۇ، بۇ تاھارەت بولمايدۇ.

س: تاھارەتتە يۇيۇش پەرز بولغان ئەزانى نەچچە قېتىم يۇيۇش بىلەن پەرز ئادا تاپىدۇ؟

ج: بىر قېتىم يۇيۇش بىلەن پەرز ئادا تاپىدۇ (بىر قېتىمدىن يۇيۇش پەرزدۇر). بۇنىڭدىن ئارتۇق ئۈچ قېتىمغىچە يۇيۇش سۈننەتتۇر، ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇيۇش دۇرۇس ئەمەس، بەلكى مەكرۇھ.

س: يۈزنى نەدىن نەگىچە يۇيۇش پەرز؟

ج: پېشانىنىڭ چاچ چىققان يېرىدىن ئېڭەكنىڭ ئاستى ۋە ئىككى قۇلاقنىڭ ئارىلىقىدىن ئىبارەت يۈز قىسمىنى يۇيۇش پەرزدۇر.

س: تاھارەتتە يۇيۇش پەرز بولغان ئەزالاردىن بىرتال تۈك ئورنى چاغلىق يەر قۇرۇق قالسا (سۇ تەگمىسە)، تاھارەت دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: دۇرۇس بولمايدۇ.

س: بىر ئادەمنىڭ ئالتە بارمىقى بولسا، ئالتىنچى بارمىقىنى يۇيۇش پەرزمۇ؟

www.munber.org

ج: پەرزدۇر، تاھارەتتە يۇيۇش توغرا كەلگەن بىرەر ئەزادا شۇنداق بىر نەرسە ئارتۇق بولۇپ قالسا، شۇ نەرسىنىمۇ قوشۇپ يۇيۇش پەرز بولىدۇ.

س: مەسھ قىلىش دېگەن نېمە؟

ج: قولنى ھۆل قىلىپ ئەزانى سىلىغاننى مەسھ دېيىلىدۇ.

س: باشقا مەسھ قىلغاندا يېڭى سۇ ئېلىش زۆرۈرمۇ ياكى قولدا نەملىك بولسا كۇپايە قىلامدۇ؟

ج: يېڭى سۇ ئېلىش ياخشىدۇر. لېكىن قولدا ھۆللۈك بولسا، شۇ ھۆل قولى بىلەن مەسھ قىلسا كۇپايە قىلىدۇ.

س: يالاڭ بېشىغا يامغۇر تامچىسى چۈشسە، ئۇنى قۇرۇق قول بىلەن سۈرتسە، بۇنىڭ بىلەن باشقا مەسھ قىلىش ئادا تاپامدۇ ؟

ج: ئادا تاپىدۇ.

س: تاھارەتتە كۆزنىڭ ئىچىنى يۇيۇش پەرزمۇ ؟

ج: كۆزنىڭ، بۇرۇننىڭ، ئېغىزنىڭ ئىچىنى يۇيۇش پەرز ئەمەس.

س: تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن چاچنى ئالدۇرسا، تىرناقنى ئالسا، باشقا ئىككىنچى قېتىم مەسھ قىلىش ياكى تىرناقنى يۇيۇش زۆرۈرمۇ ؟

ج: زۆرۈر ئەمەس.

س: بىر ئادەمنىڭ جەينىكىنىڭ تۆۋەن تەرىپى كېسىلىپ كېتىپ جەينىكىنىڭ ئۆزى قېلىپ قالغان بولسا، قېلىپ قالغان شۇ قىسمىنى يۇيۇش پەرزمۇ؟

www.munber.org

ج. قىلىپ قالغان قىسمىنى يۇيۇش پەرزدۇر.

## تاھارەت سۈننەتلىرىنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى

س. تاھارەتكە نىيەت قىلمىسا، بۇنىڭ ھۆكمى نىمە؟

ج. ئېرىق ـ ئۆستەڭ سۇيىگە چۈشۈپ‏تۇ، ياكى يامغۇردا تۇرۇپ شۇ يامغۇرنى يۇيۇش تۇغرا كەلگەن بارلىق ئەزالىرىغا سۈرتۈپ‏تۇ، ياكى يامغۇرنى شۇ ئەزاغا ئاقتۇرۇپ‏تۇ، بۇنىڭدا تاھارەت بولىدۇ، يەنى شۇ تاھارەت بىلەن ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن تاھارەتنىڭ ساۋابى بېرىلمەيدۇ.

س. تاھارەتتە نىمە دەپ نىيەت قىلىش لازىم؟

ج. نىيەت «ئىرادە قىلىش» دىگەن بولۇپ، قاچان تاھارەت ئېلىشنى ئىرادە قىلسا، مۇنداق نىيەت قىلسا بولىدۇ: ”ناماز ئوقۇش ئۈچۈن نىجاسەتنى كەتكۈزۈپ پاكلىقنى ھاسىل قىلىمەن“.

س. نىيەتتە ئويلايدىغان كەلىمىنى ئېغىزدا دىيىش زۆرۈرمۇ؟

ج. ئېغىزدا دىيىش زۆرۈر ئەمەس.

س. تاھارىتى بار تۇرۇپ يەنە تاھارەت ئالماقچى بولسا نىيەت قىلامدۇ؟

ج. ساۋاپ تېپىش ئۈچۈن ”تاھارەت ئۈستىگە تاھارەت ئېلىۋاتىمەن“ دىگەننى قەلبىدە ئويلايدۇ.

س. تاھارەتتە «بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ» نى تولۇق ئوقۇش لازىممۇ؟

www.munber.org

ج: «بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ»نى تولۇق ئوقۇش، ياكى «بِسْمِ اللّٰهِ الْعَلِىِّ الْعَظِيْمِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ عَلىٰ دِيْنِ الاِسْلاَمِ»، ياكى «بِسْمِ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ» قاتارلىق ئۈچ خىل ئوقۇش دۇرۇستۇر.

س: مىسۋاك قىلىش قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ئۇسۇلى قانداق؟

ج: مىسۋاك قىلىش كۈچلۈك سۈننەت، بۇنىڭ ساۋابى ئىنتايىن چوڭدۇر ھەم بۇنىڭدا پايدا ئىنتايىن كۆپتۇر. مىسۋاك ئاچچىق دەرەخنىڭ يىلتىزى ياكى ياغىچى بولۇشى لازىم. مىسۋاك بىر غېرىچتىن ئۇزۇن بولماسلىقى لازىم، مىسۋاكنى يۇيۇپ ئىشلىتىش، ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە يۇيۇش لازىم. ئالدى بىلەن ئوڭ تەرەپنىڭ چىشلىرىغا سۈركەپ، ئاندىن سول تەرەپنىڭ چىشلىرىغا سۈركەش لازىم. مىسۋاكنى ئۈچ قېتىم سۈركەش، ھەر قېتىمدا يېڭى سۇ ئېلىش لازىم.

س: ئېغىزنى كانايغىچە سۇ ئاپىرىپ چايقاش قانداق ئەمەل؟

ج: تاھارەت ۋە غۇسۇلدا ئېغىزنى كانايغىچە سۇ ئاپىرىپ غەرغەر قىلىش سۈننەتتۇر. لېكىن روزىدا ئۇ قەدەر كانايغا ئاپىرىپ غەرغەر قىلماسلىقى لازىم.

س: بۇرۇنغا سۇ ئېلىشنىڭ تەرتىپى نېمە؟

ج: ئوڭ قولىغا سۇ ئېلىپ نەپەس ئارقىلىق بۇرۇنغا شۈمۈرىدۇ. لېكىن بەك دىمىقىغىچە شۈمۈرمىسىمۇ بولىدۇ. روزىدا بۇنىڭدىنمۇ بوشراق شۈمۈرىشى لازىم.

س: ساقالنى بارماقلىرى بىلەن ئارىلاش سۈننەتمۇ؟

www.munber.org

ج: ساقالنىڭ ئارىسىنى بارماقلىرى بىلەن ئارىلاش سۈننەتتۇر. ساقال يۈزلىرىدە بولسا، يۈزى بىلەن قوشۇپ ھەممىنى يۇيۇش پەرزدۇر.

س: بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىغا بارماقلىرىنى قانداق كىرگۈزۈش كېرەك؟

ج: بىر قولنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىغا يەنە بىر قولنىڭ بارماقلىرىنى كىرگۈزۈپ سىيرىش لازىم. پۇت بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىغا سول قولنىڭ بارماقلىرىنى كىرگۈزۈپ سىيرىدۇ. ئوڭ پۇتنىڭ چىمچىلاق بارماقلىرىدىن باشلاپ سول پۇتنىڭ چىمچىلاق بارمىقى بىلەن تۈگىتىدۇ.

س: باشنىڭ ھەممە يېرىگە قانداق مەسھ قىلىش لازىم؟

ج: ئىككى قولنى سۇ بىلەن ھۆل قىلىپ، باشنىڭ ئىككى تەرىپى، پېشانىنىڭ چاچ ئۈنگەن يېرىگە قولنى قويىدۇ. ئالقانلىرىنى بارماقلىرى بىلەن قوشۇپ گەدىنىگە ئاپىرىپ، يەنە قولنى قايتۇرۇپ ئالدىغا ئەكىلىدۇ. دېمەك، باشنىڭ ھەممە يېرىگە قول تەگسىلا بولىدۇ.

س: قۇلاققا مەسھ قىلىش ئۈچۈن يېڭى سۇ ئېلىش لازىممۇ؟

ج: لازىم ئەمەس، باشقا مەسھ قىلىش ئۈچۈن ھۆل قىلغان قولنىڭ ھۆللىكى كۇپايە قىلىدۇ. قۇلاقنىڭ ئىچىگە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن مەسھ قىلىش لازىم، قۇلاقنىڭ ئارقىسىغا باش بارماق بىلەن مەسھ قىلىش لازىم.

www.munber.org

# تاھارەت مۇستەھەبلىرىنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى

س: ئوڭ تەرەپتىن باشلاش سۈننەتمۇ ياكى مۇستەھەبمۇ؟

ج: بەزى ئالىملار سۈننەت دەپ قارايدۇ، بەزى ئالىملار مۇستەھەب دەپ قارايدۇ.

س: گەدەنگە قانداق مەسھ قىلىدۇ؟

ج: گەدەنگە ئىككى قولنىڭ بارماقلىرىنىڭ دۈمبە تەرىپى بىلەن مەسھ قىلىش لازىم، گالغا مەسھ قىلىش بىدئەتتۇر.

س: تاھارەتتە يەنە قانداق قائىدىلەر بار؟

ج: تاھارەتنىڭ قائىدىلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. مەسىلەن:

1) - چىمچىلاق قولنى ھۆل قىلىپ قۇلاقنىڭ تۆشۈكىنى تازىلاش.

2) - نامازنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىش.

3) - ئەزالارنى يۇغاندا، قول ئالقانلىرىنى چاپلاپ يۇيۇش.

4) - ئۈزۈكنى ھەرىكەتلەندۈرۈش.

5) - دۇنيا سۆزى قىلماسلىق.

6) - يۈزىگە سۇنى قاتتىق ئۇرماسلىق.

7) - سۇنى ئىسراپ قىلماسلىق.

8) - ھەر ئەزانى يۇغاندا "بىسمىللا» دىيىش.

9) - تاھارەت ئېلىپ بولۇپ دۇرۇد ئوقۇش.

10) ـــ تاھارەت ئېلىپ بولۇپ كەلىمە شەھادەت ۋە بۇ دۇئانى ئوقۇش: «اَللَّهُمَّ اجْعَلْنِىْ مِنَ التَّوَّابِيْنَ وَاجْعَلْنِىْ مِنَ الْمُتَطَهِّرِيْنَ».

www.munber.org

11) ـ تاھارەتتىن ئاشقان سۇدىن ئۆرە تۇرۇپ ئىچىش.

12) ـ تاھارەتتىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش.

## تاھارەتنى بۇزىدىغان قالدۇق مەسىلىلەر

س: بەدەندىن نىجىس نەرسە چىقىپ يېيىلسا، تاھارەت سۇنامدۇ؟

ج: بەدەنىنىڭ ھەرقانداق جايىدىن نىجىس نەرسە چىقىپ يېيىلسا تاھارەت سۇنىدۇ.

س: كۆز قاناپ ئىچىگە يېيىپ سىرتقا ئاقمىسا تاھارەت سۇنامدۇ؟

ج: سۇنمايدۇ. چۈنكى تاھارەت ۋە غۇسۇلدا كۆزنىڭ ئىچىنى يۇيۇش پەرز ئەمەس.

س: جاراھەتنىڭ ئۈستىگە قان ئاشكارا ئۆرلىسە، ئۇنى بارماق بىلەن ياكى لاتا بىلەن سۈرتسە، يەنە چىقسا يەنە سۈرتسە، ئۇدا بىر قانچە قېتىم مۇشۇنداق قىلسا تاھارەت سۇنامدۇ؟

ج: شۇنىڭغا قاراش كېرەككى، ئەگەر قاننى سۈرتىۋەتمىسە ئاقامدۇ. ئەگەر ئاقسا تاھارەت سۇنۇپ كېتىدۇ، ئاقمىسا سۇنمايدۇ.

س: قانداق قۇسۇقتا تاھارەت سۇنىدۇ؟

ج: ئېغىز توشقۇچە قۇسسا (تاماق بولسۇن ياكى سۇ بولسۇن) تاھارەت سۇنىدۇ. قان ئازغىنە يانسىمۇ تاھارەت سۇنىدۇ. ئەگەر ساپ بەلغەملا يانسا تاھارەت سۇنمايدۇ.

www.munber.org

س: ئاز ـ ئازدىن بىر قانچە قېتىم قۇسسا، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: بىر كۆڭۈل ئاينىش بىلەن بىر قانچە قېتىم ئاز ـ ئازدىن قۇسسا، يىغىپ كەلگەندە ئېغىز توشسا تاھارەت سۇنىدۇ. ئەگەر بىر كۆڭۈل ئاينىش بىلەن ئازلا ياندۇرسا، يەنە بىر كۆڭۈل ئاينىش بىلەن يەنە بىر ئاز ياندۇرسا، يەنە كۆڭۈل ئاينىسا، مۇشۇنداق قىلىپ كۆڭۈل ئاينىش بىر قانچە قېتىم بولسا، لېكىن ھەر قېتىمدا ياندۇرغان نەرسىدە ئېغىز توشمىسا، بۇنداق ئەھۋالدا تاھارەت سۇنمايدۇ.

س: بەدەننىڭ مەلۇم جايىدا مۇدۇر ـ چاقا بولۇپ، بۇنىڭدىن قان، يىرىڭ، ياكى زەرداپ ئېقىپ كېيىمگە يۇقۇپ قالسا كىيىم پاكمۇ، نىجىسمۇ؟

ج: قان، يىرىڭ، ياكى زەرداپ چىقىپ ئاقمىسا، كىيىمگە يۇقۇپ قېلىش بىلەن نىجىس بولمايدۇ. لېكىن يەنىلا يۇيىۋېتىش ياخشىراقتۇر.

س: ئېغىز توشمىغۇدەك ياندۇرغان قۇسۇق نىجىسمۇ؟

ج: نىجىس ئەمەس.

س: زۇلۇك بەدەنگە چاپلىشىپ قان شوراپ قورسىقى تويسا بۇنىڭ بىلەن تاھارەت سۇنامدۇ؟

ج: زۇلۇك قاننى شوراپ ئايرىلغاندىن كېيىن چاققان يېرىدىن قان ئاقمىغان بولسىمۇ، تاھارەت سۇنىدۇ. ئەمما پاشا، بۈرگە چېقىش بىلەن تاھارەت سۇنمايدۇ.

س: قايسى خىلدىكى ئۇيقۇدا تاھارەت سۇنمايدۇ؟

www.munber.org

ج: ئۆرە تۇرغان پېتى ئۇخلاپ قالسا؛ بىر نەرسىگە يۆلەنمەي ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالسا؛ نامازنىڭ ئىچىدە ئۇخلاپ قالسا. مەسىلەن: سەجدىدە ياكى قەئدىدە ئۇخلاپ قالسا تاھارەت سۇنمايدۇ.

س: ئۇخلىسىمۇ تاھارىتى سۇنمايدىغان ئادەم بارمۇ؟

ج: ھەئە، پەيغەمبەرلەر ئۇخلىسىمۇ تاھارىتى سۇنمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئارتۇقچىلىقىدۇر.

س: نامازدا كۈلۈپ كەتسە تاھارەت سۇنامدۇ؟

ج: نامازدا تۇرۇپ يېنىدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك كۈلۈپ كەتسە، تاھارەت سۇنۇپ كېتىدۇ. نامازدا كۈلۈش بىلەن تاھارەت سۇنۇشنىڭ شەرتى بار:

1) ـ كۈلۈپ كەتكۈچى بالاغەتكە يەتكەن ئەر ياكى ئايال بولۇشى. چۈنكى نارەسىدەنىڭ كۈلۈپ كېتىشى بىلەن تاھارەت سۇنمايدۇ.

2) ـ نامازدا ئۇخلاپ قېلىپ ئويغۇنۇپ قالغاندا كۈلۈپ كەتسە، تاھارىتى سۇنمايدۇ.

3) ـ رۇكۇ ۋە سەجدىلىك نامازدا كۈلۈپ كېتىش بىلەن تاھارەت سۇنۇپ كېتىدۇ. ئەگەر جىنازا نامىزىدا كۈلۈپ كەتسە تاھارەت سۇنمايدۇ.

س: باشقا بىرسىنىڭ ئەۋرىتىگە قاراپ قېلىش بىلەن تاھارەت سۇنامدۇ؟

ج: ئۆزىنىڭ، باشقىلارنىڭ ئەۋرىتىگە قەستەن ياكى قەستسىز قاراش بىلەن تاھارەت سۇنمايدۇ.

www.munber.org

# غۇسۇلنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى

س: غۇسۇل نەچچە خىلدۇر؟

ج: ئۈچ خىلدۇر: 1) پەرز. 2) سۈننەت. 3) مۇستەھەب.

س: پەرز غۇسۇل نەچچە؟

ج: ئالتە.

س: سۈننەت غۇسۇل قانچە؟

ج: تۆت،

1) ـ جۈمە نامىزى ئۈچۈن غۇسۇل قىلىش.

2) ـ ئىككى ھېيت نامىزى ئۈچۈن غۇسۇل قىلىش.

3) ـ ھەجگە ئېھرام باغلاشتىن بۇرۇن غۇسۇل قىلىش.

4) ـ ئەرەپاتتا تۇرۇش ئۈچۈن غۇسۇل قىلىش.

س: ـ مۇستەھەب غۇسۇل قانچە؟

ج: ـ مۇستەھەب غۇسۇل ئىنتايىن كۆپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسمىنى بايان قىلىمىز:

1) ـ تۈنەك كېچىسى غۇسۇل قىلىش.

2) ـ ئەرەفە كېچىسى غۇسۇل قىلىش، يەنى زۇلھەججىنىڭ 8 ـ كۈنى شامدىن كېيىنكى كېچىسى.

3) ـ كۈن ۋە ئاي تۇتۇلۇپ قالغاندا ئوقۇيدىغان نەفلە ناماز ئۈچۈن غۇسۇل قىلىش.

4) ـ سۇ تەلەپ قىلىش نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن غۇسۇل قىلىش.

www.munber.org

5) ــ مەككــە مۇكەررەمــە يــاكى مەدىنــە مۇنەۋۋەرەگــە كىرىدىغاندا غۇسۇل قىلىش.

6) ــ مېيىتنــى يۇيــۇپ بولغانــدىن كېيىــن يۇغــۇچىلارنىڭ غۇسۇل قىلىشى.

7) ــ كاپىــرنىڭ ئىســلام كەلتۈرگــەندىن كېيىــن غۇســۇل قىلىشى.

س: غۇسۇلغا ھاجىتى بولۇپ، سۇغا چۆمسە ياكى يامغۇردا تۇرسا، بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىگە سۇ ئاقسا، غۇسۇل ئادا تاپامدۇ؟

ج: ئېغىزغا ۋە بۇرۇنغا سۇ ئېلىش شەرتى بىلەن غۇسۇل ئادا تاپىدۇ.

س: غۇسۇل قىلغىلى تۇرغاندا قىبلىگە ئالدىنى قىلىش دۇرۇسمۇ؟

ج: غۇسۇل قىلغىلى تۇرغاندا بەدىنى قىپ ـ يالىڭاچ بولسا، قىبلىگە ئالدىنى قىلىش دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر ئەۋرىتى يېپىق بولسا دۇرۇستۇر.

س: ئەۋرەتنى ئوچۇق قويۇپ غۇسۇل قىلىشقا بولامدۇ؟

ج: غۇسۇلخانىدا ياكى باشقا بىر ئورۇندا بىرسى ئۇنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسىلا قىپ ـ يالىڭاچ ھالدا غۇسۇل قىلىش دۇرۇس.

س: غۇسۇلدا نەچچە ئىش مەكرۇھ؟

ج: تۆت ئىش مەكرۇھ:

1) ـ سۇنى ئىسراپ قىلىش.

www.munber.org

2) - ئەۋرەتنى ئېچىپ بولغاندا گەپ قىلىش.

3) — ئەۋرەت ئوچۇق ھالەتتە قىبلە تەرەپكە ئالدىنى قىلىش.

4) - سۈننەتكە خىلاپ غۇسۇل قىلىش.

س: غۇسۇلدىن بۇرۇن تاھارەت ئالمىسا، غۇسۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن نامازغا ئايرىم تاھارەت ئېلىش زۆرۈرمۇ؟

ج: زۆرۈر ئەمەس.

## ئاياغقا مەسھ قىلىشنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى

www.munber.org

س: مەسھىنىڭ مۇددىتى قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ؟

ج: پۇتنى يۇيۇپ ئالغان تاھارەت بىلەن ئاياغنى كىيىۋېلىپ شۇ تاھارىتى سۇنغاندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ (بىر كېچە - كۈندۈز ياكى ئۈچ كېچە كۈندۈز مەسھ قىلىش دۇرۇستۇر). مەسىلەن: جۈمە كۈنى ئەتىگەندە تاھارەت ئېلىپ ئاياغ كىيدى، بۇ تاھارەت پېشىنىنىڭ ۋاقتىدا سۇندى. ئەگەر ئۇ ئادەم مۇقىم بولسا شەنبە كۈنىنىڭ پېشىن ۋاقتىغىچە مەسھ قىلالايدۇ، مۇساپىر بولسا دۈشەنبە كۈنىنىڭ پېشىن ۋاقتىغىچە مەسھ قىلالايدۇ.

س: مەسھ نېمە بىلەن سۇنىدۇ؟

ج: تاھارەت سۇندىغان ئىشلار بىلەن مەسھمۇ سۇنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە

1) - مەسھىنىڭ مۇددىتى ئۆتۈپ كەتسە.

2) ـ ئاياغ سىلىنىپ كەتسە ياكى سىلىۋەتسە.

3) ـ ئاياغ ئۈچ بارماق پاتقۇدەك ئېچىلىپ، پۇت كۆرۈنۈپ قالسا، مەسھ سۇنۇپ كېتىدۇ.

س: تاھارەت ئېلىۋاتقاندا ئاياغ سىلىنىپ كەتسە ياكى تاھارەت ئېلىۋاتقاندا مەسھنىڭ مۇددىتى تولۇق ئۆتۈپ كەتسە، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا پۇتنى يۇيۇپلا ئاياغ كىيىۋالسا بولىدۇ، تاھارەتنى قايتا ئېلىش مۇستەھەبتۇر.

س: مۇساپىر ئاياغقا مەسھ قىلىشنى باشلىسا ۋە بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن ئۆيگە كېلىپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟

ج: ئاياغنى سىلىپ پۇتنى يۇيۇپ يېڭى باشتىن مەسھ قىلىشنى باشلايدۇ.

س: مۇقىم مەسھنى باشلاپ ئاندىن سەپەرگە چىقىپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟

ج: بىر كېچە ـ كۈندۈز توشۇشتىن ئىلگىرى سەپەرگە چىقىپ قالسا، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە ئاياغقا مەسھ قىلىدۇ. بىر كېچە ـ كۈندۈز تولۇق ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن سەپەرگە چىقىپ قالسا ئاياغنى سىلىۋېتىپ يېڭى باشتىن مەسھ قىلىشنى باشلايدۇ.

س: بىر پاي ئاياغ ئاز ـ ئازدىن بىر قانچە يەر يىرتىلىپ كەتسە، ھۆكمى نېمە؟

ج: بىر پاي ئاياغ ئاز ـ ئازدىن بىر قانچە يەر يىرتىلىپ كەتسە، ھەممە يىرتىقلارنى جەملىگەندە ئۈچ بارماق پاتقۇدەك كەلسە، مەسھ دۇرۇس ئەمەس. ئۇنىڭدىن كەم بولسا دۇرۇستۇر.

www.munber.org

ئىككى پايدىكى يىرتىقلارنى جەملىسە ئۈچ بارماق پاتقۇدەك تۆشۈك بار. لېكىن بىر پايدىكى تۆشۈكلەرنى جەملىسە ئۈنىڭغا يەتمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مەسھ قىلىش دۇرۇستۇر. دېمەك، بىر پاي ئاياغنىڭ تۆشۈكلىرى جەملىنىدۇ، ئىككى پاي ئاياغنىڭ تۆشۈكلىرى جەملەنمەيدۇ.

## ھەقىقىي نىجاسەت ۋە ئۇنى پاكلاشنىڭ قائىدىلىرى مەسىلىلىرى

س: خۇرۇمغا ئائىت نەرسىلەرگە ھەقىقىي نىجاسەت چاپلىشىپ قالسا قانداق قىلسا پاك بولىدۇ؟

ج: زېمىن ياكى باشقا نەرسىلەرگە سۈركەش بىلەن پاك بولىدۇ (نىجاسەتنىڭ ئەسىرى سۈركەش بىلەن چىقىپ كەتسە پاك بولىدۇ).

س: مەزكۇر نەرسىگە سۈيدۈك، ھاراق دېگەندەك سۈيۇق نىجاسەت تېگىپ قالسا قانداق پاك بولىدۇ؟

ج: مۇنداق نىجاسەتنى كەتكۈزەلەيدىغان سۈيۇقلۇق بىلەن يۇسا پاك بولىدۇ، يەنى جىسمى بار نىجاسەتنى سۈركەش، جىسمى يوق نىجاسەتنى يۇيۇش زۆرۈر.

س: پىچاق، قىلىچ، تۆمۈر، مىس، ئاليۇمىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مېتاللار نىجىس بولۇپ قالسا، يۇماستىن پاك بولامدۇ؟

ج: يۈزى سىلىق بولسا سۈرتىۋېتىش بىلەن پاك بولىدۇ، يۈزى قوتۇر بولسا يۇيۇش زۆرۈر. ئەينەكمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

www.munber.org

س: زېمىنغا نجاسەت چۈشسە (سۈيدۈك، هاراق دېگەندەك) قانداق قىلسا پاك بولىدۇ؟

ج: زېمىن قۇرۇپ نجاسەتنىڭ ئەسىرى (رەڭگى، پۇرىقى، تەمى) كەتسە پاك بولىدۇ.

س: مەسجىد ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلاردا خىش ياكى تاش ياتقۇزۇلغان بولۇپ، بۇنىڭغا نجاسەت تېگىپ قالسا قانداق قىلغاندا پاك بولىدۇ؟

ج: قۇرۇپ كېتىش ۋە ئەسىرى يوقىلىش بىلەن پاك بولىدۇ.

س: يۇغاندا سىققىلى بولمايدىغان. مەسىلەن: گىلەم، كىگىز، قوينى سويۇپ بولغاندىن كېيىن سۈيدۈكلىكىدىكى سۈيدۈك گۆشكە ئېقىپ كېتىش دېگەندەك نەرسىلەرنى پاك قىلىش ئۈچۈن قانداق يۇيۇش لازىم؟

ج: بۇنداق نەرسىلەرنى يۇيۇشنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: بىر قېتىم سۇ قۇيۇلىدۇ، سۇ تامچىلىرى تۈگىسە ئىككىنچى قېتىم يەنە سۇ قۇيۇلىدۇ، قاچان تامچە توختىسا ئۈچىنچى قېتىم يەنە سۇ قۇيۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پاك بولىدۇ.

س: ئىدىش، كوزا قاتارلىق سىغىزدىن ياسالغان نەرسىلەر نجىس بولۇپ قالسا پاك بولامدۇ؟

ج: بۇمۇ يۇيۇش بىلەن پاك بولىدۇ.

س: نجىس نەرسە. مەسىلەن: تېزەك كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتسە كۈلى پاكمۇ؟

ج: كۈلى پاكتۇر.

س: ياغقا چاشقان چۈشۈپ ئۆلسە، بۇنىڭ هۆكمى نېمە؟

www.munber.org

ج: ئۈيـغان يـاغ بولسـا، چاشـقان چۈشـكەن يـەرنى قـىرىـپ ئېلىـۋېتـىش بىلـەن قالغـان قىسـمى پـاك بولـىدۇ. ئەگـەر سـۈيۇق بولسا ياغنىڭ ھەممىسى نىجىس بولىدۇ.

س: نىجىس ياغ قانداق قىلسا پاك بولىدۇ؟

ج: نىجـىـس ياغقـا بـاراۋەر كەلگـۈدەك سـۈنى قۇيـۇپ تـازا ئىلەشتۇرۇپ قاينىتىلىدۇ. قايناتقانـدىن كېيـىن ياغ ئۈستىگـە ئۆرلـەپ سـۇ ئاسـتىغا ئولتۇرىـدۇ، ئۈستىگـە ئۆرلىگـەن يـاغنى سۈزۈپ ئېلىـۋېلىپ ئاستىدىكى سـۈنى تـۆكۈۋېتىپ ياغقـا يەنـە باراۋەر كەلگۈدەك سۇ قۇيۇپ يەنە قاينىتىلىدۇ. مۇشۇنداق ئۈچ قېتىم چەكلەنسە ياغ پاك بولىدۇ.

www.munber.org

## ئىستىنجانىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى

س: ئىسـتىنجادا قايسى ئىشلار مەكرۇھ؟

ج:

1) ـ قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ ئىستىنجا قىلىش.

2) ـ ئادەم بار تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ئىستىنجا قىلىش مەكرۇھ.

س: تەرەت قىلغاندا نىمىلەر مەكرۇھ؟

ج:

1) ـــ قىبلىـە تەرەپكـە ئالـدىنى يـاكى كـەينىنى قىلىـپ ئولتۇرۇپ تەرەت قىلىش.

2) ـ ئۆرە تۇرۇپ سىيىش.

3) - كۆل، ئېرىق، قۇدۇقلارنىڭ ئىچىگە ياكى ئۇلارنىڭ قىرغىقىغا تەرەت قىلىش.

4) - مەسجىد تېمىنىڭ تۈۋىگە تەرەت قىلىش.

5) - قەبرىستانغا تەرەت قىلىش.

6) ـــ چاشقان تۆشۈكلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۆشۈكلەرگە سىيىش.

7) - تەرەت قىلىۋېتىپ گەپ قىلىش.

8) - پەستە تۇرۇپ ئېگىزگە قارىتىپ سىيىش.

9) ـ كىشىلەرنىڭ ئىستىراھەت جايى ياكى ماڭىدىغان يوللىرىغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش.

10) - تاھارەت ئالىدىغان ياكى غۇسۇل قىلىدىغان جايغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش.

www.munber.org

## سۇنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى

س: ئاپتاپتا ئىسسىپ قالغان سۇدا تاھارەت ئېلىش دۇرۇسمۇ؟

ج: دۇرۇس. لېكىن ياخشى ئەمەس.

س: تاھارەت ئېلىۋاتقاندا بەدەندىن سۇ تامچىلىرى قاچىغا چۈشۈپ كەتسە، بۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش دۇرۇسمۇ؟

ج: بەدەندە ھەقىقىي نىجاسەت بولمىسا، بەدەندىن ئاققان سۇ ئىشلىتىلگەن سۇ دېيىلىدۇ. ئىشلىتىلگەن سۇ بىلەن ئىشلىتىلمىگەن سۇنى بىرلەشتۈرگەندە، ئىشلىتىلگەن سۇنىڭ

مىقدارى ئىشلىتىلمىگەن سۇدىن ئاز بولسا، بۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش ۋە غۇسۇل قىلىش دۇرۇستۇر. ئەگەر ئىشلىتىلگەن سۇنىڭ مىقدارى ئىشلىتىلمىگەن سۇغا باراۋەر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا، بۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش ھەم غۇسۇل قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

س: كۆلنىڭ توغرىسى تار، كەڭلىكى ئۇزۇن بولسا ئۆلچەپ كەلگەندە شەرئەت ئۆلچىمىگە يەتسە، بۇ كۆلنىڭ سۈيى ئېقىن سۇنىڭ ھۆكمىدە بولامدۇ؟

ج: ئېقىن سۇنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

## قۇدۇقلارنىڭ قالدۇق مەسىلىلىرى

س: قۇدۇققا كەپتەر ياكى قۇشقاچنىڭ پوقى چۈشۈپ كەتسە، ھۆكمى نېمە؟

ج: كەپتەر، قۇشقاچ پوقى، تۆگە، قوي، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ ئىككى ـ ئۈچ تال مايىقى چۈشۈپ كېتىش بىلەن قۇدۇق نجىس بولمايدۇ.

س: چېلەكنى ئېلىش ئۈچۈن قۇدۇققا كاپىر چۈشۈپ كېتىپ، قۇدۇقتىن چىقسا، قۇدۇق سۈيىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: كاپىر قۇدۇققا چۈشۈشتىن ئىلگىرى يۇيۇنغان بولسا ۋە پاكىز كىيىمنى كىيىپ چۈشكەن بولسا، قۇدۇقنىڭ سۈيى پاكتۇر. چۈشۈشتىن ئىلگىرى يۇيۇنمىغان ۋە ئۈچىسىدىكى كىيىۋاتقان كىيىمى بىلەن چۈشكەن بولسا، قۇدۇق سۈيىنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋېتىش كېرەك. چۈنكى كاپىرلارنىڭ بەدىنى ۋە كىيىملىرى كۆپىنچە نجىسلا تۇرىدۇ.

www.munber.org

# تەيەممۇمنىڭ بايانى

س: تەيەممۇم دېگەن نېمە؟

ج: پاك تۇپراق ياكى تۇپراقنىڭ ھۆكمىدىكى نەرسىلەر بىلەن بەدەننى مەنىۋى نىجاسەتتىن پاك قىلىش تەيەممۇم دېيىلىدۇ.

س: تەيەممۇم قاچان دۇرۇس بولىدۇ؟

ج: قاچانىكى سۇ تېپىلمىسا؛ سۇ ئىستېمال قىلىش بىلەن كېسەل بولۇپ قالسا ياكى كېسەللى ئايىنىپ قېلىشىنىڭ ئەندىشىسى بولسا تەيەممۇم قىلىش دۇرۇستۇر.

س: سۇ قانداق بولغاندا تېپىلمىغان بولىدۇ؟

ج: سۇ بىر مىل (تەخمىنەن ئۈچ مىڭ مېتىر) يىراقلىقتا بولسا ياكى بىرەر دۈشمەننىڭ خەۋپىدىن سۇ ئالغىلى يا ئەكەلگىلى بولمىسا. مەسىلەن: ئۆيىنىڭ سىرتىدا قۇدۇق بولۇپ، ئۆيىدىن چىقسا دۈشمەن زىيانكەشلىك قىلسا؛ قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا يىلان ـ چايانلار ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلار بولسا؛ يېنىدا ئازغىنە سۇ بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئالسا ئۇسسۇزلۇق ئەلمىنى تارتىپ قېلىشىنىڭ ئەندىشىسى بولسا؛ قۇدۇق بولسىمۇ سۇ تارتقۇدەك ئارغامچا، چېلەك بولمىسا؛ سۇ بولسىمۇ، ئۇنى ئېلىشقا مادارى يەتمىسە، يېنىدا سۇ ئېلىپ بېرىدىغان ئادەم بولمىسا، سۇ تېپىلمىغاننىڭ ھۆكمىگە كىرىدۇ.

س: كېسەل بولۇشنىڭ خەۋپى قاچان ھېسابقا ئېلىنىدۇ؟

www.munber.org

ج: ئۆز تەجرىبىسى بويىچە گۇمانى غالىب بولسا ياكى چوڭ دوختۇرنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن مەلۇم بولسا، تەيەممۇم دۇرۇستۇر.

س: سۇ بىر مىل يىراقلىقتا بولۇش دېگەن نېمە؟

ج: سۇ يوق جايغا چىقىپ قالسا لېكىن ئۇنىڭغا بىرسى شۇ ئەتراپتا سۇ بارلىقىنى ئېيتىپ بەرسە ياكى ئۆزىنىڭ قىياسىدا بىر مىل ئىچىدە سۇ بار دەپ گۇمانى غالىب كەلسە، مۇنداق ئەھۋالدا سۇ ئەكېلىپ تاھارەت ئېلىشى زۆرۈردۇر. لېكىن سۇ بار يەرنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئادەممۇ بولمىسا ھەم سۇنى زادىلا تاپالمىسا ياكى سۇ بار يەرنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر مىل ياكى ئۇنىڭدىن يىراق بولسا، مۇنداق ئەھۋالدا سۇ ئەكېلىپ تاھارەت ئېلىش زۆرۈر ئەمەس، تەيەممۇم قىلىش دۇرۇستۇر.

س: تەيەممۇمنىڭ پەرزى نەچچە؟

ج: تەيەممۇمنىڭ پەرزى ئۈچ:

1) ـ نىيەت قىلىش.

2) ـ ئىككى قولنى پاك تۇپراققا ئۇرۇپ يۈزنى سىلاش.

3) ـ ئىككى قولنى پاك تۇپراققا ئۇرۇپ ئىككى قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ سىلاش.

س: تەيەممۇم قىلىش قائىدىسىنى تولۇق كۆرسىتىڭ؟

ج: ئالدى بىلەن «مەن ناپاكلىقنى يوقىتىپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىمەن» دېگەننى كۆڭلۈڭدە نىيەت قىلغىن، ئاندىن ئىككى قولۇڭنى پاك تۇپراققا ئۇرۇپ قولۇڭدا توپا، چاڭ ـ توزان بولسا ئۇنى قېقىۋېتىپ يۈزۈڭنى تاھارەتتە

www.munber.org

يۇغانـدەك سـىلىغىن. بىـر تـال تۆكـنىـڭ ئورنىغا قـول تەگـمەي قالسا، تەيەمـمۇم دۇرۇس بولمايدۇ. قولۇڭنى پاك تۇپراققا يەنە ئـۇرغىن، قولۇڭـدىكى توپـىنى قىقـىۋىتىپ ئالـدى بىلـەن سـول قولنـىڭ تـۆتلا بـارمـىقىنى ئـوڭ قولنـىڭ بارمـىقىنـىڭ دۈمبىسىگـە قويۇپ، شۇ قويغان سول قولنىڭ تۆتلا بارمىقىنى ئوڭ قولنىڭ دۈمبىسى بىلەن جەينەككە سىيرىپ ئەكىلىپ جەينەك بىلەن قوشۇپ، شۇ قولنىڭ (بىلەكنىڭ) ئىچى بىلەن، بارماق تەرەپكە قايتـۇرغان پېتى سـىيرىپ چىقىرىۋەتكىن. ئانـدىن سـول قولغا كەلگەندىمۇ ئوڭ قولغا قىلغان پائالىيەتنى قىلغىن. دېمەك، سىلاش جەريانىدا بىر تال تۈك چاغلىق جاي ئايرىلىپ قالماسلىقى لازىم. ساقالغا بارماقنى كىرگۈزۈشمۇ سۈننەتتۇر.

س: تاھارەت ۋە غۇسۇلنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە تەيەممۇم دۇرۇسمۇ؟ ياكى تاھارەتتىلا دۇرۇسمۇ؟

ج: ھەر ئىككىلىسىدە تەيەممۇم دۇرۇستۇر.

س: قايسى نەرسىدە تەيەممۇم قىلسا دۇرۇس؟

ج: پاك تۇپراق، قۇم، تاش، ھاك، خام كېسەك، خىش، سېمونت تام، خىش تام قاتارلىقلارغا تەيەممۇم قىلىش دۇرۇستۇر. شۇنىڭدەك پاك چاڭ ـ توزانغىمۇ تەيەممۇم قىلىش دۇرۇستۇر. دېمەك، تۇپراق ۋە تۇپراق ھۆكمىدىكى نەرسىلەرگە ئۇرۇپ تەيەممۇم قىلىش دۇرۇستۇر. بۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرگە ئۇرۇپ تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

س: قايسى نەرسىلەرگە ئۇرۇپ تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس ئەمەس؟

ج: ياغاچ، تۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، ئاليۇمىن، ئەينەك، قوغۇشۇن، تۈچ، ئاشلىق، رەخت، كۆل قاتارلىقلارغا

www.munber.org

ئۆرۈپ تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس ئەمەس. بۇنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەككى، ئوتتا ئېرىپ ياكى كۆيۈپ كېتىدىغان نەرسە بولسا بولمايدۇ. ئوتتا كۆيمەيدىغان ياكى ئېرىمەيدىغان نەرسە بولسا بولىدۇ.

س: تاش، ھاك، خىش تاملاردا توپا ـ توزانلار بولمىسا تەيەممۇم قىلىش دۇرۇسمۇ؟

ج: بىز تەيەممۇم قىلىشقا بولىدىغان نەرسىلەرنى بىرمۇبىر ئۇقتۇرۇپ بولدۇق، ئۇنىڭدا توپا ـ توزاننىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس.

س: تەيەممۇم دۇرۇس ئەمەس دەپ كۆرسىتىلگەن نەرسىلەردە چاڭ ـ توزان بولسا، ئۇنىڭغا قولنى ئۇرۇپ تەيەممۇم قىلىش دۇرۇسمۇ؟

ج: ئۇنىڭدىكى چاڭ ـ توزانلار قولنى ئۇرۇش بىلەن توزىسا ياكى قولنى قويۇپ كۆتۈرسە قولنىڭ ئىزى چىقسا، تەيەممۇم قىلىش دۇرۇستۇر.

س: سۇ يوق يەردە «قۇرئان كەرىم» ئوقۇش، «قۇرئان كەرىم» نى تۇتۇش، مەسجىدكە كىرىش، ئەزان ئېيتىش، ياكى سالامغا جاۋاپ بېرىش نىيىتى بىلەن تەيەممۇم قىلسا، مۇشۇ تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇش دۇرۇسمۇ؟

ج: دۇرۇس ئەمەس.

س: جىنازا نامىزى ياكى تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش نىيىتى بىلەن تەيەممۇم قىلسا، بۇ تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇش دۇرۇسمۇ؟

ج: دۇرۇستۇر.

www.munber.org

س: سۇ تېپىلمىغانلىقتىن تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇپ بولدى. ئاندىن سۇ تېپىلدى. بۇنىڭ ھۆكمى نىمە؟

ج: ناماز ئادا بولۇپبولدۇ. مەيلى سۇ ناماز ۋاقتىنىڭ ئىچىدە تېپىلسۇن ياكى ۋاقتى ئۆتۈپ بولغاندا تېپىلسۇن. ئەمدى ئۇنى قايتا ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

س: تەيەممۇم نىمە بىلەن سۇنىدۇ؟

ج: تاھارەت سۇنغان نەرسە بىلەن تەيەممۇممۇ سۇنىدۇ، يەنە بىرسى سۇ تېپىلمىغانلىقتىن تەيەممۇم قىلغان ئىدى، ئەمدى سۇغا قادىر بولۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەنمۇ تەيەممۇم سۇنىدۇ. ئەگەر كېسەل ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئۆزرە بىلەن تەيەممۇم قىلغان بولسا، بۇ ئۆزرىسى كېتىش بىلەنمۇ تەيەممۇم سۇنىدۇ.

س: بىر ۋاقىت نامازغا ئاتاپ تەيەممۇم قىلغان بولسا، بۇنىڭ بىلەن باشقا نامازنى ئوقۇسا بولامدۇ؟

ج: بىر تەيەممۇم بىلەن شۇ تەيەممۇم سۇنۇپ كەتمىگەنلا بولسا، بىر قانچە نامازنى ئوقۇيالايدۇ. شۇنىڭدەك، پەرز نامازغا ئاتاپ تەيەممۇم قىلغان بولسا، بۇ تەيەممۇم بىلەن پەرز ناماز، نەفلە ناماز، قۇرئان تىلاۋەت، جىنازا نامىزى، تىلاۋەت سەجدىسى قاتارلىقلار دۇرۇس بولىدۇ.

س: تەيەممۇمنىڭ مۇددىتى قانچىلىك؟

ج: سۇ تېپىلغۇچە ياكى ئۆزرىسى داۋاملىشىۋەرسە، قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىدىن قەتئىينەزەر تەيەممۇم دۇرۇس بولىدۇ.

www.munber.org

# نامازنىڭ ئىككىنچى شەرتى «كىيىم پاك بولۇش» نىڭ بايانى

س: قايسى كىيىمنىڭ پاك بولۇشى زۆرۈر؟

ج: بۇنىڭدىن ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شىم، كۆينەك، باش كىيىم، سەللە قاتارلىقلارنىڭ پاك بولۇشى زۆرۈردۇر، يەنى بۇ كىيىملەرنىڭ بىرەر يېرىگە ئېغىر نىجاسەت بىر تەڭگە مىقداردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى؛ يەڭگىل نىجاسەت تۆتتىن بىرىگە يەتمەسلىكى نامازنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتىدۇر. دېمەك، ئېغىر نىجاسەت بىر تەڭگە مىقدارى ياكى بۇنىڭدىن كەم ۋە يەڭگىل نىجاسەت كىيىمنىڭ تۆتتىن بىرىدىن كەم بولسا، ئۇقماي ناماز ئوقۇپ قالسا ناماز بولىدۇ. لېكىن مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ.

س: سەللىنىڭ ئازراق يېرى نىجىس، ئەمما نامازدا تۇرغۇچى نىجىس تەرىپىنى كەينىگە قايرىۋېتىپ، پاك تەرىپىنى سەللە قىلىپ يۆگىسە ناماز دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ بەدىنىدە تۇرىدىغان كىيىم ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچى ھەرىكەتلەنسە، ئۇمۇ تەڭ ھەرىكەتلەنسە، مۇنداق كىيىمنىڭ ھەممە يېرىنىڭ پاك بولۇشى شەرتتۇر. دېمەك، بۇ ئەھۋالدا ناماز بولمايدۇ. چۈنكى ناماز ئوقۇغۇچى ھەرىكەتلىنىش بىلەن تەڭ سەللىمۇ ئەلۋەتتە ھەرىكەتلىنىدۇ.

www.munber.org

# نامازنىڭ ئۈچىنچى شەرتى «جاينىڭ پاك بولۇشى» نىڭ بايانى

س: جاي پاك بولۇش دېگەن نېمە؟

ج: ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىككى قەدىمى، ئىككى تىزى ۋە ئىككى قولى شۇنداقلا سەجدىنىڭ جايلىرى پاك بولۇشى شەرتتۇر.

س: ناماز ئوقۇغىدەك يەر پاك. لېكىن ئۇنىڭ باشقا تەرىپى نىجىس بولسا، مۇنداق ئورۇندا ناماز ئوقۇش دۇرۇسمۇ؟

ج: پاك تەرىپىدە ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ، نىجىس تەرەپىنىڭ ئۇنىڭغا تەسىرى بولمايدۇ. يەنە بىرسى بىر نەرسىنىڭ بىر يۈزى پاك يەنە بىر يۈزى نىجىس. مەسىلەن: تاختاي. ئۇنىڭ پاك يۈزىدە ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ، نىجىس تەرىپىنىڭ ئۇنىڭغا تەسىرى بولمايدۇ. ئەگەر يۇپقا ۋە نېپىز رەختتە ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ يەنە بىر يۈزىدە نىجاسەت بولسا ناماز دۇرۇس بولمايدۇ.

س: جايناماز قىلىدىغان نەرسە قوش بولۇپ، بىر يۈزى پاك، يەنە بىر يۈزى نىجىس بولسا، بۇنىڭدا ناماز ئوقۇش دۇرۇسمۇ؟

ج: قوش نەرسە ئۆز ئارا چېتىق ھالدا تىكىلمىگەن بولسا، بىر يۈزى يەنە بىر يۈزىدىكى نىجاسەتنىڭ پۇرىقى ياكى رەڭگىنى ئۆتكۈزمىگۈدەك دەرىجىدە قېلىن بولسا، ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇش دۇرۇستۇر. ئەگەر ئىككى قەتى بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ تىكىلگەن بولسا، بۇنىڭدا ناماز ئوقۇشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم.

www.munber.org

س: پاسكىنا يەر، پاسكىنا رەخت، پاسكىنا سېلىنچىلارنىڭ ئۈستىگە جايناماز سېلىپ ناماز ئوقۇسا بولامدۇ؟

ج: ئۈستىگە سېلىنغان نەرسىدە تېگىدىكى نىجاسەتنىڭ پۇرىقى ياكى رەڭگى سېزىلمىسە ناماز ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ.

س: ناماز ئوقۇيدىغان جاي پاك. لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا نىجاسەت بولۇپ، ئۇنىڭ پۇرىقى ناماز ئوقۇغۇچىغا پۇراپ تۇرسا ناماز دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: ناماز دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن قەستەن ئۇنداق جايدا ناماز ئوقۇش ياخشى ئەمەس.

## نامازنىڭ تۆتىنچى شەرتى «ئەۋرەتنى يېپىش» نىڭ بايانى

س: ئەۋرەتنى يېپىش دېگەن نېمە؟

ج: ئەرلەرنىڭ كىندىكتىن تىزغىچە بولغان ئارىلىقنى يېپىشى پەرز. بۇ نامازنىڭ ئىچىدىمۇ ھەم سىرتىدىمۇ پەرزدۇر. ئاياللارنىڭ قول ئالقىنى، پۇت ئالقىنى ۋە يۈزىدىن باشقا بارلىق ئەزالىرىنى ئورىشى پەرزدۇر. گەرچە ئاياللارغا نامازدا يۈزىنى ئوراش پەرز بولمىسىمۇ لېكىن يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا يۈزى ئوچۇق تۇرۇش جايىز ئەمەس.

س: ئەۋرەتنىڭ بىرەر قىسمى قەستەن قىلماستىن ئۆزلىكىدىن ئېچىلىپ قالسا، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: ئەۋرەتنىڭ تۆتتىن بىرى ئېچىلىپ قالسا، يەنى «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيْمِ»نى ئۈچ قېتىم دېگەن مىقدارى ئوچۇق تۇرسا ناماز

www.munber.org

بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئىچىلىپ قالغان ھامان دەرھال يېپىۋالسا ناماز دۇرۇس بولىدۇ.

س: قاراڭغۇدا يالىڭاچ ناماز ئوقۇسا، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: كېيىمى بار تۇرۇپ يالىڭاچ ناماز ئوقۇسا، قاراڭغۇ ياكى يورۇق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ناماز دۇرۇس بولمايدۇ.

س: ئەۋرەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى قەستەن ئېچىۋەتسە، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: ئوراشقا تەۋە ئەزالارنى ئېچىۋەتسە، ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

س: كېيىم زادىلا بولمىسا قانداق قىلىدۇ؟

ج: ئەزانى ياپقۇدەك ھېچ نەرسە بولمىسا. مەسىلەن: كېيىمگە ئەسلا يوق، پاخال ـ چاۋارمۇ بولمىسا يالىڭاچ ناماز ئوقۇيدۇ. لېكىن بۇ ھالەتتە نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇش. رۇكۇ، سەجدىلەرنى ئىشارەت بىلەن ئادا قىلىش ياخشىراقتۇر.

www.munber.org

## نامازنىڭ بەشىنچى شەرتى «ۋاقىت» نىڭ بايانى

س: ناماز ئۈچۈن ۋاقىت شەرت دېگەن نېمە؟

ج: ناماز ئۈچۈن ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىت بار. شۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئوقۇسا ناماز دۇرۇس بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى ئوقۇپ قويسا ناماز قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇ ۋاقىتتىن كېيىن ئوقۇپ قويسا ئادا بولمايدۇ (ئۆز ۋاقتىنىڭ ئىچىدە ئوقۇغان بولمايدۇ)، بەلكى قازاغا ھېساب بولىدۇ (ۋاقتى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇغان بولىدۇ).

س: ناماز قانچىلىك ۋاقىتتا پەرزدۇر؟

ج: بىر كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئىچىدە بەش خىل ۋاقىت بار. شۇ بەش خىل ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بەش خىل ناماز پەرزدۇر. بۇنىڭدىن باشقا ۋىتىر دەپ بىر ناماز بولۇپ، بۇ ۋاجىپ نامازدۇر.

س: پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، نەفلە دېگەن نېمە؟

ج: قەتئىي دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان، پەرز دېيىلىدۇ. يەنى بۇنىڭ ئىسپاتلىنىشىدا ھېچقانداق شەك يوق، بۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ، ئۆزرىسىز تەرك ئەتكۈچى پاسىق بولىدۇ ھەم ئازابقا لايىق بولۇپ قالىدۇ. گۇمانى دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان، ۋاجىپ دېيىلىدۇ. بۇنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولمايدۇ، ئۆزرىسىز تەرك ئەتكۈچى پاسىق ۋە ئازابقا لايىق بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ، ساھابىلار قىلغان ياكى قىلىشقا ئەمرى قىلغان ئىشلار سۈننەت دېيىلىدۇ. شەرىئەتتە پەزىلىتى ئىسپاتلانغان، قىلسا ساۋاب بولىدىغان، تەرك ئەتسە جازالانمايدىغان ئەمەل نەفلە دېيىلىدۇ. بۇ مُسْتَحَب، مَنْدُوْب ۋە تَطَوُّع مۇ دېيىلىدۇ.

س: پەرز نەچچە خىل؟

ج: ئىككى خىل: پەرز ئەين ۋە پەرز كىفايە. پەرز ئەين ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەت بولۇپ، ئۇنى يەنە بىر كىشىنىڭ ئادا قىلىپ قويۇشى دۇرۇس بولمايدۇ، بۇ پەرز ئەين دېيىلىدۇ. پەرز ئەيىنى ئۆزرىسىز تەرك ئەتكۈچى پاسىق ۋە گۇناھكار بولىدۇ. پەرز كىفايە بىر ـ ئىككى ئادەمنىڭ ئادا قىلىپ قويۇشى بىلەن

www.munber.org

قالغانلىرىنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ، ھېچكىم ئورۇندىمىسا ھەممىسى بىردەك گۇناھكار بولىدۇ.

س: سۈننەت نەچچە خىل؟

ج: ئىككى خىل: بىرى سۈننىتى مۇئەككەدە (ئەڭ كۈچلۈك سۈننەت)، يەنە بىرى سۈننىتى غەيرى مۇئەككەدە (يۇقىرىقىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن سۈننەت). رەسۇلۇللاھ داۋاملىق قىلغان ياكى قىلىشقا بۇيرىغان، شۇ پېتى ئىزچىل تۇردە قىلىنىپ كەتكەن ئىش ـ ھەرىكەت سۈننىتى مۇئەككەدە دېيىلىدۇ. بۇنداق سۈننەتلەرنى ئۆزرىسىز تەرك ئېتىش گۇناھتۇر، تەرك ئېتىشنى ئادەت قىلىۋېلىش قاتتىق گۇناھتۇر. رەسۇلۇللاھ كۆپىنچە ھاللاردا قىلىپ كەلگەن لېكىن بەزىدە ئۆزرىسىزمۇ تەرك ئەتكەن ئىش سۈننىتى غەيرى مۇئەككەدە دېيىلىدۇ. بۇ خىلدىكى سۈننەتلەرنى قىلسا، مۇستەھەبتىن بەكرەك ساۋاپ بار، تەرك ئېتىش بىلەن گۇناھكار بولمايدۇ. بۇ سۈننەتلەرنى سۈننەنى زەۋائىد (قوشۇمچە سۈننەتلەر)مۇ دېيىلىدۇ.

س: ھارام ۋە مەكرۇھى تەھرىمى ۋە مەكرۇھى تەنزىھى دېگەن نېمە؟

ج: شەكىللىنىشتە قەتئىي دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان، قىلغۇچى پاسىق ۋە ئازابقا دۇچار بولىدىغان، ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولىدىغان ئىشلار ھارام دېيىلىدۇ. شەكىللىنىشتە گۇمانى دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان، ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولمايدىغان لېكىن قىلغۇچى گۇناھكار بولىدىغان ئىشلار مەكرۇھى تەھرىمى دېيىلىدۇ. تەرك ئەتسە ساۋاپ بولىدىغان، قىلسا ئازاب بولمايدىغان ئىشلارمەكرۇھى تەنزىھى دېيىلىدۇ. لېكىن بۇ بىر خىل ناچارلىقتۇر.

س: مۇباھ دېگەن نېمە؟

www.munber.org

ج: قىلىش ـ قىلماسلىق بىلەن گۇناھمۇ، ساۋابمۇ بولمايدىغان ئىشلار مۇباھ دېيىلىدۇ.

س: بامدات نامازنىڭ ۋاقتى قايسى؟

ج: بامدات نامازنىڭ ۋاقتى كۈن چىقىشتىن تەخمىنەن بىر يېرىم سائەت ئىلگىرى شەرق تەرەپتىكى ئاسمان ئەتراپىدا بىر ئاقلىق كۆرۈنىدۇ، ئۇ ئاقلىق زېمىندىن تىك ئۈستۈن تەرەپكە بىر تۈۋرۈك شەكلىدە ئۈستۈنگە ئۆرلەيدۇ، بۇ سۈبھى كازىب (يالغان سۈبھى) دېيىلىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن بۇ ئاقلىق غايىب بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئاقلىق كۆرۈنىدۇ. بۇ شەرق تەرەپتىن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە يېيىلغان ھالەتتە ئۈستۈن تەرەپكە ئەتراپلىق ھالەتتە كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ سۈبھى سادىق (راست سۈبھى) دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ سۈبھى سادىق بولۇشى بىلەن تەڭ بامدات نامازنىڭ ۋاقتى باشلىنىدۇ ۋە كۈن چىققىچە داۋاملىشىدۇ، كۈن چەمبىرىكى كۆرۈنگىلى تۇرغان ھامان بامداتنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىدۇ.

س: پېشىن نامازنىڭ ۋاقتى قايسى؟

ج: پېشىن نامازنىڭ ۋاقتى كۈن چۈش ۋاقتىدىن قايرىلغاندىن تارتىپ باشلىنىدۇ، كۈن ئولتۇرۇشقا ئىككى سائەت يىگىرمە مىنۇت قالغىچە داۋاملىشىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن پېشىننىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىدۇ.

س: پېشىننىڭ مۇستەھەب ۋاقتى قايسى؟

ج: تومۇزدا كۈننىڭ ئۆتكۈر ھارارىتى سەل پەسلىگەندە ئوقۇش، قىش كۈنلىرى ئاۋۋالقى ۋاقتىدىلا ئوقۇش مۇستەھەبتۇر.

س: ئەسىر نامازنىڭ ۋاقتى قايسى؟

www.munber.org

ج: پېشىنىنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكەن ھامان ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرىدۇ، ۋاقتى كۈن پاتقىچە تۇرىدۇ. لېكىن كۈن بەك پەسلەپ كېتىپ ساغىرىپ قالسا، بۇ چاغدا ئەسىرنى ئوقۇش مەكرۇھتۇر، كۈن ساغىرىپ قالغۇچە ئوقۇپ بولۇش لازىم.

س: شام نامازىنىڭ ۋاقتى قايسى؟

ج: كۈن ئولتۇرغان ھامان شام نامازىنىڭ ۋاقتى باشلىنىدۇ ۋە شەپەق غايىب بولغۇچە تۇرىدۇ.

س: شەپەق دېگەن نېمە؟

ج: كۈن پاتقاندىن كېيىن غەرب تەرەپنىڭ ئاسمىنىدا بىر قىزىللىق پەيدا بولىدۇ، بۇ شەپەق ئەھمەر (قىزىل شەپەق) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قىزىللىق غايىب بولغاندىن كېيىن بىر ئاقلىق پەيدا بولىدۇ، بۇ شەپەق ئەبيەز (ئاق شەپەق) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئاقلىقمۇ غايىب بولۇپ كېتىپ ئاسماننىڭ ھەممە يېرى بىر خىللا كۆرۈنىدۇ. بۇ ئاق شەپەق غايىب بولغانغا قەدەر شام نامازىنىڭ ۋاقتى تۇرىدۇ.

س: شام نامازىنىڭ مۇستەھەب ۋاقتى قايسى؟

ج: ئاۋۋالقى ۋاقتى مۇستەھەبتۇر، ئۆزرىسىز كېچىكتۈرۈۋېتىش مەكرۇھتۇر.

س: خۇپتەننىڭ ۋاقتى قايسى؟

ج: ئاق شەپەق غايىب بولغاندىن كېيىن خۇپتەننىڭ ۋاقتى باشلىنىدۇ، سۈبھى سادىققىچە تۇرىدۇ.

س: خۇپتەننىڭ مۇستەھەب ۋاقتى قايسى؟

ج: كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىگىچە مۇستەھەب ۋاقتتۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن يېرىم كېچىگىچە مۇباھ ۋاقتتۇر، بۇنىڭدىن

www.munber.org

كېيىن قالسا مەكرۇھ (خۇپتەننى يېرىم كېچىدىن كېيىن ئوقۇش مەكرۇھتۇر).

س: ۋىتىر نامازنىڭ ۋاقتى قايسى؟

ج: ۋىتىر نامازنىڭ ۋاقتى خۇپتەندىن كېيىن، ۋىتىرنى خۇپتەندىن ئىلگىرى ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس.

س: ۋىتىرنىڭ مۇستەھەب ۋاقتى قايسى؟

ج: كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئويغۇنۇشقا ئىشەنچىسى بار كىشىنىڭ، كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇشى مۇستەھەبتۇر. لېكىن كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئويغۇنۇشقا ئىشەنچىسى بولمىسا، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋىتىر ئوقۇۋېلىپ يېتىشى لازىم.

www.munber.org

## نامازنىڭ ئالتىنچى شەرتى «قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش» نىڭ بايانى

س: نامازدا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش شەرتمۇ؟

ج: ناماز ئوقۇۋاتقاندا ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدى قىبلە تەرەپكە بولۇشى زۆرۈر.

س: مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى قايسى؟

ج: بەيتۇللاھ. بەيتۇللاھ بىر ئۆي بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھىرىگە جايلاشقان. بۇ ئۆي كَعْبَةُ اللّٰه، بَيْتُ اللّٰه ۋە بَيْتُ الْحَرَمِ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

س: قىبلە قايسى تەرەپ؟

ج: ھىندىستان، پاكىستان، بېنگال ۋە بىزنىڭ رايونلىرىمىزدا قىبلە غەرب تەرەپتە. چۈنكى بۇ دۆلەتلەر مەككىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان.

س: كىشىلەرنىڭ ئالدى قىبلە تەرەپكە بولمىسا ۋە شۇ تەرەپكە ئۆرۈلۈشكىمۇ قادىر بولالمىسا قانداق قىلىدۇ؟

ج: كېسەلنى قىبلە تەرەپكە توغرىلاپ قويىدىغان ئادەم بولسا ۋە كېسەلگە بەكرەك ئاغرىپ كېتىشىنىڭ ئەندىشىسىمۇ بولمىسا، قىبلە تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر باشقا ئادەم بولمىسا ياكى توغرىلىسا كېسەلگە قاتتىق ئاغرىپ كېتىش ئىشلىرى بولۇپ قالسا، ئۆزى قايسى تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ئولتۇرغان ياكى ياتقان بولسا، شۇ تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

## نامازنىڭ يەتتىنچى شەرتى «نىيەت» نىڭ بايانى

س: نىيەت دېگەن نېمە؟

ج: نىيەت دەپ ئىرادە قىلغاننى دەيدۇ.

س: نىيەتتە نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ؟

ج: ئوقۇشنى ئىرادە قىلىۋاتقان خاس پەرزنىلا نىيەت قىلىدۇ. مەسىلەن: بامدات نامازنى ئوقۇشنى ئىرادە قىلسا كۆڭلىدە: "بۈگۈنكى بامدات نامازنى ئوقۇيمەن» دەپ نىيەت قىلىدۇ. ئەگەر ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئۇنىڭ نىيىتىنى قىلىشىمۇ زۆرۈر.

س: نىيەتنى تىل بىلەن دېيىش قانداق؟

www.munber.org

ج: تىلى بىلەن دېيىش مۇستەھەبتۇر. ئەگەر تىلى بىلەن دېمىسە، نامازغا ھېچقانداق نۇقسان يەتمەيدۇ، تىلدا دېسە ياخشىدۇر.

س: نەفلە نامازغا قانداق نىيەت قىلىش لازىم؟

ج: «نەفلە ناماز ئوقۇيمەن» دېگەننىلا نىيەت قىلسا كۇپايە قىلىدۇ. سۈننەت ۋە تەراۋىھ نامىزىدا شۇنچىلىكلا نىيەت قىلسا، كۇپايە قىلىدۇ (كۆڭلىدە «سۈننەت ياكى تەراۋىھ نامىزى ئوقۇيمەن» دېسە بولىدۇ).

## ئەزاننىڭ بايانى

www.munber.org

س: ئەزان دېگەن نېمە؟

ج: ئەزان دېگەن ئېلان ۋە خەۋەر قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. لېكىن شەرىئەتتە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن خاس كەلىمىلەر بىلەن خەۋەر قىلغاننى ئەزان دەيدۇ.

س: ئەزان پەرزمۇ، سۈننەتمۇ؟

ج: ئەزان سۈننەتتۇر. لېكىن ئەزاندا ئىسلامنىڭ خاس بىر شۇئارى كۆرۈلىدۇ، شۇڭا بۇ كۆپ تەكىتلىنىدۇ.

س: ئەزان ئوقۇش قايسى نامازلاردا سۈننەتتۇر؟

ج: بەش ۋاقىت ناماز ۋە جۈمە نامىزىدا ئەزان ئوقۇش سۈننەتتۇر. باشقا نامازلاردا ئەزان ئوقۇش سۈننەت ئەمەس.

س: ئەزاننى قايسى ۋاقىتتا ئېيتىدۇ؟

ج: ھەر پەرز نامازنىڭ ئەزىنىنى شۇ پەرز نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندىلا ئېيتىدۇ. ئەگەر نامازنىڭ ۋاقتىدىن بۇرۇن ئېيتىپ قويغان بولسا، ۋاقتى كىرگەندە قايتا ئېيتىدۇ.

س: ئەزاندا مۇستەھەب ئىشلار قايسى؟

ج: ئەزاندا يەتتە ئىش مۇستەھەب:

1) ـ قىبلە تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇش.

2) ـ ئەزان كەلىمىلىرىنى توختاپ ـ توختاپ ئالدىرىماي ئېيتىش.

3) ـ ئەزان ئېيتقىلى تۇرغاندا ئىككى قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئىككى قۇلاقىنىڭ تۆشۈكىگە قويۇش.

4) ـ ئېگىز جايغا چىقىپ ئەزان ئېيتىش.

5) ـ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئەزان ئېيتىش.

6) ـ «حَيَّ عَلَى الصَّلوٰةِ» دېگەندە ئوڭ تەرەپكە «حَيَّ عَلَى الْفَلاَحِ» دېگەندە سول تەرەپكە قايرىلىش.

7) ـ بامدات نامازنىڭ ئەزىنىدا «حَيَّ عَلَى الْفَلاَحِ»تىن كېيىن «اَلصَّلوٰةُ خَيْرٌ مِّنَ النَّوْمِ»نى ئىككى قېتىم ئېيتىش.

س: تەكبىر دېگەن نېمە؟

ج: پەرز ناماز باشلىنىدىغان ۋاقىتنىڭ ئالدىدىلا ئەزاندا ئوقۇيدىغان كەلىمىلەرنى ئېيتىدۇ. لېكىن «حَيَّ عَلَى الْفَلاَحِ» تىن كېيىن «قَدْ قَامَتِ الصَّلوٰةُ»نى ئىككى قېتىم ئەزان كەلىمىلىرىگە زىيادە قىلغانىنى تەكبىر دەيدۇ.

www.munber.org

س: تەكبىر ئېيتىش قانداق ئەمەل؟

ج: تەكبىرمۇ پەرز نامازلار ئۈچۈن سۈننەتتۇر، پەرز نامازلاردىن باشقا نامازلاردا سۈننەت ئەمەس.

س: ئەزان ۋە تەكبىر ئەر ـ ئاياللار ئىككىلىسى ئۈچۈن سۈننەتمۇ؟

ج: ياق، بەلكى ئەرلەر ئۈچۈنلا سۈننەتتۇر.

س: تاھارەتسىز ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىش دۇرۇسمۇ؟

ج: ئەزاننى تاھارەتسىز ئېيتىش دۇرۇستۇر. لېكىن بۇنىڭغا ئادەتلىنىۋېلىش گۇناھتۇر، تاھارەتسىز تەكبىر ئېيتىش مەكرۇھتۇر.

س: كىشى بەزى ۋاقىتلاردا پەرز نامازنى ئۆيدە ئوقۇپ قالسا، ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتامدۇ؟

ج: مەھەللىنىڭ مەسجىدىدە ئېيتقان ئەزان ۋە تەكبىر كۇپايە قىلىدۇ لېكىن ئۆزى ئېيتقان ياخشى.

س: مۇساپىر سەپەر ئۈستىدە ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتامدۇ؟

ج: ئۆز شەھىرىدىن سىرتقا چىقىپ بولغان بولسا، ئەزان ۋە تەكبىر ئىككىلىسىنى ئېيتىش لازىم. لېكىن ئەزان ئېيتماي پەقەت تەكبىر ئېيتسا يەنىلا كەڭچىلىك بار، ئىككىلىسىنى تەرك ئېتىش مەكرۇھ.

س: ئەزاننى بىر ئادەم، تەكبىرنى يەنە بىر ئادەم ئېيتسا دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: ئەزان ئېيتقان ئادەم بولمىسا ياكى بولسىمۇ يەنە بىر ئادەمنىڭ تەكبىر ئېيتىشىغا نارازى بولمىسا دۇرۇستۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ قالسا مەكرۇھتۇر.

www.munber.org

س: ئەزاندىن كېيىن قانچىلىك ۋاقىت توختاپ تەكبىر ئېيتىش لازىم؟

ج: شام نامازنىڭ ئەزىنىدىن باشقا ھەممە ۋاقىتلاردا كىشىلەر يېمەك ـ ئىچمەككە مەشغۇل بولۇۋاتقان بولسا ياكى تەرەت قىلىۋاتقان بولسا، شۇنىڭدىن پارىغ بولۇپ نامازغا قاتناشقۇدەك مىقدار توختاش لازىم. شام ئەزىنىدىن كېيىن ئۈچ ئايەت ئوقۇغان مىقدارى توختاپلا تەكبىر ئېيتىلىدۇ.

س: ئەزان ۋە تەكبىرنى ئەگىشىپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: ئەزان ۋە تەكبىر ئىككىلىسىنى ئەگىشىپ ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. ئەگىشىپ ئوقۇغاندا ئاڭلىغۇچى مۇئەززىن ياكى مۇكەببىر ئېيتقان كەلىمىنىڭ ئۆز ئەينىنى ئەگىشىپ بىللە ئېيتىدۇ. لېكىن "حَيَّ عَلَى الصَّلوٰةِ" ۋە "حَيَّ عَلَى الْفَلَاحِ"نى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ ئورنىغا "لَاحَوْلَ وَلَاقُوَّةَ إِلَّابِاللهِ"نى ئېيتىشى. بامدات ئەزىنىدا "اَلصَّلوٰةُ خَيْرٌ مِّنَ النَّوْمِ"نى ئاڭلىغاندا بۇنىڭ ئورنىغا "صَدَقْتَ وَبَرَرْتَ" دېيىشى. تەكبىردە "قَدْ قَامَتِ الصَّلوٰةُ"نى ئاڭلىغاندا بۇنىڭ ئورنىغا "اَقَامَهَا اللهُ وَاَدَامَهَا" دېيىشى لازىم.

س: ئەزاندىن كېيىن قايسى دۇئانى ئوقۇيدۇ؟

ج: بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلوٰةِ الْقَآئِمَةِ اٰتِ مُحَمَّدَنِ الْوَسِيْلَةَ وَالْفَضِيْلَةَ وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَّحْمُوْدَنِ الَّذِيْ وَعَدْتَهُ اِنَّكَ لَاتُخْلِفُ الْمِيْعَادَ» .

www.munber.org

# نامازنىڭ رۇكۇنلىرىنىڭ بايانى

س: نامازنىڭ رۇكۇنلىرى دېگەن نېمە؟

ج: نامازنىڭ ئىچىدە پەرز بولغان قىسىملىرى نامازنىڭ رۇكۇنلىرى دېيىلىدۇ.

س: نامازنىڭ ئىچىدە نەچچە پەرز بار؟

ج: نامازنىڭ ئىچىدە ئالتە پەرز بار:

1) ـ تەكبىر تەھرىمە («اَللّٰهُ اَكْبَرُ» دەپ نامازغا كىرىش).

2) ـ قىيام (ئۆرە تۇرۇش).

3) ـ قىرائەت («قۇرئان ئوقۇش»).

4) ـ رۇكۇ قىلىش.

5) ـ ئىككى سەجدە.

6) ـ قەئدە ئەخىرە (نامازنىڭ ئاخىرىدا اَلتَّحِيَّاتُ ئوقۇغان مىقدارى ئولتۇرۇش). ئاگاھ بولۇڭكى، تەكبىر تەھرىمە شەرتتۇر، رۇكۇن ئەمەس.

س: تەكبىر تەھرىمە شەرت بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئالدىنقى يەتتە شەرت قاتارىدا قوشۇپ بايان قىلمىدى؟

ج: تەكبىر تەھرىمە بىلەن نامازنىڭ رۇكۇنلىرىدا ھېچقانداق پاسىل يوق ھەم شۇنىڭ بىلەنلا ناماز باشلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا تەكبىر تەھرىمنى نامازنىڭ رۇكۇنلىرى بىلەن قوشۇپ بايان قىلىش مۇناسىپ بولدى.

www.munber.org

## تەكبىر تەھرىمىنىڭ بايانى

س: تەكبىر تەھرىمە دېگەن نېمە؟

ج: نىيەت قىلىپ بولۇپ «اَللّٰهُ اَكْبَرُ» دەيدۇ. مۇشۇ تەكبىرنى دەپ بولۇشى بىلەن تەڭ ناماز باشلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نامازنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى نامازنىڭ ئىچىدە قىلىش هارام بولىدۇ. شۇڭا بۇ تەكبىر تەھرىمە (هارام قىلىش تەكبىرى) دەپ ئاتىلىدۇ.

س: پەرز نامازنىڭ تەكبىر تەھرىمنى ئېگىشىپ تۇرۇپ ئېيتسا دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: بولمايدۇ، چۈنكى پەرز، ۋاجىپ نامازلارغا تەھرىمە باغلايدىغاندا ئۆررىسى بولمىسا تىك تۇرۇپ تەھرىمە باغلاش شەرتتۇر.

www.munber.org

## نامازنىڭ بىرىنچى رۈكۈنى «قىيام»نىڭ بايانى

س: قىيام دېگەن نېمە؟

ج: ئۆرە تۇرغاننى قىيام دەيدۇ ۋە ئۆرە تۇرۇشتىن قول تىزغا يەتمىگۈدەك دەرىجىدە تۇرغانلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

س: قىيامنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟ قايسى نامازدا پەرز؟

ج: پەرز، ۋاجىپ نامازلاردا پەرز قىرائەتنى ئوقۇغان مىقدارى تۇرۇش پەرزدۇر.

س: ئۆرە تۇرۇشقا قادىر بولالمىسا قانداق قىلىدۇ؟

ج: كىسەللىك، جاراھەت، دۈشمەننىڭ خەۋپى، ياكى بىرەر كۈچلۈك ئۆزرىنىڭ ۋەجىدىن ئۆرە تۇرالمىسا پەرز، ۋاجىپ نامازلارنى ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇستۇر.

س: نەفلە نامازدا قىيامنىڭ ھۆكمى نىمە؟

ج: نەفلە نامازدا قىيامنىڭ ھۆكمى پەرز ئەمەس، ئۆزرىسىزمۇ ئولتۇرۇپ نەفلە ئوقۇش دۇرۇستۇر. لېكىن ئۆزرىسىز ئولتۇرۇپ نەفلە ناماز ئوقۇغاندا يېرىم ساۋاب بېرىلىدۇ.

## نامازنىڭ ئىككىنچى رۇكۇنى «قىرائەت» نىڭ بايانى

س: قىرائەت دېگەن نىمە؟

ج: «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغاننى قىرائەت دەيدۇ.

س: نامازدا «قۇرئان كەرىم»دىن قانچىلىك ئوقۇش زۆرۈر؟

ج: ئاز بولغاندا بىر ئايەت ئوقۇش پەرزدۇر. «سۈرە فاتىھە» ئوقۇش ۋاجىپتۇر. پەرز نامازنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتى، ۋىتىر نامىزى، سۈننەت ۋە نەفلە قاتارلىقلارنىڭ ھەممە رەكئەتلىرىدە «سۈرە فاتىھە» ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىرەر سۈرە ياكى ئۇزۇن بىر ئايەت ياكى قىسقا ئۈچ ئايەت ئوقۇشمۇ ۋاجىپتۇر.

س: «سۈرە فاتىھە» نى نامازلارنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە ئوقۇش ۋاجىپمۇ؟

ج: پەرز نامازنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى رەكئىتىدىن باشقا

www.munber.org

ھەر قانداق نامازنىڭ (پەرز، ۋاجىپ ياكى نەفلە بولسۇن) ھەر بىر رەكئىتىدە «سۈرە فاتىھە» نى ئوقۇش ۋاجىپتۇر.

س: بىرسىگە بىر ئايەتمۇ ياد بولمىسا قانداق قىلىدۇ؟

ج: قىرائەتنىڭ ئورنىدا «سُبْحَانَ اللهِ» ياكى «اَلْحَمْدُ للهِ» نى ئوقۇيدۇ. تېزدىن قۇرئاننى ئۆگىنىش پەرزدۇر. پەرز قىرائەتنىڭ مىقدارىنى يادلاش پەرزدۇر ۋە ۋاجىپ قىرائەتنىڭ مىقدارىنى يادلاش ۋاجىپتۇر. ئۆگەنمىسە قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

س: «قۇرئان كەرىم» نى قايسى نامازدا ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ؟

ج: شام ۋە خۇپتەننىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدە، بامدات، جۈمە، ئىككى ھېيت نامازلىرىدا، رامىزان ئېيىدىكى تەراۋىھ ۋە ۋىتىردا ئىمامنىڭ ئۈنلۈك ئوقۇشى ۋاجىپتۇر.

س: قايسى نامازدا مەخپىي قىرائەت قىلىش لازىم؟

ج: پېشىن، ئەسىردە ئىمام ۋە مۇنپەرىد، ۋىتىر نامىزىدا مۇنپەرىد مەخپىي قىرائەت قىلىشى لازىمدۇر.

س: قانچىلىك ئۈنلۈك ئوقۇسا جەھرىگە كىرىدۇ؟

ج: ئۆزىنىڭ ئاۋازى يېنىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يەتسە جەھرى ئوقۇشنىڭ تۆۋەن چېكى ھېسابلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئۆزىنىڭ قۇلىقىغىلا يەتسە بۇ مەخپىي ئوقۇشنىڭ تۆۋەن چېكى ھېسابلىنىدۇ.

س: ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلىدىغان ناماز نېمە دېيىلىدۇ؟

ج: جەھرى ناماز دېيىلىدۇ. جەھرىنىڭ مەنىسى ئۈنلۈك ئوقۇش دېگەنلىك.

www.munber.org

س: مەخپىي قىرائەت قىلىپ ئوقۇيدىغان ناماز نېمە دېيىلىدۇ؟

ج: سىررى ناماز دېيىلىدۇ. چۈنكى سىررىنىڭ مەنىسى مەخپىي ئوقۇش دېگەنلىك.

س: كىشى تىلى بىلەن تەلەپپۇز قىلماي، خىيالىدا ئوقۇسا دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: خىيالىغا ئەكېلىش بىلەن ناماز بولمايدۇ. تەلەپپۇز قىلىش زۆرۈر.

## نامازنىڭ ئۈچىنچى رۈكنى «رۇكۇ» ۋە تۆتىنچى رۈكنى «سەجدە» نىڭ بايانى

س: رۇكۇنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى قايسى؟

ج: قول تىزىغا يەتكۈدەكلا ئېگىلسە، رۇكۇنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى بولىدۇ.

س: رۇكۇنىڭ سۈننەت تەرىقىسى قايسى؟

ج: باش ۋە بەل باراۋەر بولۇش، قولنى بېقىنىدىن ئايرىم تۇتۇش، تىزنى ئىككى قولى بىلەن قاماللاپ تۇتۇش. مۇشۇ مىقداردا ئېگىلسە، سۈننەتكە لايىق رۇكۇ قىلغان بولىدۇ.

س: زەئىپلىكتىن بېلى ئېگىلىپ كەتسە ياكى دوك بولسا رۇكۇنى قانداق قىلىدۇ؟

ج: باش بىلەن ئىشارەت قىلىدۇ (باشنى ئازراقلا ئەگسە رۇكۇ ئادا تاپىدۇ).

www.munber.org

س: سەجدە دېگەن نېمە؟

ج: زېمىنغا پېشانىنى قويغاننى سەجدە دەيدۇ.

س: سەجدىدە بۇرنىنى ياكى پېشانىسىنىلا تەگكۈزسە، سەجدە ئادا تاپامدۇ؟

ج: بىرەر ئۆزرىنىڭ سەۋەبىدىن شۇنداق قىلسا دۇرۇس، ئۆزرىسىز پېشانىنىلا تەگكۈزسە دۇرۇستۇر لېكىن مەكرۇھ بولىدۇ. ئۆزرىسىز بۇرنىنىلا تەگكۈزسە سەجدە ئادا تاپمايدۇ.

س: ھەر بىر رەكئەتتە بىر سەجدە پەرزمۇ ياكى ئىككى سەجدىمۇ؟

ج: ئىككى سەجدە پەرزدۇر.

س: پېشانە ۋە بۇرۇن ئىككىلىسىدە جاراھەت بولسا قانداق قىلىدۇ؟

ج: سەجدىگە باش بىلەن ئىشارەت قىلىدۇ.

س: بىرىنچى سەجدىدىن كېيىن قانچىلىك ئولتۇرۇپ ئىككىنچى سەجدىگە بارىدۇ؟

ج: راۋرۇس ئولتۇرۇپ بولۇپ ئاندىن ئىككىنچى سەجدىگە بارىدۇ.

س: ئىككى ھېيت نامىزى، جۈمە نامىزى، ياكى شۇنىڭدەك ئادەم كۆپ يەردە ئورۇن تار بولسا، ئارقا سەپتە تۇرغانلار ئالدىنقى سەپتە تۇرغانلارنىڭ دۈمبىسىگە سەجدە قىلسا دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: دۇرۇس بولىدۇ.

www.munber.org

## نامازنىڭ بەشىنچى رۇكۇنى «قەئدە ئەخىرە»نىڭ بايانى

س: قەئدە ئەخىرە (ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇش) دە قانچىلىك ئۇزۇن ئولتۇرۇش پەرزدۇر؟

ج: «اَلتَّحِيَّاتُ» نىڭ ئاخىرقى كەلىمىسى «عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ»غىچە ئوقۇغان مىقدارى ئولتۇرۇش پەرزدۇر.

س: قەئدە ئەخىرە قايسى نامازلاردا پەرزدۇر؟

ج: ھەممە نامازدا، مەيلى ئۇ پەرز بولسۇن، ۋاجىپ بولسۇن، سۈننەت بولسۇن، ياكى نەفلە بولسۇن قەئدە ئەخىرە پەرزدۇر.

## نامازنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ بايانى

س: نامازنىڭ ۋاجىپلىرى دېگەن نېمە؟

ج: نامازنىڭ ئىچىدە ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان ئىشلار نامازنىڭ ۋاجىپلىرى دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرىنى ئېسىدە يوق تەرك ئېتىۋەتسە، سەجدە سەھۋە قىلىش بىلەن ناماز دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر سەجدە سەھۋە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالسا ياكى ۋاجىپ بولغان بىرەر ئەمەلنى قەستەن تاشلىۋەتسە، نامازنى قايتا ئوقۇش ۋاجىپ بولىدۇ.

س: نامازنىڭ ۋاجىپلىرى نەچچە؟

ج: نامازنىڭ ۋاجىپلىرى ئون تۆت:

www.munber.org

1) ـ پەرز نامازنىڭ باشتىكى ئىككى رەكئەتتىدە قىرائەت قىلىش.

2) ـ پەرز نامازلارنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتتىدىن باشقا ھەممە نامازلارنىڭ ھەر بىر رەكئەتتىدە «سۈرە فاتىھە» ئوقۇش.

3) ـ پەرز نامازلارنىڭ باشتىكى ئىككى رەكئەتتىدە، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە نەفلە قاتارلىقلارنىڭ ھەممە رەكئەتلىرىدە «سۈرە فاتىھە» دىن كېيىن بىرەر سۈرە ياكى ئۇزۇن بىر ئايەت ياكى قىسقا ئۈچ ئايەت ئوقۇش.

4) ـ «سۈرە فاتىھە»نى سۈرىدىن بۇرۇن ئوقۇش.

5) ـ قىرائەت، رۇكۇ، سەجدە ۋە رەكئەتلەردە تەرتىپكە رىئايە قىلىش.

6) ـ قەۋمە قىلىش (رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە تىك تۇرۇش).

7) ـ جەلسە (ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا تۈز ئولتۇرۇش).

8) ـ تەئدىل ئەركان (رۇكۇ، سەجدە ۋە شۇنىڭدەك ئەمەللەرنى راۋۇس تەلەپكە لايىق ئادا قىلىش).

9) ـ قەئدە ئۇلا (ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك نامازدا ئىككى رەكئەتتىن كېيىن تەشەھھۇد مىقدارى ئولتۇرۇش).

10) ـ ئىككى قەئدىدە تەشەھھۇد ئوقۇش.

11) ـ ئىمامنىڭ بامدات، شام، خۇپتەن، جۈمە، ئىككى ھېيت، رامزاننىڭ تەراۋىھ ۋە ۋىتىر قاتارلىق نامازلىرىدا

www.munber.org

ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلىش. پېشىن، ئەسىر ۋە باشقا نامازلاردا مەخپىي قىرائەت قىلىش.

12) ـ نامازدىن سالام بېرىپ چىقىش.

13) ـ ۋىتىر نامازدا قۇنۇت ئوقۇيدىغاندا تەكبىر ئېيتىش ۋە قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇش.

14) ـ ئىككى ھېيت نامىزىدىكى قوشۇمچە تەكبىرلەرنى ئېيتىش.

# نامازنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ بايانى

س: نامازنىڭ سۈننەتلىرى دېگەن نېمە؟

ج: رەسۇلۇللاھتىن كەلگەن، نامازنىڭ ئىچىدىكى بەزى پائالىيەتلەر سۈننەت دېيىلىدۇ. لېكىن بۇلار پەرز، ۋاجىب بىلەن باراۋەر ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى ئېسىدىن چىقىپ قېلىپ تەرك ئېتىلىپ كەتسە، ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ، سەجدە سەھۋە ۋاجىب بولمايدۇ، گۇناھمۇ بولمايدۇ. قەستەن تەرك ئېتىش بىلەنمۇ ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ، سەجدە سەھۋە ۋاجىب بولمايدۇ. لېكىن مالامەتكە لايىق بولىدۇ.

س: نامازدا نەچچە سۈننەت بار؟

ج: نامازدا يىگىرمە بىر سۈننەت بار:

1) ـ تەكبىر تەھرىمە ئېيتىشتىن بۇرۇن ئىككى قولنى قۇلاقىقىچە كۆتۈرۈش.

www.munber.org

2) ـ ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىنى نورمال ئاراچ قىلىپ قىبلە تەرەپكە قارىتىش.

3) ـ تەكبىر ئېيتقىلى تۇرغاندا باشنى ئېگىۋالماسلىق.

4) ـ ئىمامنىڭ تەكبىر تەھرىمنى ۋە ھەر بىر رۇكۇنغا يۆتكىلىشتىكى تەكبىرلەرنى ھاجەت مىقدارى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن دېيىش (ئىقتىدا قىلغانلار ئازراق بولسا بوشراق، كۆپ بولسا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن دېيىش).

5) ـ ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كىندىكنىڭ ئاستىغا باغلاپ تۇرۇش.

6) ـ «سانا» ئوقۇش.

7) ـ «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىم»نى ئوقۇش.

8) ـ «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» نى ئوقۇش.

9) ـ پەرز نامازنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئىتىدە «سۈرە فاتىھە» نى يالغۇز ئوقۇش.

10) ـ ئامىن دېيىش.

11) ـ «سانا، ئەئۇزۇ، بىسمىللا ۋە ئامىن» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەخپىي دېيىش.

12) ـ سۈننەتكە مۇۋاپىق قىرائەت قىلىش.

13) ـ رۇكۇ ۋە سەجدىدە ئۈچ قېتىمدىن تەسبىھ ئوقۇش.

14) ـ رۇكۇدا باش بىلەن دۈمبىنى ئۈدۈل تۇتۇش ۋە ئىككى قولنىڭ بارماقلىرىنى ئېچىپ تىزنى قاماللاپ تۇتۇش.

www.munber.org

15) ــ قەۋمــەدە ئـىمامنىــڭ "سَــمِعَ اللهُ لِمَــنْ حَمِــدَهُ" ۋە مۇقتەدىنىڭ «رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ»، مۇنپەرىدنىڭ «سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ» ۋە «رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ» دېيىشى.

16) ـ سەجدىگە بارغىلى تۇرغاندا يەرگە ئالدى بىلەن تىزنى، ئاندىن ئىككى قولنى ئۇنىڭدىن كېيىن پېشانىنى قويۇشى.

17) ــ جەلسە (ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئولتۇرۇش) ۋە قەئدىدە سول پۇتنى ياتقۇزۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ساغرىسىنى قويۇپ ئولتۇرۇپ، ئوڭ پۇتنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ تىكلەپ تۇتۇش، ئىككى قولنى يوتا ئۈستىگە قويۇش.

18) ـ تەشەھھۇدتا «أَشْــهَدُ أَنْ لَاإِلَــهَ» دېگەن كەلىمىگە كەلگەندە كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئىشارەت قىلىش.

19) ـ قەئدە ئەخىرەدە تەشەھھۇددىن كېيىن دۇرۇد ئوقۇش.

20) ـ دۇرۇدتىن كېيىن دۇئا ئوقۇش.

21) ـ ئالدى بىلەن ئوڭ تەرەپكە، ئاندىن سول تەرەپكە سالام بېرىش.

## نامازنىڭ مۇستەھەبلىرىنىڭ بايانى

س: نامازنىڭ مۇستەھەبلىرى قانچە؟

ج: نامازنىڭ مۇستەھەبلىرى بەش:

www.munber.org

1) ـ تەكبىر تەھرىمە ئېيتىدىغاندا ئىككى قولنى يەڭدىن چىقىرىش.

2) ـ رۇكۇ، سەجدىلەردە مۇنپەرىد ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق تەسبىھ ئېيتىش.

3) ـ قىيامدا تۇرغاندا سەجدە قىلىدىغان جايغا، رۇكۇدا ئىككى قەدەم ئارىلىقىغا، جەلسە ۋە قەئدەدە ئۆزىنىڭ قۇچىقىغا، سالام بەرگەندە ئۆزىنىڭ مۈرىسىگە قاراش.

4) ـ ئىمكان قەدەر يۆتەلمەسلىك.

5) ـ ئەسنەك قىستاپ كەتسە، ئېغىزنى ئېتىۋېلىش. ئېغىزى ئېچىلىپ كەتسە، قىيام ھالىتىدە ئوڭ قولنىڭ، قالغان ھالەتلەردە سول قولنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېغىزنى ئېتىۋېلىش.

www.munber.org

## نامازنىڭ تولۇق قائىدىلىرى

قاچانكى ناماز ئوقۇشنى ئىرادە قىلساڭ، ئالدى بىلەن بەدىنىڭنى چوڭ تاھارەتسىزلىك، كىچىك تاھارەتسىزلىك ۋە ئاشكارا نىجاسەتتىن پاكلىغىن. پاك كىيىملەرنى كىيىپ، پاك جايدا قىبلە تەرەپكە ئالدىڭنى قىلىپ ئۆرە تۇر. ئۆرە تۇرغاندا ئىككى قەدىمىڭنىڭ ئارىلىقى ئون بەش سانتىمېتىر مىقدارىدا بولسۇن. ئاندىن ناماز ئوقۇشنى كۆڭلۈڭدە نىيەت قىل، ئىككى قولۇڭنى قۇلاققىچە كۆتۈر. قولۇڭنىڭ ئالقىنى ۋە بارماقلىرىنى قۇلاققا ئايارغاندا قىبلە تەرەپكە يۈزلەنسۇن. باش بارماق قۇلاقنىڭ يۇمشىقىغا باراۋەر بولسۇن ۋە بارماقلار ئاراش تۇرسۇن، ھەم قىلىۋالما. شۇ چاغدا «اَللهُ اَكْبَرُ» دەپ ئىككى قولۇڭنى كىندىكىڭنىڭ ئاستىغا باغلاپ، سەجدە قىلىدىغان

جايغا قاراپ تۇر. ئاندىن «سانا»، «ئەئۇزۇ» ۋە «بىسمىللا» ئوقۇپ «سۈرە فاتىھە» ئوقۇ، تۈگىسە مەخپىي «ئامىن» دېگەيسەن. «سۈرە فاتىھە» دىن كېيىن بىر سۈرە ياكى ئۇزۇن بىر ئايەت ياكى قىسقا ئۈچ ئايەت ئوقۇ (لېكىن سەن ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇساڭ، «سانا» ئوقۇپلا شۈك تۇرىسەن. فاتىھە ۋە سۈرە ئوقۇما)، قىرائەتنى دانە ـ دانە توغرا ئوقۇ، ئىتتىك ئوقۇما. ئاندىن «اَللّٰهُ اَكْبَرُ» دېگەن پېتى رۇكۇغا بار. بارماقلىرىڭنى ئېچىپ، تىزىڭنى قامااللاپ تۇتقىن، بېلىڭ تۈز بولسۇن. بېشىڭ بىلەن بېلىڭ تۈپتۈز بولسۇنكى، بېشىڭنى بېلىڭدىن ئۈستۈن ھەم پەس قىلىڭۋالما. رۇكۇ ھالىتىڭدە قولۇڭ (بېلىكىڭ) بىقىنىڭدىن يىراق تۇرسۇن. پاچىقىڭنى ئېگىۋالماي تۈز تۇت. ئاندىن رۇكۇنىڭ تەسبىھىنى ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم ئوقۇغىن. ئۇنىڭدىن كېيىن "سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ" دېگەن پېتى بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ئۆرە بول ۋە "سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ"نى ئوقۇ، (ئىمام "سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ" نىلا، مۇقتەدى «رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ»نىلا، مۇنپەرىد "سَمِعَ اللّٰهُ" ۋە "رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ» ئىككىلىسىنى دەيدۇ)، تەكبىر ئېيتقان پېتى سەجدىگە بار. ئالدىدا تىزىڭنى، ئاندىن ئىككى قولۇڭنى كەينىدىن بۇرنۇڭنى ئاخىردا پېشانەڭنى قوي. يۈزۈڭنى ئىككى ئالقىنىڭنىڭ ئارىلىقىغا قوي. قولۇڭنىڭ بارماقلىرىنى ھەم قىلىپ قىبلە تەرەپكە قاراتقىن. جەينىكىڭنى بىقىنىڭدىن ۋە قورسىقىڭنى يوتاڭدىن يىراق تۇت، جەينىكىڭنى زېمىنغا چاپلىۋالما. سەجدىدە ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم سەجدىنىڭ تەسبىھىنى ئېيتقىن. ئاندىن ئالدى بىلەن پېشانەڭنى، ئاندىن بۇرنۇڭنى، ئاخىردا قولۇڭنى كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتقان ھالەتتە ئۆرە بولۇپ تۈز ئولتۇر. ئاندىن تەكبىر ئېيتقان پېتى ئىككىنچى سەجدىگە بار. تەكبىر

www.munber.org

ئېيتىپ ئۆرە بولغاندا ئالدى بىلەن پېشانەڭنى، كەينىدىن بۇرنۇڭنى، كېيىن قولۇڭنى ئاخىردا تىزىڭنى كۆتۈرگەن پېتى تىك ئۆرە بولۇپ، ئاۋۋالقىدەك كىندىكىڭنىڭ ئاستىغا قولۇڭنى باغلاپ تۇز تۇر. "بىسمىللا»، «سۈرە فاتىھە» ۋە بىر سۈرە ئوقۇ (ئىمامنىڭ ئارقىسىدا بولساڭ، ئوقۇماي شۈك تۇرىسەن)، ئاندىن مۇشۇ قائىدىلەر بىلەن رۇكۇ، قىيام، سەجدە قىلغىن. ئىككىنچى سەجدىدىن ئۆرە بولۇپ سول پۇتۇڭنى ياتقۇزۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولتۇر. ئوڭ پۇتۇڭنى بارماقلىرى بىلەن قوشۇپ قىبلە تەرەپكە قارىتىپ تىكلە، ئىككى قولۇڭنى يوتاڭنىڭ ئۈستىگە قوي ۋە «اَلتَّحِيَّاتُ»نى ئوقۇ. قاچانىكى «اَشْهَدُ اَنْ لآاِلٰهَ»گە بارساڭ ئوڭ قولۇڭنىڭ باش بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى چەگ، چىمچىلاق ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى بارمىقىڭنى چەگ. شۇنداق قىلىپ چېگىش ۋە هالقا قىلىش جەريانىدا «لااِلٰهَ» دە كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭ بىلەن ئىشارەت قىلغىن ۋە «إِلاَّاللهُ» دېگەندە باسقىن، ئاخىرىغىچە هالقا ۋە چېگىلگەن پېتى قويغىن، تەشەھهۇد تۈگىدى. ئەگەر ئىككى رەكئەتلىك ناماز بولسا دۇرۇد شەرىف ئوقۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن دۇئا ئوقۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ تەرەپكە، ئاندىن سول تەرەپكە سالام بەر. ئىككى تەرەپكە سالام بەرگەندە مۆرەڭگە قارا، ئوڭ تەرەپكە سالام بەرگەندە ئوڭ تەرەپتىكى پەرىشتىلەر ۋە نامازدىكىلەرنى نىيەت قىل ۋە سول تەرەپكە سالام بەرگەندە سول تەرەپتىكى پەرىشتىلەر ۋە نامازدىكىلەرنى نىيەت قىل. ئىمام ئۇدۇلۇڭدا بولسا، ئىككى تەرەپكە سالام بەرگەندە ئىمامنىمۇ ئىككىلى تەرەپتە قوشۇۋالىسەن. ئىمام ئۇدۇلۇڭدا بولمىسا، ئىمامنى شۇ تەرەپتىكىلەر بىلەن قوشۇپ نىيەت قىلىسەن. ئىمام ئىككىلا سالىمدا ئىككى تەرەپتىكى مۇقتەدىلەرنى نىيەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك

www.munber.org

ناماز بولسا، تەشەھھۇدتىن كېيىن دۇرۇد ئوقۇماي، بەلكى تەكبىر ئېيتقان پېتى ئۆرە قوپۇپ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتنى ئەگەر ئۇ پەرز بولسا، پەرز قائىدىسى بىلەن، ۋاجىپ بولسا، ۋاجىپ قائىدىسى بىلەن، سۈننەت ياكى نەفلە بولسا شۇلارنىڭ قائىدىسى بىلەن تولۇق ئادا قىلىپ سالام بېرىپ نامازدىن چىق. سالامدىن كېيىن بۇ دۇئانى ئوقۇ:

«اَللّٰهُمَّ اَنْتَ السَّلاَمُ وَمِنْكَ السَّلاَمُ تَبَارَكْتَ يَاذَاالْجَلاَلِ وَالاِكْرَامِ»، «لاَاِلٰهَ إِلاَّاللّٰهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْئٍ قَدِيْرٌ»، «اَللّٰهُمَّ لاَمَانِعَ لِمَآاَعْطَيْتَ وَلاَمُعْطِىَ لِمَامَنَعْتَ وَلاَيَنْفَعُ ذَاالْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ».

www.munber.org

# تۆتىنچى بۆلۈم

## بىرىنچى باب ئىسلام ئەقىدىلىرى

### تەۋھىد

س: الله دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

ج: الله ـ ئۆزلىكىدىن مەۋجۇد بولۇشى قەتئىي زۆرۈر بولغان ئىلاھنىڭ بۈيۈك نامىدۇر. ئۇ ئەزەلدىن بار، ئۇنىڭ ئاۋۋىلىنىڭ ئىپتىداسى يوق، ئاخىرىنىڭ تۈگەنچىسى يوق. ئۇ يوقالمايدۇ، ئۆلمەيدۇ، مەڭگۈ هايات تۇرىدۇ.

س: ئۇ ئەزەلدىن ئۆزى بار ئىدى، دېگەن نېمە؟

ج: قَدِيْم (الله قەدىمدۇر).

س: اللهدىن باشقا نەرسىلەرمۇ قەدىممۇ؟

ج: الله ۋە ئۇنىڭ بارلىق سۈپەتلىرى قەدىمدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا هېچ شەيئى قەدىم ئەمەس.

س: اللهدىن باشقا هېچقانداق نەرسە ئەزەلدىن مەۋجۇد بولمىسا، ئۇنداقتا الله ئاسمان ـ زېمىن ۋە بارلىق شەيئىلەرنى قانداق ياراتتى؟

ج: الله پۈتۈن ئالەمنى ئۆزىنىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن ئەمرى ۋە قۇدرىتى بىلەن پەيدا قىلغان. ئۇ ئاسمان ـ زېمىن ۋە

www.munber.org

بارلىق نەرسىلەرنى پەيدا قىلدىغاندا ھېچقانداق نەرسىگە مۇھتاج بولمىغان. چۈنكى بىر نەرسىنى پەيدا قىلىشتا ئىككىنچى بىر نەرسىگە مۇھتاج بولۇپ قالسا، ئۇ ئىلاھ بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

س: اللهنىڭ كامىل سۈپەتلىرى قايسى؟

ج: 1) «وَحْدَتْ». 2) «قَدِيْم». 3) «حَيوة». 4) «قُدْرَتْ». 5) «عِلْم». 6) «اِرَادَه». 7) «سَمْع». 8) «بَصَر». 9) «كَلاَم». 10) «خَلْق». 11) «تَكْوِيْن» ۋە باشقىلار.

س: «وَحْدَتْ» دېگەن نېمە؟

ج: مەنىسى بىر بولماق، بۇ اللهنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئۇ ئۆز زاتىدىمۇ بىردۇر ۋە سۈپەتلىرىدىمۇ يالغۇزدۇر. تەۋھىدنىڭ مەنىسى اللهنى بىر دەپ بىلىش ۋە ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە جەزمەن ئىقرار قىلىش دېگەنلىك.

س: «قديم» دېگەن نېمە؟

ج: ئەزەلدىن تارتىپ بار بولماق ۋە مەڭگۈ تۇرماق دېگەن مەنىدە.

س: «اَزَلِى»، «اَبَدِى» دېگەن نېمە؟

ج: ئاۋۋىلىنىڭ ئىپتىداسى يوق نەرسە «اَزَلِى» ئاخىرىنىڭ تۈگەنچىسى يوق نەرسە «اَبَدِىْ» دېيىلىدۇ. دېمەك، الله ئەزەلىيدۇر ۋە ئەبەدىيدۇر، مانا مۇشۇ قەدىمنىڭ مەنىسىدۇر.

س: «حَيوة» دېگەن نېمە؟

www.munber.org

ج: مەنىسى «تىرىك» دېگەنلىك بولىدۇ، يەنى اللّٰه ھەمىشە تىرىك ۋە ھاياتتۇر.

س: « قُدْرَتْ » دېگەن نېمە؟

ج: مەنىسى «كۈچ ـ قۇدرەت» دېگەن بولىدۇ، يەنى اللّٰه ھەممە ئىشقا قادىردۇر.

س: «علم» دېگەن نېمە؟

ج: مەنىسى «بىلمەك» دېگەن بولىدۇ، يەنى اللّٰه بارلىق نەرسىلەرنى بىلگۈچىدۇر، چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر.

س: « إرادە » دېگەن نېمە؟

ج: مەنىسى «ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىش كۆرۈش»، دېگەن بولىدۇ، يەنى اللّٰه نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ. ئۆز ئىختىيارى بىلەن پەيدا قىلىدۇ ۋە يوقىتىشنى خالىسا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يوقىتىدۇ. دۇنيانىڭ بارلىق ئىشلىرى ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدۇ. ئاللەمنىڭ ھەر قانداق ئىشى ئۇنىڭ ئىختىيارى ۋە ئىرادىسىدىن تاشقىرى ئەمەس. ئۇ بىر ئىشقا مەجبۇرلانمايدۇ.

س: « سمع » ۋە « بصر» دېگەن نېمە؟

ج: «سمع»نىڭ مەنىسى «ئاڭلىماق»، «بصر»نىڭ مەنىسى «كۆرمەك» دېگەن بولدى، يەنى اللّٰه ھەر قانداق سۆزنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ھەر قانداق نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. لېكىن ئىنسانغا ئوخشاش قۇلاق، كۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن ئاڭلايدۇ ۋە كۆرىدۇ. ئۇ ئەڭ تۆۋەن

www.munber.org

ئاۋازنىمۇ ئاڭلىيالايدۇ، ئەڭ كىچىك نەرسىنىمۇ كۆرەلەيدۇ. ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ۋە يورۇقنىڭ پەرقى بولمايدۇ.

س: «كلام» دېگەن نېمە؟

ج: مەنىسى «سۆزلىمەك»، «گەپ قىلماق» دېگەن بولىدۇ، يەنى الله سۆز قىلىدۇ. لېكىن سۆز قىلىشى ئىنسانلارنىڭكىدەك تىل بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە لايىق سۈپەتى بىلەن سۆز قىلغۇچىدۇر. دېمەك، الله سۆز قىلىش، كۆرۈش، ئاڭلاش دېگەنلەردە ھېچقانداق ۋاستىگە مۇھتاج ئەمەس، ئەمما ئىنسانلار ھەر بىر ئىشتا ۋاستىگە مۇھتاجدۇر.

س: «خَلْق» ۋە «تكوين» دېگەن نېمە؟

ج: «خلق»نىڭ مەنىسى «ياراتماق»، «تكوين»نىڭ مەنىسى «شەكىللەندۈرمەك»، دېگەنلىك، يەنى الله بارلىق ئالەمنى ياراتقۇچىدۇر ۋە شەكىللەندۈرگۈچىدۇر.

س: يۇقىرىقى سۈپەتلەردىن باشقا اللهنىڭ يەنە سۈپەتلىرى بارمۇ؟

ج: اللهنىڭ يەنە كۆپلىگەن سۈپەتلىرى بار. مەسىلەن: ئۆلتۈرگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى، رىزىق ئاتا قىلغۇچى، ئەزىز قىلغۇچى، خار قىلغۇچى ۋە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن سۈپەتلىرى بار، اللهنىڭ بارلىق سۈپەتلىرى ئەزەلىي، ئەبەدىي ۋە قەدىمدۇر.

بۇ سۈپەتلەردە كەم ـ زىيادىلىك دېگەندەك ئۆزگىرىشلەر بولمايدۇ.

www.munber.org

# ئاللاھنىڭ كىتابلىرى

س. «قۇرئان كەرىم» يىگىرمە ئۈچ يىلدا نازىل قىلىنىپ بولدى، دەپ يۇقىرىدا بايان قىلىندى، الله تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿ شَهۡرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِيٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلۡقُرۡءَانُ ﴾

ت. ﴿رامزان ئېيىدا قۇرئان نازىل قىلىندى﴾. (سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەت) يەنە بىر يەردە الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ فِي لَيۡلَةِ ٱلۡقَدۡرِ﴾

ت. «بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدىردە نازىل قىلدۇق». بۇ ئايەتتىن «قۇرئان كەرىم» شەبى قەدىردە نازىل بولغانلىقى مەلۇم بولدى. ئالدىنقى ئايەتتە رامزان ئېيىدا نازىل بولغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ئۈچ سۆز ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە زىت بولۇپ قالدى، بۇلارنىڭ قايسىسى توغرا؟

ج. ھەر ئۈچىلىسى توغرىدۇر، ئەسلى مۇنداق: «قۇرئان كەرىم» ئىككى خىل يوسۇندا چۈشكەن، بىرى دەسلەپتە پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» بىر قېتىمدىلا لەۋھۇلمەھپۇزدىن دۇنيا ئاسمىنى (بىرىنچى ئاسمان)غا نازىل قىلىنغان. يەنە بىرى ئاز ـ ئازدىن بۆلۈنۈپ ئېھتىياجغا قاراپ دۇنياغا چۈشكەن. دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئىككى ئايىتىدە ئالدىنقى نازىل بولۇش مەقسەتتۇر (رامزان ئېيىنىڭ شەبى قەدىر كېچىسىدە لەۋھۇلمەھپۇزدىن بىرىنچى ئاسمانغا بىر ئۈلگىچە چۈشكەن). يىگىرمە ئۈچ يىلدا نازىل بولۇش دېگىنىمىزدە كېيىنكى نازىل بولۇش مەقسەتتۇر (دۇنيا ئاسمىنىدىن

www.munber.org

رەسۇلۇللاھقا يىگىرمە ئۈچ يىلدا چۇشۇپ بولغان). دېمەك، بۇ ئۈچ گەپ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس، بەلكى توغرىدۇر.

س: «قۇرئان كەرىم» قايسى جايدا نازىل بولۇشقا باشلىغان؟

ج: مەككە مۇكەررەمەنىڭ «غارى ھىرا» دېگەن تېغىدا نازىل بولۇشقا باشلىغان. رەسۇلۇللاھ شۇ «غارى ھىرا»غا ئىبادەت قىلغىلى كېتەتتى. يېمەكلىكى تۈگەپ كەتسە ئۆيگە كېلىپ يەنە بىر قانچە كۈنلۈك يېمەكلىكنى ئېلىۋېلىپ شۇ تاغقا كېلىپ يالغۇز ئىبادەت قىلاتتى. «قۇرئان كەرىم» شۇيەردە نازىل بولۇشقا باشلىغان.

س: «قۇرئان كەرىم»نىڭ دەسلەپكى چۈشۈش ئەھۋالى قانداق باشلانغان؟

ج: رەسۇلۇللاھ «غارى ھىرا» دا تۇرۇۋاتقاندا، ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈندى، ئاندىن رەسۇلۇللاھقا ﴿اقْرَأْ﴾ (ئوقۇ)، دېدى. بۇ سۆرە ئەلەقنىڭ بىرىنچى كەلىمىسى. رەسۇلۇللاھ: «مەن ئوقۇشنى ئۇقمايمەن»، دېدى. مۇشۇنداق ئۈچ قېتىم بولدى، ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدى:

﴿ ٱقۡرَأۡ بِٱسۡمِ رَبِّكَ ٱلَّذِي خَلَقَ ۝١ خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ مِنۡ عَلَقٍ ۝٢ ٱقۡرَأۡ وَرَبُّكَ ٱلۡأَكۡرَمُ ۝٣ ٱلَّذِي عَلَّمَ بِٱلۡقَلَمِ ۝٤ عَلَّمَ ٱلۡإِنسَٰنَ مَا لَمۡ يَعۡلَمۡ ۝٥ ﴾

(سۈرە ئەلەق 1~5 ـ ئايەت) ئۈنىڭدىن ئاشلاپ رەسۇلۇللاھمۇ ئوقۇدى. دېمەك، «قۇرئان كەرىم» دىكى مۇشۇ ئايەتلەر رەسۇلۇللاھقا ھەممىدىن بۇرۇن نازىل بولغان.

www.munber.org

س. «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەڭ باشتا نازىل بولغان ئايەتلىرى سۈرە ئەلەقنىڭ باشتىكى ئايىتى ئىكەن، ئۇنداق بولغاندا «قۇرئان كەرىم»نىڭ هازىرقى تەرتىپى مۇشۇ بويىچىمۇ؟ (ئەڭ باشتا چۈشكەن ئايەتلەر ئەڭ باشتا ئورنىتىلدىمۇ؟)

ج. ئۇنداق ئەمەس، هازىرقى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرتىپىدە ئالدىدا چۈشكەن ئالدىغا، كەيىندە چۈشكەن كەيىنگە ئورنىتىلغان ئەمەس. «قۇرئان كەرىم» ئېهتىياجغا قاراپ نازىل بولغانىدى. لېكىن بىرەر سۈرە چۈشسە، رەسۇلۇللاھ بۇ سۈرىنى پالانى سۈرىنىڭ كەيىنگە ۋە پالانى سۈرىنىڭ ئالدىغا ئورنۇتۇڭلار (يېزىڭلار)، دەيتتى. قاچانىكى بىرەر ئايەت ياكى بىر قانچە ئايەتلەر نازىل بولۇپ قالسا، رەسۇلۇللاھ بۇ ئايەتنى ياكى بۇ ئايەتلەرنى پالانى سۈرىنىڭ پالانى ئايىتىنىڭ كەيىنگە ۋە پالانى ئايەتنىڭ ئالدىغا ئورنۇتۇڭلار (يېزىڭلار)، دەيتتى. دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئېهتىياجغا ئاساسەن چۈشكەن تەرتىپى هازىرقى بار تەرتىپكە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن بۇ تەرتىپ رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

س. رەسۇلۇللاھ بۇ تەرتىپنى ئۆز رايى بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانمۇ ياكى الله تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانمۇ؟

ج. سۈرىلەرنىڭ سانى ۋە ئىپتىداسى، ئىنتىهاسى (باش ـ ئاخىرى) ۋە هەر سۈرىدىكى ئايەتلەرنىڭ سانى ۋە هەر ئايەتنىڭ باش ـ ئاخىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرتىپى الله تائالا تەرىپىدىن هەزرىتى جىبرىئىل

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈلگەن، بۇ زات رەسۇلۇللاھقا ئۇقتۇرغان ۋە رەسۇلۇللاھ ئارقىلىق بىزگە مەلۇم بولغان.

س: «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغىلى 1400 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى، مۇشۇ قولىمىزدىكى «قۇرئان كەرىم» رەسۇلۇللاھقا نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆز ئەينى شۇ دېيىشىنىڭ دەلىلى نېمە؟

ج: رەسۇلۇللاھقا چۈشكەن «قۇرئان كەرىم» قولىمىزدىكى «قۇرئان كەرىم» شۇ دېگەنىنىڭ دەلىللىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. بىز بىر قىسىم دەلىللەرنى بايان قىلىمىز: بىرىنچى دەلىل «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەۋاتۇر بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگىچە قولدىن ـ قولغا يۆتكىلىپ كېلىشى، بۇنداق تەۋاتۇر بىلەن ئىسپاتلانغان نەرسە ئىشەنچلىك بولىدۇ.

س: تەۋاتۇر دېگەن نېمە؟

ج: نەقىل قىلغۇچىلار شۇ قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇنى يالغان دېيىشكە پىكىر بىرلىكىگە كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسە تەۋاتۇر دېيىلىدۇ. دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نى رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدىن تارتىپ ھازىرغا كەلگىچە شۇ قەدەر كۆپلىگەن كىشىلەر نەقىل قىلىپ ۋە ئوقۇپ كېلىۋاتىدۇكى، ئاددىي ئەقلى بار ئادەممۇ شۇ قەدەر كۆپ ئادەملەر يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، دەپ جەزىم قىلالمايدۇ (ئادەتتە ئاددىي ئەقلى بار ئادەممۇ قۇرئاننى يالغان دېيىشكە پېتىنالمايدۇ).

ئىككىنچى دەلىل، رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگىچە مىليونلىغان مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى يادلاپ كېلىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرى، جۈملىدىن قىرى ـ ياش ھەممىسىنىڭ قەلبىدە «قۇرئان كەرىم» ساقلىنىۋاتىدۇ.

www.munber.org

ئۇچىنچى دەلىل، الله تائالا ئۆزى «قۇرئان كەرىم»دە پەرمان قىلدى:

﴿ إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَـٰفِظُونَ ﴾

(سۈرە ھىجر 9 ـ ئايەت) ت: «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز». دېمەك، الله تائالا «قۇرئان كەرىم»نى قوغداشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى ۋە قوغداشقا ۋەدە قىلدى، بۇ «قۇرئان كەرىم» رەسۇلۇللاھقا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆز ئەينى شۇكى، الله تائالا ئۇنى قوغداشقا ۋەدە قىلغان. بۇ ھازىرغىچە قوغدىلىپ كېلىۋاتىدۇ، تا قىيامەتكىچە قوغدىلىپ تۇرىدۇ.

تۆتىنچى دەلىل، «قۇرئان كەرىم» ئۆزى نازىل بولغاندا بۇ كالامىنىڭ ئوخشىشىنى ھېچقانداق بىر ئادەم كەلتۈرەلمەيدۇ، دەپ مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىنغان. بۇ ئېلان قىلىنغان مۇراجىئەت بۈگۈنكى كۈنگە كەلگىچە «قۇرئان كەرىم»دە بار. ھازىرمۇ بۇ مۇراجىئەت قىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ: قېنى ئوخشىشىنى كەلتۈرىدىغانلار مەيدانغا چىقسۇن. دېمەك، بۇ قولىمىزدىكى «قۇرئان كەرىم» رەسۇلۇللاھقا نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆز ـ ئەينى شۇ دېگەننىڭ دەلىلىدۇر.

www.munber.org

## رىسالەت (پەيغەمبەرلىك)

س: الله «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتتى:

﴿ إِنَّآ أَرۡسَلۡنَٰكَ بِٱلۡحَقِّ بَشِيرٗا وَنَذِيرٗاۚ وَإِن مِّنۡ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٞ ﴾ ﴿٢٤﴾

(سۈرە فاتىر 24 ـ ئايەت) ت: «قانداقلا بىر ئۈممەت بولمىسۇن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن». يەنە بىر يەردە ئېيتتى: ﴿وَلِكُلِّ قَوۡمٍ هَادٍ﴾ (سۈرە رەئد 7 ـ ئايەت) ت: «ھەر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەت قىلغۇچىسى (پەيغەمبىرى) بولىدۇ». بۇ ئايەتلەردىن ھەر قانداق دۆلەت ۋە ھەر قانداق مىللەتكە اللہ تەرىپىدىن بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەنلىكى مەلۇم بولۇۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بىزنىڭ بۇ مەملىكەت ۋە رايونلىرىمىزغىمۇ بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەنمۇ؟

ج: ھەئە، بۇ ئايەتلەردىن شەك ـ شۈبھىسىز ھەر بىر مىللەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ بۇ رايونلىرىمىزغىمۇ بىرەر پەيغەمبەر كەلگەن بولسا كېرەك.

س: رەسۇلۇللاھقا ئائىت قانداق ئەقىدە تۇرغۇزۇش لازىم؟

ج: 1) ـ رەسۇلۇللاھ اللہنىڭ بەندىسى، ئىنسان ۋە اللہنىڭ پەيغەمبىرىدۇر.

2) ـ بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئەۋزىلىدۇر.

3) ـ رەسۇلۇللاھ گۇناھلاردىن مەسۇمدۇر.

4) ـ اللہ رەسۇلۇللاھقا «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلدى.

5) ــ اللہ رەسۇلۇللاھنى مىئراج كېچىسىدە ئاسمانلارغا چىقىشقا چاقىرتتى، جەننەت، دوزاخ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان جايلارنى زىيارەت قىلدۇردى.

www.munber.org

6) - رەسۇلۇللاھ ﷲنىڭ ئەمرى بىلەن نۇرغۇنلىغان مۆجىزە كۆرسەتتى.

7) - رەسۇلۇللاھ ﷲقا ئىنتايىن كۆپ ئىبادەت ۋە قۇلچىلىق قىلغانىدى.

8) ـ رەسۇلۇللاھ ئىنتايىن ئەخلاقلىق ۋە ئادىتى گۈزەل ئىدى.

9) - ﷲ رەسۇلۇللاھقا ئۆتۈپ كەتكەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان بەزىبىر ئۆزى خالىغان غەيىب ئىشلارنى بىلدۈردى.

10) - ﷲ رەسۇلۇللاھقا بارلىق مەخلۇقتىن ئارتۇق ئىلىم ئاتا قىلدى. لېكىن غەيىبنى بىلىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى غەيىبنى بىلىش ﷲنىڭلا سۈپىتىدۇر.

11) ـ رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسىدۇر، بۇ زاتتىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ (س: ھە! ئىيسا ئەلەيھىسسالام كېلىدىغۇ؟ ج: ئۇ ئىلگىرىكى زامانىنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئۇ ئاسماندىن چۈشۈپ مۇشۇ ئىسلام شەرىئىتىنى يۈرگۈزىدۇ، ئۇنىڭغا ئايرىم شەرىئەت چۈشمەيدۇ).

12) - رەسۇلۇللاھ ئىنسان ۋە جىنلارغا پەيغەمبەردۇر.

13) - رەسۇلۇللاھ قىيامەت كۈنى ﷲنىڭ ئىجازىتى بىلەن گۇناھكار بەندىلەرگە شاپائەت قىلىدۇ.

14) - رەسۇلۇللاھ بۇيرىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلىش ۋە چەكلىگەنلىرىدىن يېنىش ئۈممەتكە زۆرۈر بولدى.

15) ـ رەسۇلۇللاھنى دوست تۇتۇش ۋە رەسۇلۇللاھنى قەتئىي ھۆرمەتلەش ھەر بىر ئۈممەتكە لازىمدۇر.

www.munber.org

س: مەسۇم دېگەن نېمە؟

ج: مەسۇم دېگەن ھەر قانداق چوڭ ـ كىچىك گۇناھ رەسۇلۇللاھتىن قەستەن ياكى سەھۋەن سادىر بولمايدۇ، دېگەن بولدى. بارلىق پەيغەمبەرلەر گۇناھتىن مەسۇم بولىدۇ.

س: رەسۇلۇللاھنىڭ مىئراجى جىسمى بىلەن بولغانمۇ ياكى چۈشىدە بولغانمۇ؟

ج: رەسۇلۇللاھنىڭ مىئراجى مۇبارەك جىسمى بىلەن بولغان. رەسۇلۇللاھقا چۈشىدىمۇ بىر قانچە قېتىم مىئراج بولغان. دېمەك، رەسۇلۇللاھنىڭ بىر قېتىملىق مىئراجى جىسمى بىلەن بولغان، تۆت ياكى بەش قېتىملىق مىئراجى چۈشىدە بولغان.

س: شاپائەت دېگەن نېمە؟

ج: شاپائەت دېگەن «ھىمايىسىگە ئېلىش»، «ئارا تۇرۇش»، دېگەن بولىدۇ. قىيامەت كۈنى رەسۇلۇللاھ اللهنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بەندىلەرنى ھىمايىسىگە ئالىدۇ. دېمەك، رەسۇلۇللاھقا مۇشۇ پەزىلەت (شاپائەت) ئاتا قىلىنغان. لېكىن رەسۇلۇللاھ يەنىلا اللهنىڭ ئالدىدا ئەدەب ـ ئېھتىرام بىلەن شاپائەت قىلىشقا ئىجازەت سورايدۇ، الله تەرىپىدىن قاچان ئىجازەت بېرىلسە، شۇ چاغدا شاپائەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھتىن باشقا يەنە پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالار، شېھىدلەر ۋە بۇۋاقلاردىن باشقىلارمۇ شاپائەت قىلىدۇ، لېكىن اللهنىڭ ئىجازىتى بىلەن شاپائەت قىلىدۇ. اللهنىڭ ئىجازىتىسىز ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ.

س: قايسى خىلدىكى گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش ئۈچۈن شاپائەت ئىزنى بولىدۇ؟

www.munber.org

ج. شېرىك ۋە كۈپرىدىن باشقا بارلىق گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش ئۈچۈن شاپائەت ئىزنى بولىدۇ، چوڭ گۇناھ قىلغانلار شاپائەتكە قاتتىق مۇھتاج بولىدۇ. چۈنكى كىچىك گۇناھ دۇنيادىكى ئىبادەتلەر بىلەنمۇ كەچۈرۈم بولۇپ تۇرىدۇ.

www.munber.org

# ئىمان ۋە ئەمەلى سالىھنىڭ بايانى

س: ئىمان دېگەن نېمە؟

ج: 1) - اﷲ قا.

2) - ئۇنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىگە.

3) - پەرىشتىلىرىگە.

4) - ئاسماندىن چۈشكەن كىتابلارغا.

5) - پەيغەمبەرلەرگە چىن دىلىدىن تەستىق قىلىش.

6) - رەسۇلۇللاھنىڭ كەلتۈرگەن ھەممە نەرسىلىرىنى اﷲ تەرەپتىن كەلدى، دەپ بىلىش.

7) - تىلى بىلەن يۇقىرىقىلارغا ئىقرار قىلىش قاتارلىقلار ئىمان دېيىلىدۇ. مۇشۇ تەستىق ۋە ئىقرار ئىماننىڭ ھەقىقىتىدۇر. لېكىن ئىقرار بەزىبىر ئاجىزلىقنىڭ ۋەجىدىن ساقىت بولىدۇ. مەسىلەن: گاچا ئادەم تىل بىلەن ئىقرار قىلالمىسىمۇ ئۇنىڭ ئىمانى دۇرۇس.

س: ئەمەلى سالىھ دېگەن نېمە؟

ج: ئەمەلى سالىھ «ياخشى ئىش قىلىش» دېگەن بولىدۇ، اﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى كۆرسەتكەن ۋە ئۇقتۇرغان ياخشى نەرسىلەر ئەمەلى سالىھ دېيىلىدۇ.

س: ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارمۇ ئىماننىڭ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتىگە كىرەمدۇ؟

www.munber.org

ج: ھەئە، ئەمەلى سالىھ كامىل ئىماننىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، ئەمەلى سالىھ بىلەن ئىمانغا كامىللىق پەيدا بولىدۇ، ئەمەلى سالىھ بولمىسا ئىمان ناقىس (يېرىم، ئاجىز) بولۇپ قالىدۇ.

س: ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ج: ئىبادەت دېگەن «چوقۇنۇش»، «قۇلچىلىق قىلىش» دېگەن بولىدۇ. قۇلچىلىق قىلغۇچى ئابىد (ئىبادەت قىلغۇچى)، قۇلچىلىق قىلىنغۇچى مەئبۇد دېيىلىدۇ. بىزنىڭ ھەقىقىي راست مەئبۇدىمىز بىر ﷲدۇر. ئۇ بىزنى ۋە پۈتۈن ئالەمنى پەيدا قىلدى. ھەممىمىز ئۇنىڭ مەخلۇقى ۋە بەندىسىدۇرمىز. ئۇ بىزنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا ئەمرى قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش بىزگە پەرز بولدى.

س: ﷲ ئۆز مەخلۇقاتىنىڭ ئىچىدىن قايسى مەخلۇقنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدى؟

ج: ئىنسان ۋە جىنلارنى ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدى، بۇ ئىككى مەخلۇق مۇكەللەپ دېيىلىدۇ. پەرىشتىلەر ۋە دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلار ئىبادەتكە مۇكەللەپ ئەمەس.

س: جىن دېگەن نېمە؟

ج: جىنمۇ ﷲنىڭ بىر چوڭ مەخلۇقى بولۇپ، ئۇ ئوتتىن يارالغاندۇر. ئۇلارنىڭ جىسمى كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن ئۇ ئادەم ياكى ھايۋان شەكلىدە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۆز شەكلىدىن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگىرەلىگەنلىكى ﷲنىڭ ئۇنى ئىنتايىن كۈچلۈك قىلغانلىقىدىندۇر. ئۇلار ئەر ۋە ئايالمۇ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ باللىرىمۇ بولىدۇ.

س: ئىبادەت قىلىشنىڭ تەرىقىسى نېمە؟

www.munber.org

ج. ئىبادەت قىلىشنىڭ تەرىقىسى ئىنتايىن كۆپتۇر. مەسىلەن:

1) ـ ناماز ئوقۇش.

2) ـ روزا تۇتۇش.

3) ـ زاكات بېرىش.

4) ـ ھەج قىلىش.

5) ـ قۇربانلىق قىلىش.

6) ـ ئېتىكاپ قىلىش.

7) ـ كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش.

8) ـ يامان ئىشلاردىن توسۇش.

9) ـ ئاتا ـ ئانا، ئۇستاز ۋە كاتتىلارغا ھۆرمەت قىلىش.

10) ـ مەسجىد سېلىش.

11) ـ مەدرىس ئېچىش.

12) ـ ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى ئوقۇش.

13) ـ ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى ئۆگىتىش.

14) ـ دىنىي بىلىم ئوقۇغۇچىلىرىغا (تالىپلارغا) ياردەم بېرىش.

15) ـ الله يولىدا اللهنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش.

16) ـ غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش.

17) ـ ئاچ قالغانلارغا تائام بېرىش.

www.munber.org

18) - ئۇسسۇزلارغا ئۇسسۇزلۇق بېرىش.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە اللە رازى بولىدىغان ۋە اللەنىڭ ھۆكمىگە مۇۋاپىق بولغان ھەر قانداق ئىش ئىبادەتكە كىرىدۇ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلى سالىھ دېيىلىدۇ.

## گۇناھ - مەئسىيەتنىڭ بايانى

س: مەئسىيەت دېگەن نېمە؟

ج: «باش تارتماق» دېگەن مەنىدە، اللەنىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنماي باش تارتىش گۇناھ - مەئسىيەت دېيىلىدۇ. گۇناھ - مەئسىيەت قىلىش ئىنتايىن يامان ئىشتۇر. اللەنىڭ غەزىپى، نارازىلىقى ۋە ئازابى گۇناھنىڭ تۈپەيلىدىن بولىدۇ. گۇناھنىڭ ئەڭ چوڭى كۇپرى ۋە شېرىكتۇر. كاپىر ۋە مۇشرىك دوزاختا مەڭگۈ تۇرىدۇ. كاپىر ۋە مۇشرىكقا شاپائەت بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە اللە "مۇشرىكنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن"، دېدى.

www.munber.org

## كۇپرى ۋە شېرىكنىڭ بايانى

س: كۇپرى ۋە شېرىك دېگەن نېمە؟

ج: ئىمان كەلتۈرۈش زۆرۈر بولغان نەرسىلەردىن بەزىسىگە ئىنكار قىلىش كۇپرى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: بىراۋ اللەنى ئىنكار قىلسا؛ اللەنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلسا؛ اللە ئىككى - ئۈچ دەپ ئېتىقاد قىلسا؛ پەرىشتىلەرنى ئىنكار قىلسا؛ اللەنىڭ كىتابلىرىنى ئىنكار قىلسا؛ بىرەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلسا؛

تەقدىرنى ئىنكار قىلسا؛ قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلسا؛ ﷲنىڭ كەسكىن ھۆكۈملىرىدىن بىرەر ھۆكۈملىرىنى ئىنكار قىلسا؛ رەسۇلۇللاھ ئۇقتۇرغان ياكى رەسۇلۇللاھقا ئۇقتۇرۇلغان بىرەر خەۋەرنى يالغان دەپ بىلسە، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدە كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ﷲنىڭ زاتى ياكى سۈپەتلىرىگە باشقا بىر نەرسىنى تەڭلەشتۇرگەنلىك شېرىك دېيىلىدۇ.

س: ﷲنىڭ زاتىغا شېرىك كەلتۈرۈش دېگەن نېمە؟

ج: ﷲنى ئىككى ـ ئۈچ دەپ ئېتىقاد قىلىش ﷲنىڭ زاتىغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن: ناسارالار ﷲنى ئۈچ دېگەنلىكى ئۈچۈن مۇشرىك بولدى. ئاتەشپەرەسلەر ﷲنى ئىككى دېگەنلىكى ئۈچۈن مۇشرىك بولدى. بۇتپەرەسلەر ﷲ ئىنتايىن كۆپ دېگەنلىكى ئۈچۈن مۇشرىك بولدى.

س: ﷲنىڭ سۈپەتلىرىگە شېرىك كەلتۈرۈش دېگەن نېمە؟

ج: ﷲنىڭ سۈپەتلىرىگە باشقىلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئوخشىتىش سۈپەتكە شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. مەسىلەن: پەرىشتە، پەيغەمبەر، ئەۋلىيا، شېھىد ۋە پىر قاتارلىقلارنىڭ سۈپەتلىرى ﷲنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاش دېگەنلىك، ﷲنىڭ سۈپەتلىرىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر.

س: ﷲنىڭ سۈپەتلىرىگە شېرىك كەلتۈرۈش نەچچە خىلدۇر؟

ج: بۇنىڭ تۈرى كۆپتۇر، بىز بۇ يەردە بەزى بىر تۈرلىرىنى بايان قىلىمىز:

1) ـ قۇدرەتكە شېرىك كەلتۈرۈش، يەنى ﷲدا «قۇدرەت»، «قادىر» دېگەن سۈپەت بولغاندەك باشقىلاردىمۇ قۇدرەت، قادىر دېگەن سۈپەت بار دەپ باشقىلاردا يوق سۈپەتنى ئۇنىڭغا

www.munber.org

نىسبەت بېرىش. مەسىلەن: پالانى پەيغەمبەر، پالانى ئەۋلىيا، پالانى شېھىد، پالانى غوجام، پالانى ھەزرىتىم، پالانى ھوقۇقدار يامغۇر ياغدۇرالايدۇ، ئوغۇل ـ قىز ئاتا قىلالايدۇ، مۇراد ـ مەقسەتكە يەتكۈزەلەيدۇ، رىزق بېرەلەيدۇ، ئۆلتۈرەلەيدۇ ۋە تىرىلدۈرەلەيدۇ، پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر، دېگەندەك ئېتىقادلارنىڭ ھەممىسى اللهنىڭ قۇدرىتىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىك.

2) ـ ئىلىمغا شېرىك كەلتۈرۈش، يەنى الله بىلگەندەك پالانىمۇ بىلىدۇ، دەپ ئۇ كىشىدە يوق سۈپەتنى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىش. مەسىلەن: الله بىلگەندەك پالانى پەيغەمبەر، پالانى ئەۋلىيا، پالانى كىشىلەر غەيىبنى بىلەتتى ياكى اللهغا ئوخشاش ئۇنىڭدىمۇ ئىلىم بار ئىدى، بىزنىڭ تامامى ھالەتلىرىمىزنى بىلىپ قالاتتى، كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قالاتتى، دەپ ئېتىقاد قىلىشلارنىڭ ھەممىسى اللهنىڭ ئىلمىغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك.

3) ـ ئاڭلاش ۋە كۆرۈشتە شېرىك كەلتۈرۈش، يەنى الله ئاڭلىغان ۋە كۆرگەندەك پالانىمۇ ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ قالىدۇ، دەپ ئۇنىڭدا يوق سۈپەتنى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىش. مەسىلەن: پالانى پەيغەمبەر، پالانى ئەۋلىيا، پالانى ھەزرىتىم بىزنىڭ ھەر قانداق گەپلىرىمىزنى قانداق يەردە بولمىسۇن ئاڭلاپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ھەر قانداق جايدا بولمىسۇن كۆرۈپ تۇرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش اللهنىڭ ئاڭلىشى ۋە كۆرۈشى دېگەن سۈپەتكە شېرىك كەلتۈرگەنلىك.

4) ـ ھۆكۈمگە شېرىك كەلتۈرۈش، يەنى اللهنىڭ ھۆكمى ۋە ئەمرىگە بويسۇنغاندەك پالانىنىڭ ھۆكمىگە ۋە ئەمرىگىمۇ بويسۇنۇش لازىم دەپ ئېتىقاد قىلىش. مەسىلەن: پىر ـ

www.munber.org

ئۇستازىم ئەسىر ۋاقتى بىلەن مۇنداق ـ مۇنداق ۋەزىپىلەر بۆيرىدى. بۇنى قەتئىي ئوقۇمىسام بولمايدۇ. بۇ پىرىمنىڭ ئەمرى، دەپ ئەسىرنىڭ مەكرۇھ ۋاقتى كىرىپ قالسىمۇ، ئەسىرنى ئوقۇماي پىرنىڭ ئەمرىنى تۇتۇش ياكى ناماز قازا بولۇپ كېتىشكە پەرۋا قىلماسلىق.

[5]) ـ ئىبادەتلەردە شېرىك كەلتۈرۈش، يەنى اللّٰهغا ئىبادەت قىلغاندەك پالانىمۇ ئىبادەتكە لايىقتۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىش. مەسىلەن: بەزىبىر قەبرە، بەزى ھەزرەت، پىر ئۇستازلارغا سەجدە قىلىش، بىرەرسىگە رۇكۇ قىلىش (تازىم قىلىش)، بىرەر پىر ئۇستاز، پەيغەمبەر، ئەۋلىيا، مۇجتەھىد، ياكى بىرەر ئۆلىما قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنىڭ نامىنى ئاتاپ روزا تۇتۇش، ياكى بىرەرسىنىڭ قەبرىسى؛ مۇرشىدىنىڭ ئۆيى خانە كەئبىگە ئوخشاش، دەپ ئۇنى تاۋاپ قىلىش اللّٰهغا ئىبادەتتە شېرىك كەلتۈرگەنلىك.

س: يۇقىرىقىلاردىن باشقىمۇ شېرىك ئەمەللەر بارمۇ؟

ج: ھەئە، نۇرغۇنلىغان ئىشلار بار. ئۇمۇ شېرىككە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ئىشلاردىن پەرھىز قىلىش لازىم. شېرىككە قوشۇلۇپ كېتىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

رەممال، پالچىلاردىن غەيب خەۋەرنى سوراش، پالچىلارغا قولىنى كۆرسىتىش، بىرەرسىگە پال ئاچتۇرۇش، كىسەللىك يۇقۇش (كېسەل يۇقىدۇ دەپ بىلىش)، ماتەم تۇتۇش، ئەلەم كۆتۈرۈش، قەبرىلەرگە بىر نەرسىنى ئاتاش، اللّٰهدىن باشقا بىرەرسىنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم ئىچىش، سۈرەت سىزىش، رەسىم تارتىش ياكى رەسىملەرگە تازىم قىلىش، بەزى پىر ياكى ئەۋلىيالارنى ھاجەتنى راۋا قىلىدۇ، مۇشكۇل ئىشنى ئاسان قىلىدۇ، دەپ بىلىش. قەبرىلەرنىڭ تويىسىنى بەدەنگە سۈركەش،

www.munber.org

قەبرىلەرنى چۆرۈلۈپ تاۋاپ قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شېرىككە كىرىدۇ.

## بىدئەتنىڭ بايانى

س: كۇپرى ۋە شېرىكتىن قالسا قايسى گۇناھ چوڭدۇر؟

ج: كۇپرى ۋە شېرىكتىن قالسا بىدئەت ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر. شەرىئەتتە ئورنى يوق ھەم شەرىئەت ئېتىراپ قىلمايدىغان نەرسىلەر بىدئەت دېيىلىدۇ، يەنى «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف»تە يوق، رەسۇلۇللاھ، ساھابىلار، تابىئىنلارنىڭ دەۋرىدە يۈز بەرمىگەن ئىشلار بىدئەتتۇر. بۇ دىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالسا قەتئىي چىقىرىۋېتىش لازىم. بىدئەت ئىنتايىن يامان نەرسىدۇر. رەسۇلۇللاھ ئۇنى رەت قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: "ھەر قانداق بىدئەت گۇمراھلىقتۇر، ھەر قانداق گۇمراھلىق دوزاخقا ئېلىپ كىرگۈچىدۇر".

س: بىدئەتنىڭ تۈرلىرىنى بايان قىلىڭ؟

ج: كىشىلەر نەچچە مىڭلىغان بىدئەتلەر پەيدا قىلىدۇ، بىز بۇ يەردە بىر قىسىم بىدئەتنى بايان قىلىمىز: خەتنە تويى قىلىش؛ پەرز نامازدىن كېيىن دۇرۇد ئوقۇش زۆرۈر دەپ قاراپ، توپلىشىپ دۇرۇد ئوقۇش؛ جۈمەنىڭ سۈننىتىدىن كېيىن جامائەت كوللېكتىپ ھالدا دۇئا قىلىش (يەنى ھەربىر كىشى شەخسەن دۇئا قىلىش جائىز)؛ قەبرىلەرنى ئىنتايىن پۇختا ياساش؛ قەبرىلەرگە گۈمبەز قوپۇرۇش؛ ھەشەمەتلىك داغ ـ دۇغىلىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش؛ قەبرىگە چىراغ يېقىش؛ قەبرىگە يوپۇق يېپىش؛ ئۆلگەندىن كېيىن نەزىر ـ چىراغ

www.munber.org

قىلىش؛ جىنازا نامىزىدىن كېيىن مېيىتنىڭ ئۆيىگە پاتىھە قىلىپ كېلىش؛ توي ـ تۆكۈنلەردە تويى بولغان قىز ـ ئوغۇلغا گۈل تاقاش؛ قاتارلىق ئىشلار بىدئەتكە كىرىدۇ.

## قالدۇق گۇناھلارنىڭ بايانى

س: كۇپىرى، شېرىك ۋە بىدئەتتىن باشقا قانداق ئىشلار گۇناھقا كىرىدۇ؟

ج: كۇپىرى، شېرىك ۋە بىدئەتتىن باشقىمۇ يەنە نۇرغۇن گۇناھلار بار. مەسىلەن: يالغان سۆزلەش، ناماز ئوقۇماسلىق، روزا تۇتماسلىق، زاكات بەرمەسلىك، قۇدرىتى بار تۇرۇپ ھەج قىلماسلىق، ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىق قىلىش، زىنا قىلىش، غەيۋەت قىلىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، بىرەرسىنى ناھەق ئۇرۇش، ئازار بېرىش، چېقىمچىلىق قىلىش، ئالدامچىلىق قىلىش، ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇستازلارغا بىھۆرمەتلىك قىلىش، ئۆيلەرگە رەسىم چاپلاش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، كىشىلەرنى كەمسىتىش، قىمار ئويناش، كىشىلەرنى سەت گەپ بىلەن تىللاش، ئويۇن كۆرۈش، جازانە بېرىش، جازانە ئېلىش، ساقال قويماسلىق، ئەرلەر ئىشتاننى ئوشۇقتىن تۆۋەن ئۇزۇن كېيىش، ئىقتىسادنى بۇزۇپ ـ چېچىش، ئويۇن ـ تاماشا، تىياتىرخانىلارغا بېرىش قاتارلىقلار گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

س: گۇناھ قىلغۇچى مۇسۇلمان تۇرامدۇ؟

ج: كۇپىرى ۋە شېرىك گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشى مۇسۇلمان تۇرمايدۇ، بەلكى كاپىر ۋە مۇشرىك بولۇپ كېتىدۇ. بىرەر بىدئەت ئىشنى قىلغان كىشى مۇسۇلمان تۇرىدۇ، بىراق ئۇنىڭ

www.munber.org

ئىمانى ئاجىز ۋە يېرىم بولىدۇ. مۇنداق كىشى ئەھلى بىدئەت دېيىلىدۇ. كۇپرى، شېرىك ۋە بىدئەتتىن باشقا بىرەر چوڭ گۇناھ قىلغان كىشىمۇ مۇسۇلمان تۇرىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئىمانى ناقىس بولىدۇ، بۇ پاسىق دېيىلىدۇ.

س: گۇناھكار ئازابتىن قۇتۇلالامدۇ؟

ج: تەۋبە قىلسا الله تائالا گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، ئازابتىن قۇتۇلىدۇ. تەۋبە دەپ ئۆز گۇناھىغا پۇشايمان قىلغان ھالىدا، الله ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ: «ئى الله! گۇناھىمنى كەچۈرۈم قىلساڭ، بۇنىڭدىن كېيىن گۇناھ قىلماسلىققا چىن كۆڭلۈمدىن ۋەدە بەرسەم»، دەپ نالە قىلغاننى دەيدۇ. شۇنى ئەستە ساقلاش كېرەككى، ئاغزاكى قىلغان تەۋبە تەۋبە بولمايدۇ.

س: تەۋبە قىلىش بىلەن ھەر قانداق گۇناھ كەچۈرۈم بولامدۇ؟

ج: بەندىنىڭ ھەققى قوشۇلۇپ قالمىغان بولسا كەچۈرۈم بولىدۇ (اللەغا بويسۇنمىغان بولسا تەۋبە بىلەن كەچۈرۈم بولىدۇ)، ھەتتا كۇپرى ۋە شېرىك گۇناھلىرى بولسىمۇ چىن كۆڭلىدىن تەۋبە قىلسا، كەچۈرۈم بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن، بەندىنىڭ ھەققى قوشۇلۇپ قالغان گۇناھ تەۋبە بىلەن كەچۈرۈم بولمايدۇ. مەسىلەن: يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى زورلاۋالىق بىلەن يەۋېلىش؛ بىرەرسىگە تۆھمەت چاپلاش ياكى بىرەرسىنى بوزەك ئېتىش (زۇلۇم قىلىش) قاتارلىقلار. مۇنداق گۇناھلار ھۇقۇقۇل ئىبادِ دېيىلىدۇ. بۇ تەۋبە بىلەن كەچۈرۈم بولمايدۇ.

بەلكى، ئۇلاردىن ئەپۇ سوراش زۆرۈركى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇش ياكى ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراش، ئاندىن الله ئالدىدا تەۋبە قىلىش كېرەك.

www.munber.org

س: تەۋبە قاچانغىچە قوبۇل بولىدۇ؟

ج: جان ھەلقۇمغا يەتكەندە تەۋبە قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ. مۇشۇ ھالەتتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلسا تەۋبىسى ھەر ۋاقىت قوبۇل بولىدۇ.

س: گۇناھكار تەۋبە قىلماستىن ئۆلۈپ كەتسە جەننەتكە كىرەلەمدۇ؟

ج: كاپىر، مۇشرىكتىن باشقا تامامى گۇناھكارلار گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىپ بولۇپ، ئاندىن جەننەتكە كىرىدۇ. كۇپرى ۋە شېرىكتىن باشقا گۇناھلارنى قىلغۇچىلارنى جازالىماستىن بىرەرسىنىڭ شاپائىتى بىلەن ياكى شاپائەتسىز اللەنىڭ ئەپۇ قىلىۋېتىش ئېھتىمالىمۇ بار.

س: مېيىتقا دۇنيادىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە دوست بۇرادەرلىرى پايدا يەتكۈزەلەمدۇ؟

ج: يەتكۈزەلەيدۇ، بەدەنگە ئائىت ئىبادەت ۋە ئىقتىسادقا ئائىت ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىنى شۇنىڭغا ئاتاپ قىلسا يېتىدۇ. يەنى تىرىكلەر بىرەر ياخشى ئىشنى قىلسا. مەسىلەن: «قۇرئان كەرىم» ياكى دۇرۇد ئوقۇپ الله يولىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى ئاتىسا، قورسىقى ئاچقانلارغا تائام يېگۈزۈپ ساۋابىنى ئاتىسا، بۇ ئىشلارنىڭ ساۋابى الله تەرىپىدىن شۇ مېيىتقا يېتىدۇ. ياخشى ئىشنى قىلىپ ساۋابىنى شۇ مېيىتقا بېغىشلايدىغانلار: «ئى الله! مۇشۇ ئىشنىڭ ساۋابىنى مەن پالانى كىشىگە ئاتىدىم. بۇنى سەن يەتكۈزۈپ بەرگەيسەن»، دەپ دۇئا قىلىشى لازىم. بۇنداق ساۋابنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆز تەرىپىدىن خاس بىر نەرسىنى ياكى خاس بىر ۋاقىتنى تەيىن قىلىۋالماسلىقى لازىم، قاچان خالىسا بولىدۇ.

www.munber.org

# ئىككىنچى باب ئىسلام رۇكۇنلىرى تەلىماتى

## قىرائەتنىڭ بىر قىسىم ئەھكاملىرىنىڭ بايانى

س: بامدات، شام ۋە خۇپتەن نامازلارنى يالغۇز ئوقۇسا، جەھرى ئوقۇش ۋاجىپمۇ؟

ج: ۋاجىپ ئەمەس، لېكىن جەھرى ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

س: بۇ نامازلارنىڭ قازاسىنى ئوقۇماقچى بولسا، قانداق ئوقۇيدۇ؟ ھۆكمى نېمە؟

ج: قازادا ئىمام جەھرى ئوقۇشى لازىم، يالغۇز ئوقۇغۇچى خالىسا جەھرى ئوقۇيدۇ، خالىسا مەخپىي ئوقۇيدۇ.

س: پەرز نامازلاردا قانچىلىك قىرائەت قىلىش سۈننەتتۇر؟

ج: سەپەر ئۈستىدە بولسا، «سۈرە فاتىھە»دىن كېيىن خالىغان سۈرىنى ئوقۇشقا ئىختىيارى بار، قىسقا سۈرە ئوقۇسىمۇ مەيلى، ئۇزۇن سۈرە ئوقۇسىمۇ مەيلى. ئۆيدە مۇقىم تۇرغاندا قىرائەتنىڭ خاس مىقدارىنى ئوقۇش سۈننەتتۇر.

س: مۇقىمنىڭ سۈننەت قىرائىتى قايسى؟

ج: مۇقىم بامدات ۋە پېشىن نامىزىدا تىۋال مۇفەسسەلنى ئوقۇش، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامىزىدا ئەۋساتى مۇفەسسەلنى ئوقۇش، شامدا قىسارى مۇفەسسەل ئوقۇش سۈننەتتۇر.

س: تىۋال مۇفەسسەل، ئەۋساتى مۇفەسسەل، قىسارى مۇفەسسەل دېگەن نېمە؟

www.munber.org

ج: «سۈرە ھۇجۇرات» تىن «سۈرە بۇرۇج» غىچە بولغان ئارىلىقتىكى سۈرىلەر تىۋال مۇفەسسەل دېيىلىدۇ. «سۈرە تارىق» تىن «سۈرە بەييىنە» غىچە بولغان ئارىلىقتىكى سۈرىلەر ئەۋساتى مۇپەسسەل دېيىلىدۇ. «سۈرە زەلزەلە» دىن «سۈرە ناس»، يەنى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاخىرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سۈرىلەر قىسارى مۇفەسسەل دېيىلىدۇ.

س: بۇ سۈننەت قىرائەت ئىمامغىمۇ ياكى مۇنپەرىدقىمۇ؟

ج: ئىمام ۋە مۇنپەرىد ئىككىلىسىگە مۇشۇنداق ئوقۇش سۈننەتتۇر.

س: مۇقىم تۇرۇقلۇق بىرەر زۆرۈرىيەتنىڭ سەۋەبىدىن سۈننەت قىرائەتنى تەرك قىلىۋەتسە، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: دۇرۇستۇر.

س: بەزى نامازغا بىر قىسىم سۈرىنى خاس قىلىۋېلىشقا بولامدۇ؟

ج: بولمايدۇ، شەرىئەت ئاسان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھەر قانداق يېرىدىن ئوقۇسا بولىدۇ، دەپ ئىجازەت قىلدى. دېمەك، ئۆز تەرىپىدىن بىرەر سۈرىنى تەيىن قىلىۋېلىش (مۇشۇ سۈرىنى نامازدا ئوقۇيدۇ، باشقا سۈرىنى ئوقۇسا بولمايدۇ، دەپ ئۆز تەرىپىدىن خاس قىلىۋېلىش)، شەرىئەتكە خىلاپتۇر.

س: بامدات نامازنىڭ سۈننىتىدە قايسى سۈرىنى ئوقۇش سۈننەت؟

ج: رەسۇلۇللاھ كۆپىنچە ۋاقىتلىرىدا بامداتنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە «سۈرە كافىرۇن»، ئىككىنچى رەكئىتىدە «سۈرە ئىخلاس» نى ئوقۇيتى.

www.munber.org

س: ۋىتىر نامازدا قايسى سۈرىنى ئوقۇش سۈننەت؟

ج: بىرىنچى رەكئەتتە «سۈرە ئەئلا»، ئىككىنچى رەكئەتتە «سۈرە كافىرۇن»، ئۈچىنچى رەكئەتتە «سۈرە ئىخلاس»نى ئوقۇش سۈننەت، رەسۇلۇللاھتىن مۇشۇنداق كەلگەن.

## جامائەت ۋە ئىمام بولۇشنىڭ بايانى

س: ئىمام بولۇش دېگەن نېمە؟

ج: ئىمام بولۇش دېگەن «باشچىلىق قىلىش» دېگەنلىك بولىدۇ. نامازدا بىر كىشى پۈتۈن جامائەتكە باشچىلىق قىلىدۇ ۋە بارلىق ئىقتىدا قىلغۇچى ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. مۇشۇ جامائەتكە باش بولغان كىشى ئىمام دېيىلىدۇ.

س: جامائەت دېگەن نېمە؟

ج: بىرلىشىپ ۋە توپلىشىپ ناماز ئوقۇغانلار جامائەت دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا بىرى ئىمام بولىدۇ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇقتەدى بولىدۇ.

س: جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش پەرزمۇ، ۋاجىپمۇ ياكى سۈننەتمۇ؟

ج: جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش سۈننەتى مۇئەككەدە (ئەڭ كۈچلۈك سۈننەت). بەزى ئۆلىمالار بۇنى پەرز دەيدۇ، بەزىلەر ۋاجىپ دەيدۇ. چۈنكى جامائەتنىڭ پايدىسىدا شەك يوق، بۇنىڭدا ئىنتايىن كۆپ پايدا بار.

س: جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشتا قانداق پايدا بار؟

www.munber.org

ج: بىر نامازغا يىگىرمە يەتتە نامازنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆزئارا بەش قېتىم بىرلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرسىغا ئىتتىپاقلىق ۋە مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ. باشقىلارغىمۇ ئىبادەتنىڭ ئىشتىياقى ۋە رىغبىتى پەيدا بولىدۇ. نامازدا دىل يۇمشايدۇ. جامائەتتە ئۇلۇغ ۋە ياخشى ئادەملەرنىڭ بەرىكىتىدىن گۇناھكارلارنىڭ نامىزىمۇ قوبۇل بولۇپ كېتىدۇ. بىلمىگەنلەر بىلگەنلەردىن مەسىلە سورىۋېلىشىغا ئاسان بولىدۇ. ھاجەتمەنلەر ۋە كەمبەغەللەرنىڭ ھالى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. نامازنىڭ شۇ قەدەر كاتتىلىقى زاھىر بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىمۇ كۆپلىگەن پايدىلىرى بار.

س: قانداق ئادەملەر جامائەتكە كەلمىسە رۇخسەت؟

ج: ئاياللار، بالاغەتكە يەتمىگەنلەر، كېسەللەر، كېسەل باققۇچىلار، توكور، پالەچ، بەك ئاجىزلاپ كەتكەنلەر، قارىغۇ قاتارلىقلار جامائەتكە كەلمىسىمۇ رۇخسەت.

س: ساق ئادەملەر جامائەتكە كەلمىسىمۇ بولىدىغان بىرەر ئۆزرە بارمۇ؟

ج: يامغۇر ناھايىتى قاتتىق يېغىپ يول پاتقاق بولۇپ كېتىش؛ قاتتىق سوغۇق؛ قاراڭغۇ ـ زۇلمەت؛ سەپەر. مەسىلەن: پويىز ياكى ئايروپىلاننىڭ مېڭىش ۋاقتى يېقىن بولۇپ قېلىش؛ تەرەتى قىستاپ كېتىش؛ قورسىقى بەك ئېچىپ كېتىش؛ مۇشۇنداق ئۆزرىلەرنىڭ سەۋەبىدىن جامائەتكە كەلمىسە رۇخسەتتۇر.

س: قايسى نامازلاردا جامائەت سۈننەتى مۇئەككەدە ياكى ۋاجىپ؟

www.munber.org

ج. پەرز نامازلار ۋە ئىككى ھېيت نامىزىدا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش سۈننەتى مۇئەككەدە، تەراۋىھ نامىزىدا جامائەت بولۇش سۈننەتى كۇفايىدۇر.

س. ئەڭ ئاز بولغاندا قانچە ئادەم جامائەتكە كىرىدۇ؟

ج. ئاز بولغاندا ئىككى ئادەم بولسا جامائەتكە كۇپايە قىلىدۇ: بىرى مۇقتەدى، بىرى ئىمام. لېكىن بۇ ھالەتتە مۇقتەدى ئىمامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇدۇل تۇرىدۇ. قاچانكى ئىقتىدا قىلغۇچى ئىككى بولۇپ قالسا ئىمام ئەمەلى كەسىر قىلمىغان ئاساستا بىر قەدەم ئالدىغا يۆتكىلىشى لازىم.

س. جامائەت نامىزىدا قانداق تۇرۇش لازىم؟

ج. ھەم بولۇپ تۈپتۈز تۇرىدۇ. ئارىلىقىدا بوش ئورۇن قالدۇرمايدۇ. كىچىك باللارنى ئارقا سەپتە تۇرغۇزىدۇ. چوڭ ئادەملەرنىڭ سېپىدە كىچىكلەرنىڭ تۇرۇۋېلىشى مەكرۇھتۇر. ئاياللارنىڭ سېپى كىچىك ئوغۇل باللارنىڭ سېپىنىڭ ئارقىسىدا بولۇشى لازىم.

س. ئىمامنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتسە، مۇقتەدىلارنىڭ نامىزىمۇ بۇزۇلۇپ كېتەمدۇ؟

ج. ئىمامنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتسە، مۇقتەدىلارنىڭ نامىزىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، مۇقتەدىلارمۇ قايتا ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ.

س. قانداق كىشىنىڭ ئىمام بولۇشى ئەۋزەل؟

ج. ئالىم، يەنى ئەمەلى ياخشى بولغان ۋە ناماز مەسىلىلىرىنى تولۇق بىلىدىغان كىشى؛ ئۇنىڭدا باراۋەر بولسا قۇرئان كۆپ ياد بولغان ۋە قۇرئاننى تەجۋىدلىك ئوقۇيدىغان كىشى؛ ئۇنىڭدا باراۋەر بولسا تەقۋادار؛ ئۇنىڭدىمۇ باراۋەر

www.munber.org

بولسا يېشى چوڭ؛ ئۇنىڭدىمۇ باراۋەر بولسا ئەخلاقى گۈزەل، نەسەبى ئېسىل؛ ئۇنىڭدىمۇ باراۋەر بولسا چىراي ـ شەكلى چىرايلىق، ئېغىر ـ بېسىق، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى پاكىز تۇتىدىغان كىشىلەر؛ ئىمام بولۇشقا لايىقتۇر.

س: مەسجىددە تەيىنلەنگەن مۇقىم ئىمام بولسا، نامازنى ئوقۇيدىغاندا ئۇنىڭدىن ئەۋزەل بىر ئادەم كېلىپ قالسا، ئىمام بولۇشقا قايسى لايىق؟

ج: گەرچە يېڭى كەلگۈچى ئەۋزەل بولسىمۇ، مەسجىدنىڭ ئىمامى يېڭى كەلگۈچىدىن بەكرەك لايىقتۇر.

س: چىشىنى زاماسكىلاتقان، سۇنئىي چىش قاپلاتقان، ياكى چىش سالدۇرغان كىشىنىڭ ئىمام بولۇشى دۇرۇسمۇ؟ بۇنىڭ غۇسۇلغا تەسىرى بارمۇ؟

ج: مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھەممىسى زۆرۈرىيەتكە بىنائەن دۇرۇس، چىشنى گۈزەل قىلىش ئۈچۈن مەزكۇر ئىشلارنى قىلىش دۇرۇس ئەمەس، غۇسۇل بولىۋېرىدۇ، ئىمام بولىشى دۇرۇس.

س: جامائەت نامازغا تەييار بولۇپ قالغاندا ئىمام كېلىپ قالسا، ئۇ پېشىننىڭ ئالدىدىكى تۆت رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇماي تۇرۇپ جامائەتكە ئىمام بولۇشى دۇرۇسمۇ؟

ج: ئىمام بولۇشى دۇرۇس بولىدۇ، بۇنىڭدا ھېچقانداق مەكرۇھلۇق يوق بەرمەيدۇ.

س: مۇشۇ دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت تەرەپتىن پۇل بېرىلگەن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇش دۇرۇسمۇ؟

ج: شۇ ئىمامنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ ھالال تاپاۋىتى بولۇپ، ھۆكۈمەت بەرگەن ھارام پۇلغا سېلىشتۇرغاندا ھالال تاپاۋىتى كۆپ بولسا، يېمەك ـ ئىچمىكىنىڭ كۆپ قىسمى ھالال

www.munber.org

بولغانلىقى ئۈچۈن ئىمام بولۇشى دۇرۇس. ئەگەر ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ئىمام بولۇشى دۇرۇس ئەمەس.

س: خوتۇنى يوق كىشىنىڭ ئىمام بولۇشى دۇرۇسمۇ؟

ج: ئىمام بولۇشنىڭ مەزكۇر شەرتىگە مۇۋاپىق كەلسىلا دۇرۇس بولىۋېرىدۇ.

س: سۈننەتكە لايىق ساقال قويمىغان ياكى ئەسلا ساقال قويمىغان كىشىگە ئىقتىدا قىلىش دۇرۇسمۇ؟

ج: ساقالنى بىر تۇتام ئۆستۈرۈش سۈننەتتۇر، بۇنىڭدىن قىسقا قويۇش ياكى چۈشۈرىۋېتىش قەتئىي هارامدۇر. مۇنداق هارامغا چۆمۈلگەن كىشى گۇناهكار ۋە ئاشكارا پاسىقتۇر. مۇنداق هارامغا پەرۋا قىلمايدىغان پاسىققا ئىقتىدا قىلىش مەكرۇهى تەهرىمىدۇر. ناۋادا تاسادىپىي مۇنداق پاسىقلارغا ئىقتىدا قىلىپ قالسا ناماز ئادا تاپىدۇ.

س: قانداق كىشىگە ئىقتىدا قىلىش مەكرۇه تەهرىمى؟

ج: 1) - بىدئەتچى.

2) - پاسىق.

3) - بىلىمسىز ۋە ساۋاتسىز.

4) - ئېهتىيات قىلمايدىغان قارىغۇ ۋە بىلىمسىز قارىغۇ.

5) - زىنادىن تۇغۇلغان بالا.

6) – ساقال قويمىغان پاسىق قاتارلىقلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇش مەكرۇه تەهرىمىدۇر. لېكىن قارىغۇ ئېهتىياتچان هەم ئالىم بولسا؛ «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىدلىك ئوقۇسا ياكى زىنادىن تۇغۇلغان بالا ئالىم بولسا، بۇلاردىن

www.munber.org

ئەۋزەل كىشىلەر بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ بولماستىن دۇرۇستۇر.

س: قانداق كىشىلەرگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇشقا قەتئىي بولمايدۇ؟

ج: 1) - ساراڭ.

2) - مەست.

3) - كاپىر ياكى مۇشرىك.

4) – بالاغەتكە يەتمىگەنلەرگە بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇشى.

5) - ئاياللارغا ئەرلەرنىڭ ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇشى.

6) – تاھارەت ۋە غۇسۇلنى كامىل ئالالمايدىغانلار، ئۆزرىسى بار (تاھارەت تۇتالمايدىغان)لارغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇش.

7) - كىيىمى بار كىشىلەر كىيىمى يوقلارغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇش.

8) – رۇكۇ، سەجدە قىلالايدىغانلار رۇكۇ، سەجدىنى ئىشارەت بىلەن قىلىدىغانلارغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇش.

9) - پەرز ئوقۇغۇچىلار پەرز ئوقۇپ بولۇپ، نەفلە قىلىپ يەنە بىر ئوقۇۋالاي، دەپ ئىككىنچى قېتىم ئوقۇغۇچىغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇش.

10) - بىر پەرزنى مەسىلەن: پېشىن ئوقۇغۇچىلار يەنە بىر پەرزنى (ئەسىر) ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇش.

www.munber.org

11) - يۇتىنى يۇماي پايپاقىا مەسھ تارتقۇچى قاتارلىقلارغا ئىقتىدا قىلىش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس.

س: بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغۇل بالىغا ئىقتىدا قىلىپ تەراۋىھ ئوقۇش دۇرۇسمۇ؟

ج: بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغۇل بالىلارغا ئىقتىدا قىلىپ تەراۋىھ ئوقۇشمۇ دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر بالا ئون بەش ياشقا كىرگەن بولسا، بالاغەتنىڭ ئالامىتى ئاشكارا بولمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ تەراۋىھ ۋە پەرز ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ.

## نامازنى بۇزغۇچى ئامىللارنىڭ بايانى

س: نامازنى بۇزغۇچى ئامىللار قايسى؟

ج: 1) ـ نامازدا قەستەن بولسۇن ياكى ئېسىدە يوق بولسۇن، گەپ قىلىش.

2) - نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ بىرسىگە سالام قىلىش.

3) - سالامنى ئىلىك ئېلىش، چۈشكۈرگۈچىگە "يَرْحَمُكَ اللهُ" ياكى نامازنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقانلارغا ئامىن دېيىشىپ بېرىش.

4) - شۇم خەۋەرگە "اِنَّا للهِ وَاِنَّا اِلَيْهِ رَاجِعُوْنَ" دېيىش ۋە خوش ـ خەۋەرگە "اَلْحَمْدُ للهِ" ياكى ھەيران قالارلىق خەۋەرگە "سُبْحَانَ اللهِ" دېيىش.

5) - دەرت ـ ئەلەمنىڭ سەۋەبىدىن ئاھ دېيىش.

www.munber.org

6) ـ ئايرىم ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىگە لوقما سېلىش.

7) ـ «قۇرئان كەرىم»نى قاراپ ئوقۇش.

8) ـ «قۇرئان كەرىم»نى بەك خاتا ئوقۇش.

9) ـ ئەمەلى كەسىر قىلىش، يەنى قارىغانلار بۇ ناماز ئوقۇۋاتقان كىشى ئەمەسكەن دەپ قالغۇدەك ئىشلارنى نامازنىڭ ئىچىدە قىلىش.

10) ـ قەستەن بولسۇن ياكى ئېسىدە يوق بولسۇن يەپ ـ ئىچىش.

11) ـ ئىككى سەپ مىقدارى مېڭىش.

12) ـ قىبلە تەرەپتىن ئۆزرىسىز بۇرۇلۇش.

13) ـ پاسكىنا جايغا سەجدە قىلىش.

14) ـ ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالغان ھالەتتە بىر رۇكۇن مىقدارى تۇرۇش.

15) ـ ئادەملەردىن سورىلىدىغان نەرسە بىلەن دۇئا قىلىش. مەسىلەن: ئى الله! ماڭا بۇگۈن يۈز تەڭگە بەرسەڭ.

16) ـ دەرت ـ مۇسىبەتنىڭ دەردىدىن ئاشكارا يىغلاش.

17) ـ بالاغەتكە يەتكەن كىشى نامازدا تۇرۇپ ئاۋازلىق كۈلۈپ كېتىش.

18) ـ ئىمامدىن ئىلگىرى تۇرۇش قاتارلىقلار نامازنىڭ ئىچىدە يۈز بەرسە ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

www.munber.org

# نامازدا مەكرۇھ بولىدىغان ئامىللارنىڭ بايانى

س: نامازدا قايسى ئىشلار مەكرۇھ؟

ج: 1) ـ كىيىمنى يىپىنچاقلىۋېلىش.

2) ـ كىيىم توپا بولۇپ كەتمىسۇن دەپ قولىدا تۇتىۋېلىش.

3) ـ كىيىمنى ياكى بەدەننى ئويناش.

4) ـ كىر كىيىم، كىر جايناماز، كىر سەللە قاتارلىقلاردا ناماز ئوقۇش.

5) ـ پۇل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىنى ئالدىغا قويۇپ ناماز ئوقۇش.

6) ـ پەرۋاسىز قاراپ يالاڭباشتاق ناماز ئوقۇش.

7) ـ تەرىتى قىستاپ كەتكەندە ناماز ئوقۇش.

8) ـ چاچلىرىنى بېشىغا تۈگۈۋېلىپ ناماز ئوقۇش.

9) ـ سەجدە قىلىدىغان جايدىكى مۇدۇر ـ چۇقۇر تاشلارنى نېرى قىلىش. لېكىن سەجدە قىلىش قىيىن بولۇپ قالسا بىر قېتىم نېرى قىلىۋەتسە بولىدۇ.

10) ـ بارماقنى قاس چىقىرىش.

11) ـ بېلى ياكى بېقىنىنى تۇتۇش.

12) ـ بېشىنى قىبلە تەرەپتىن ئۇياق ـ بۇياققا بۇراش، خىيالى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە كېتىش، ياكى جىم تۇرۇپ كۆزىنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە تاشلاش.

www.munber.org

13) ــ ئىتقا ئوخشاش ئولتۇرۇش، يەنى يوتىسىنى قورسىقىغا ۋە تىزىنى كۆكرىكىگە چاپلاپ ۋە قولىنى زېمىنغا قويۇپ ئولتۇرۇش.

14) ـ ئەرلەر سەجدە قىلغاندا بىلىكىنى زېمىنغا چاپلاپ سەجدە قىلىش.

15) ـ ئالدىنى قىلىپ ئولتۇرغان ئادەمگە قاراپ ناماز ئوقۇش.

16) ـ قول ياكى باش ئىشارىتى بىلەن سالامنى ئىلىك ئېلىش.

17) ـ ئۆزرىسىز چازا هالىتىدە ئولتۇرۇش.

18) ــ قەستەن كېرىلىش ۋە ئەسنەش ياكى شۇنى توختىتالىغۇدەك تۇرۇپ توختىتىۋالماسلىق.

19) ـ كۆزنى يۇمۇۋېلىش. لېكىن نامازنى هۇزۇر دىلدا ئوقۇش ئۈچۈن يۇمۇۋالسا، مەكرۇھ بولمايدۇ.

20) ـ ئىمامنىڭ مېهراب ئىچىدە تۇرۇۋالمىقى. لېكىن پۇتى مېهرابىنىڭ سىرتىدا بولسا مەكرۇھ بولمايدۇ.

21) ــ ئىمامنىڭ يالغۇز ئېگىزگە چىقىپ تۇرۇۋېلىشى. لېكىن ئىمام بىلەن ئازراق ئادەملەر بىللە تۇرسا مەكرۇھ ئەمەس.

22) ــ سەپتە بوش ئورۇن بولسىمۇ سەپنىڭ كەينىدە تۇرۇۋېلىش.

23) ـ جانلىقلارنىڭ رەسىمى بار كىيىمنى كىيىپ ناماز ئوقۇش.

www.munber.org

24) ـ ئۈستىدە؛ ئىككى تەرىپىدە؛ ئالدىدا؛ ياكى سەجدە قىلىدىغان جايدا جانلىقنىڭ رەسمى بولسا، ئۇنداق جايدا ناماز ئوقۇش.

25) ـ ئايەت؛ سۈرە ياكى تەسبىھلەرنى بارمىقىدا ساناپ ئوقۇش (تەسبىھ نامىزى بۇنىڭدىن مۇستەسنا).

26) ـ قولنى ئىتتىك چىقارغىلى بولمايدىغان تار ياكى قولاشمايدىغان كىيىملەرنى كىيىپ ناماز ئوقۇش.

27) ـ نامازدا كىرىلىش (جانلىق تۇرماي بوشاڭلىق ھالەتتە تۇرۇش).

28) ـ پېشانە تەگمەي، باش كىيىمنىڭ ۋاستىسىدە سەجدە قىلىش.

29) نامازدا سۈننەتكە خىلاپ بىرەر ئىش قىلىش.

www.munber.org

## ۋىتىر نامازنىڭ بايانى

س: ۋىتىر ناماز ۋاجىپمۇ ياكى سۈننەتمۇ؟

ج: ۋىتىر ناماز ۋاجىپتۇر، بۇنى ئوقۇش پەرز تەكىتلەنگەندەك تەكىتلىنىدۇ ۋە بۇنى تەرك ئېتىۋەتسە قازاسىنى ئوقۇش ۋاجىپتۇر، ئورۇنسىز قەستەن تەرك ئېتىش چوڭ گۇناھتۇر.

س: ۋىتىر ناماز قانچە رەكئەت؟

ج: ۋىتىر ناماز ئۈچ رەكئەت. ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بولۇپ بىر ئولتۇرىدۇ ۋە ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ ئۆرە قوپۇپ يەنە بىر

رەكئەت ئوقۇيدۇ. مۇشۇ ئۈچىنچى رەكئەتتە ئولتۇرۇپ ئەتتەھىيياتۇ، دۇرۇد ۋە دۇئا ئوقۇپ سالام بېرىدۇ.

س: ۋىتىر نامازنىڭ باشقا نامازلاردىن پەرقى بارمۇ؟

ج: پەرقى بار، ئۈچىنچى رەكئەتتە قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇيدۇ، تەرتىپى مۇنداق: ئۈچىنچى رەكئەتتە «سۈرە فاتىھە» ۋە بىر سۈرە ئوقۇپ بولۇپ "اَللّٰهُ اَكْبَرُ" دەپ تەكبىر ئېيتىپ قولىنى قۇلاقىچە كۆتۈرىدۇ. ئاندىن قول باغلاپ تۇرۇپ قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن رۇكۇغا بارىدۇ ۋە ئاخىرىنى باشقا نامازلاردەك تاماملايدۇ.

س: قۇنۇت دۇئاسىنى جەھرى ئوقۇمدۇ ياكى مەخپىي ئوقۇمدۇ؟

ج: ئىمام بولسۇن ياكى مۇنپەرىد بولسۇن، قۇنۇت دۇئاسىنى مەخپىي ئوقۇشى لازىم.

س: قۇنۇت دۇئاسى ياد بولمىسا قانداق قىلىدۇ؟

ج: بىرەر دۇئا ئوقۇيدۇ. مەسىلەن: «رَبَّنَا اٰتِنَا فِى الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِى الاٰخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ» نى ئوقۇش لازىم.

س: مۇقتەدى قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇپ بولغىچە ئىمام رۇكۇغا كېتىپ قالسا مۇقتەدى قانداق قىلىدۇ؟

ج: مۇقتەدى قۇنۇت دۇئاسىنى تاشلاپ رۇكۇغا تەڭ بارىدۇ، بۇ رامىزان ئېيىدا جامائەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇغاندىكى ئەھۋالدۇر.

www.munber.org

# سۈننەت ۋە نەفلە نامازلارنىڭ بايانى

س: قايسى ناماز سۈننەتى مۆئەككەدە؟

ج: 1) ـ بامداتنىڭ ئالدىدىكى ئىككى رەكئەت.

2) ـ پېشىن ۋە جۈمەنىڭ ئالدىدىكى بىر سالام بىلەن ئوقۇيدىغان تۆت رەكئەت.

3) ـ پېشىننىڭ پەرزىدىن كېيىن ئوقۇيدىغان ئىككى رەكئەت.

4) ـ جۈمەنىڭ پەرزىدىن كېيىن بىر سالام بىلەن ئوقۇيدىغان تۆت رەكئەت.

5) ـ شامنىڭ پەرزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت.

6) ـ خۇپتەننىڭ پەرزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت.

7) ـ رامزاندا ئوقۇيدىغان يىگىرمە رەكئەت (تەراۋىھ ناماز) سۈننەتى مۆئەككەدەدۇر.

س: قايسى ناماز سۈننەتى غەيرى مۆئەككەدە؟

ج: 1) ـ ئەسىرنىڭ پەرزىنىڭ ئالدىدىكى تۆت رەكئەت.

2) ـ خۇپتەننىڭ سۈننەتى مۆئەككەدەدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت.

3) ـ شامنىڭ سۈننەتى مۆئەككەدەدىن كېيىنكى ئالتە رەكئەت.

4) ـ جۈمەنىڭ كەينىدىكى سۈننەتى مۆئەككەدەدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت.

www.munber.org

5) ـ تاھارەت ئېلىپ بولۇپلا ئوقۇيدىغان ئىككى رەكئەت، بۇ تەھىييەتۇل ۋۇزۇ دېيىلىدۇ.

6) ـ چاشگاھ ۋاقتىدا ئوقۇيدىغان تۆت ياكى سەككىز رەكئەت.

7) ـ ۋىتىردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت.

8) ـ تەھەججۇد نامىزىنىڭ تۆت، ئالتە، ياكى سەككىز رەكئىتى.

9) ـ تەسبىھ نامىزى.

10) ـ ئىستىخارە نامىزى.

11) ـ تەۋبە نامىزى.

12) ـ ھاجەت نامىزى قاتارلىقلار سۈننەتى غەيرى مۇئەككەدەدۇر.

س: سۈننەتلەرنى ئۆيدە ئوقۇغان ياخشىمۇ ياكى مەسجىددە ئوقۇغان ياخشىمۇ؟

ج: سۈننەت ۋە نەفلە نامازلارنى ئۆيدە ئوقۇغان ياخشى، بىر قىسىم سۈننەت ۋە نەفلە نامازلار بار، بۇنى مەسجىددە ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. مەسىلەن: تەراۋىھ نامىزى، تەھىييەتۇل مەسجىد، كۈن تۇتۇلۇپ قالغاندا ئوقۇيدىغان ناماز قاتارلىقلار.

س: نەفلە نامازلارنى قايسى ۋاقىتتا ئوقۇش مەكرۇھ؟

ج: 1) ـ سۈبھى سادىقتىن كېيىن بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدىن باشقا ھەر قانداق نەفلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر.

2) ـ بامداتنىڭ پەرزىدىن كېيىن كۈن چىققىچە نەفلە ناماز

www.munber.org

ئوقـۇش مـەكرۇھتـۇر. دېمـەك، سـۈبھى سـادىقتىن كېيىن كـۈن چىققىچە بولغـان ئارىلىقتا ئىككى رەكئەت سۈننەتتىن باشقا نەفلىلەر مەكرۇھتۇر.

3) - ئەسـر نـامىزى ئوقـۇپ بولغانـدىن كېيىن كـۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى نەفلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. لېكىن پەرز ۋە ۋاجىپ نامازلارنىڭ قازاسى، جىنازا نامىزى، تىلاۋەت سەجدىسى قاتارلىقلار دۇرۇستۇر.

4) - كـۈن چىقىۋاتقانـدىن تـارتىپ كـۈن نـەيزە بويـى ئۆرلىگىچە نەفلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر.

5) - كـۈن تـك چۈش بولغانـدا نەفلە نامـاز ئوقـۇش مەكرۇھتۇر.

6) - كۈن ئولتۇرغىلى تۇرغاندا ھەر قانداق ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. ئەگەر شۇ كۈننىڭ ئەسرىنى ئوقۇمىغان بولسا، كـۈن سـاغىرىپ ئولتـۇرغىلى تـۇرغان بولســمۇ ئوقۇسـا دۇرۇس بولىدۇ. شۇنىڭدەك خۇتبە ئوقۇغىلى تۇرغاندا سۈننەت ۋە نەفلە ئوقۇش مەكرۇھتۇر.

www.munber.org

# تەراۋىھ نامازنىڭ بايانى

س: تەراۋىھ ناماز سۈننەتمۇ ياكى نەفلىمۇ؟

ج: تەراۋىھ نامـاز ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىلىسىگە سۈننەتى مۇئەككەدەدۇر. جامائـەت بىلـەن ئوقـۇش سـۈننەتى كۇفايىـدۇر. يـەنى كـەنتنىڭ مەسـجىدىدە تەراۋىـھ نامـاز جامائـەت بىلـەن ئوقۇلسا، بىرەر ئادەم ئۆيدە يالغۇز ئوقۇسا گۇناھكار بولمايدۇ.

لېكىن كەنتتىكلەرنىڭ بىر قىسمىمۇ تەراۋىھ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇمىسا ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ.

س: تەراۋىھ نامازنىڭ ۋاقتى قايسى؟

ج: خۇپتەندىن بامداتقىچىدۇر. لېكىن تەراۋىھ ناماز ۋىتىرنىڭ ئالدىدا ئوقۇلۇشى لازىم. ئەگەر بىرسىنىڭ تەراۋىھ نامىزىنىڭ بىر قانچە رەكئىتى قېلىپ قالسا، ئىمام ۋىترنى باشلاپ كەتسە بۇ ئادەم ئىمام بىلەن ۋىترنى ئوقۇۋېلىپ، ئاندىن قېلىپ قالغان تەراۋىھ نامىزنى تولۇقلىۋالسا جايىزدۇر.

س: تەراۋىھ ناماز قانچە رەكئەت؟ ئۇ قانداق ئوقۇلىدۇ؟

ج: ئون سالام بىلەن يىگىرمە رەكئەت ئوقۇش سۈننەتتۇر، يەنى ئىككى رەكئەتتىن ـ ئىككى رەكئەتتىن نىيەت قىلىپ ئوقۇيدۇ ۋە ھەر تەراۋىھ، يەنى تۆت رەكئەتتىن كېيىن بىر ئارام ئېلىش مۇستەھەبتۇر.

س: ئارام ئېلىپ ئولتۇرغاندا شۈك ئولتۇرامدۇ ياكى بىر نەرسە ئوقۇپ ئولتۇرامدۇ؟

ج: خالىسا شۈك ئولتۇرىدۇ، خالىسا «قۇرئان كەرىم»دىن خالىغان يەرنى ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ ياكى يالغۇز ـ يالغۇزدىن نەفلە ناماز ئوقۇيدۇ.

س: تەراۋىھ نامازدا قۇرئان خەتمىسىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: پۈتۈن بىر ئايدا «قۇرئان كەرىم»نى بىر قېتىم خەتمە قىلىش سۈننەتتۇر. ئىككى قېتىم خەتمە قىلىش ئەۋزەلدۇر. ئۈچ قېتىم خەتمە قىلىش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر. لېكىن ئىككى ۋە ئۈچ قېتىم خەتمە قىلىشنىڭ پەزىلىتى مۇقتەدىلارغا دىشۋارچىلىق بولۇپ قالمىغاندا ئەۋزەلدۇر. جامائەت بىر قېتىم خەتمە

www.munber.org

قىلىشقا ھورۇنلۇق قىلىپ تۇرۇۋالسا، يەنى ئارقىدا تۇرۇشنى ئېغىر كۆرۈپ تۇرۇۋالسا، بۇلارنىڭ ھورۇنلىقىغا قارالمايدۇ.

س: تەراۋىھ نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا بولامدۇ؟

ج: ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا تاقىتى يەتسە، ئولتۇرۇپ ئوقۇش مەكرۇھتۇر.

س: بەزىلەر رەكئەتنىڭ بېشىغا قاتناشماي، ئىمام رۇكۇغا بارغاندا ئىتتىك ـ ئىتتىكلا ئىقتىدا قىلىۋالىدۇ، بۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟

ج: مەكرۇھتۇر، بېشىدا قاتنىشىش لازىم.

س: پەرزنى جامائەت بىلەن ئوقۇيالمىغان بولسا، پەرزنى يالغۇز ئوقۇپ ئاندىن تەراۋىھ نامازغا قاتناشسا دۇرۇسمۇ؟

ج: دۇرۇستۇر.

www.munber.org

## قازا نامازلارنى ئوقۇشنىڭ بايانى

س: ئادا دېگەن نېمە؟ قازا دېگەن نېمە؟

ج: ئىبادەتنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئورۇندىغاننى ئادا ۋە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئورۇندىغاننى قازا دەيدۇ. مەسىلەن: پېشىن نامازنى پېشىننىڭ ۋاقتىدا ئوقۇسا، ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندىغان بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلدى دېيىلىدۇ. پېشىننىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوقۇسا، قازا قىلدى دېيىلىدۇ.

س: قايسى نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ؟

ج. پەرز نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش پەرزدۇر. ۋاجىپ نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپتۇر. بەزى سۈننەتلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش سۈننەتتۇر.

س. بەزى پەرز ياكى ۋاجىپ نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلماي، قازا قىلىۋەرسە قانداق بولىدۇ؟

ج. قەستەن ۋە ئۆزرىسىز بەزى پەرز، ۋاجىپ، ياكى سۈننەتى مۇئەككەدەنى ۋاقتىدا ئادا قىلمىسا گۇناھتۇر. بولۇپمۇ پەرز ۋە ۋاجىپنى ۋاقتىدا ئادا قىلمىغاننىڭ گۇناھى ئىنتايىن چوڭدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا سۈننەت. ئەگەر قەستەن بولماي قازا بولۇپ كەتسە. مەسىلەن: ناماز ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالسا ياكى نامازنىڭ ۋاقتىدا كۆزىنى ئاچالماي ئۇخلاپ قالسا گۇناھ بولمايدۇ.

س. پەرز، ۋاجىپ قازا بولۇپ كەتسە قايسى ۋاقىتتا ئوقۇش لازىم؟

ج. ئېسىگە كەلگەن ھامان ئوقۇيدۇ ياكى ئويغۇنۇپلا ئوقۇيدۇ، كېچىكتۈرۈش گۇناھتۇر. ئەگەر مەكرۇھ ۋاقتىدا ئېسىگە كېلىپ قالسا ياكى ئويغۇنۇپ قالسا، مەكرۇھ ۋاقتى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوقۇيدۇ.

س. قازا نامازنىڭ نىيىتىنى قانداق قىلىش لازىم؟

ج. قازا نامازنىڭ نىيىتىنى مۇنداق قىلىش لازىم: «مەن پالانى كۈننىڭ بامدات ياكى پېشىنىنىڭ قازاسىنى ئوقۇيمەن». پالانى كۈننىڭ دېمەي بامدات ياكى پېشىنىنىڭ دېسە كۇپايە قىلمايدۇ.

س. بىرسىنىڭ زىممىسىگە كۆپلىگەن ناماز قازا بولۇپ ئارتىلغان بولسا، قايسى ئايدا تەرك ئەتكەنلىكى ئېسىدە بولمىسا قانداق نىيەت قىلىدۇ؟

www.munber.org

ج: مۇنداق ئەھۋالدا مەسىلەن: بامدات ناماز قازا بولۇپ كەتسە مۇنداق نىيەت قىلىدۇ: «ئۈستۈمدە شۇ قەدەر بامدات ناماز بار، ئۇنىڭ ئىچىدىن باشتىكى بامدات نامازنى ئوقۇيمەن ياكى ئاخىرىدىكى بامدات نامازنى ئوقۇيمەن».

س: قازا نامازنى مەسجىددە ئوقۇش ياخشىمۇ ياكى ئۆيدە ئوقۇش ياخشىمۇ؟

ج: يالغۇز ئادەمنىڭ نامىزى قازا بولغان بولسا، ئۆيدە ئوقۇش ياخشىراقتۇر، مەسجىددە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. لېكىن بىرسىگە مەن قازا ناماز ئوقۇيمەن دېمىسە بولىدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ نامىزى قازا بولۇپ كەتكەنلىكىنى باشقىلارغا دېيىش مەكرۇھتۇر.

س: قازاسىنى ئوقۇش سۈننەت بولغان سۈننەتلەر قايسى؟

ج: بامداتنىڭ سۈننىتى. بامداتنىڭ پەرزى بىلەن قوشۇپ قازا بولۇپ كەتكەن بولسا، كۈن قىيىلىشتىن بۇرۇن شۇ سۈننەتنىمۇ پەرز بىلەن قوشۇپ قازاسىنى ئوقۇش لازىم. كۈن قىيىلغاندىن كېيىن ئوقۇسا پەرزنىڭلا قازاسىنى قىلىدۇ. ئەگەر يالغۇز سۈننەتلا تەرك ئېتىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش يوق. كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئوقۇش مەكرۇھتۇر، كۈن چىققاندىن كېيىن مەكرۇھ بولمايدۇ. لېكىن بۇ ۋاقىتتا ئوقۇلسا سۈننەت بولماي نەفلە بولىدۇ.

س: پېشىنىنىڭ تۆت رەكئەت سۈننىتى پەرزدىن بۇرۇن ئوقۇلمىغان بولسا قانداق قىلىدۇ؟ بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: پېشىن ۋە جۈمەنىڭ سۈننەتلىرى پەرزدىن بۇرۇن ئوقۇلماي قالغان بولسا، پەرزدىن كېيىن ئوقۇۋالىدۇ ۋە پەرزدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت سۈننەتتىن بۇرۇن ياكى كېيىن

www.munber.org

ئوقۇشقا كەڭچىلىك بار. ئىككى رەكئەت سۈننەتتىن كېيىن ئوقۇش ياخشىراقتۇر.

## مۇدرىك، مەسبۇق، لاھىقنىڭ بايانى

س: مۇدرىك دېگەن كىم؟

ج: ئىمام بىلەن نامازنى تولۇق تاپقان كىشى مۇدرىك دېيىلىدۇ، يەنى ئىمامغا بىرىنچى رەكئەتتە تەڭ قوشۇلۇپ ئاخىرىغىچە بىللە تۇرغان ۋە بىللە تاماملىغان كىشى مۇدرىك دېيىلىدۇ.

س: مەسبۇق دېگەن كىم؟

ج: ئىمامغا باشتا ئەقتىدا قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، بىر ـ ئىككى رەكئەت ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن قوشۇلغان كىشى مەسبۇق دېيىلىدۇ.

س: لاھىق دېگەن كىم؟

ج: ئىمام بىلەن تەڭ نامازغا كىرىپ، كېيىن بىر ياكى بىر قانچە رەكئەت قېلىپ قالغان (ئارقىدا قالغان) كىشى لاھىق دېيىلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم نامازنى ئىمام بىلەن تەڭ باشلىدى. لېكىن قەئدىدە ئولتۇرغان پېتى ئۇخلاپ قالدى. ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنۇپ بولغىچە ئىمام بىر ـ ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بولدى، مۇشۇ كىشى لاھىق دېيىلىدۇ.

س: مەسبۇق ئۆزىنىڭ قېلىپ قالغان نامىزىنى قايسى ۋاقىتتا ۋە قايسى تەرتىپتە تولۇقلايدۇ؟

www.munber.org

ج. ئىمام بىلەن نامازنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە تۇرىدۇ. قاچان ئىمام ئوڭ تەرەپكە سالام بەرسە، مەسبۇق ئىمام بىلەن تەڭ سالام بېرىۋەتمەي ئورنىدىن قوپۇپ، قېلىپ قالغان رەكئەتلىرىنى خۇددى نامازنى يېڭىدىن باشلىغاندەك ئادا قىلىدۇ. مەسىلەن: سىنىڭ پەقەت بىر رەكئىتىڭ قېلىپ قالغان بولسا، ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن مۇنداق ئوقۇ: ئالدى بىلەن «سانا»، «ئەئۇزۇ ۋە بىسمىللا»نى ئوقۇپ «سۈرە فاتىھە» ئوقۇ ۋە بىرەر سۈرە قوشقىن. ئاندىن قائىدىگە مۇۋاپىق رەكئەتنى تولۇقلاپ قەئدىدە ئولتۇر ۋە سالام بەر. بۇ ھەر قانداق نامازنىڭ قېلىپ قالغان رەكئەتلىرىنى تولۇقلاشنىڭ ئۇسۇلىدۇر. ئەگەر سىنىڭ پېشىن، ئەسىر، خۇپتەن، ياكى بامدىتىڭنىڭ ئىككى رەكئىتى قېلىپ قالغان بولسا، بىرىنچى رەكئەتتە «سانا»، «ئەئۇزۇ ۋە بىسمىللا» دەپ بولغاندىن كېيىن فاتىھە ۋە بىرەر سۈرە. ئىككىنچى رەكئەتتە «سۈرە فاتىھە» يەنە بىر سۈرە ئوقۇپ رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ، قەئدە قىل ۋە سالام بەر.

ئەگەر پېشىن، ئەسىر، ياكى خۇپتەننىڭ پەقەت بىرلا رەكئىتىنى ئىمام بىلەن تاپساڭ، قېلىپ قالغان ئۈچ رەكئىتىڭنى مۇنداق تولۇقلا: بىرىنچى رەكئەتتە فاتىھە ۋە سۈرە ئوقۇپلا قەئدە قىلىپ تەشەھھۇد ئوقۇ. ئاندىن سالام بەرمەستىن قوپۇپ نۆۋەتتىكى قالدۇق ئىككى رەكئەتنىڭ بىرىنچى رەكئىتىگە فاتىھە ۋە ئۇنىڭغا سۈرە قوشۇپ، كېيىنكى بىر رەكئەتكە فاتىھە ئوقۇپلا رۇكۇ، سەجدە ۋە تەشەھھۇد قىلىپ سالام بەر. شۇنىڭ بىلەن ناماز تولۇق بولىدۇ.

ئەگەر شامنىڭ بىر رەكئىتىنى ئىمام بىلەن تاپساڭ، بىر رەكئەتكە فاتىھە ۋە سۈرە ئوقۇپ قەئدە قىلىپ ئەتتەھىيياتۇدا

www.munber.org

ئولتۇر. ئاندىن نوۋەتتىكى ئىككىنچى رەكئەتكىمۇ فاتىھە ۋە سۈرە ئوقۇپ قەئدە قىلىپ ۋە سالام بەر.

ئاگاھ بولكى، نامازنىڭ بىر رەكئىتىنى ئىمام بىلەن تاپساڭ، نامىزىڭدا بىر رەكئەتتىن كېيىنلا قەئدە قىلىشىڭ لازىم، قايسى ۋاقىتنىڭ نامىزى بولۇشتىن قەتئىينەزەر.

س: مەسبۇق ئىمام سەجدە سەھۋەگە سالام بەرگىلى تۇرسا، بىلمەي قوپۇپ كەتسە قانداق قىلىدۇ؟

ج: قايتا ئولتۇرۇپ ئىمام بىلەن سەجدە سەھۋەگە قاتنىشىدۇ.

س: مەسبۇق ئېسىدە يوق ئىمام بىلەن تەڭ سالام بېرىۋەتسە قانداق قىلىدۇ؟

ج: ئىمام بىلەن بىللە سالام بېرىۋەتسە، قوپۇپ ئۆز نامىزىنىڭ ئاخىرىدا سەجدە سەھۋە قىلىش ۋاجىپتۇر.

س: لاھىق ئۆزىنىڭ قېلىپ قالغان نامىزىنى قايسى ۋاقىتتا ۋە قايسى شەكىلدە تولۇقلايدۇ؟

ج: لاھىق ئۇخلاپ قېلىش دېگەندەك بەزى بىر ئۆزرىنىڭ سەۋەبىدىن قېلىپ قالغان نامىزىنى قاچانلا ئويغانسا مۇنداق تولۇقلايدۇ: كەلگەن يېرىدىنلا قېلىپ قالغىنىنى ئىتتىك - ئىتتىك ئوقۇپ ئىمامغا يېتىشىدۇ، ئارىلىقتا قىرائەت قىلمايدۇ. قېلىپ قالغىنىنى قاچان تولۇقلاپ بولسا، ئىمامغا ئاخىرىدا قوشۇلۇپ ئىمام بىلەن تەڭ نامازدىن چىقىدۇ. ئەگەر ئىمام نامازدىن چىقىپ بولغان بولسا، قېلىپ قالغان نامىزنى ئىمام بىلەن ئوقۇغان ھالىتىدە ئوقۇپ تولۇقلايدۇ، قىرائەت قىلمايدۇ. بۇ ھالەتتە بىرەر سەھۋەنىڭ ئۆتكۈزۈپ قويغان بولسا، سەجدە

www.munber.org

سەھۋەمۇ قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ مۇشۇ ۋاقىتتىمۇ مۇقتەدىدۇر. مۇقتەدىنىڭ سەھۋەسىگە سەجدە سەھۋە كەلمەيدۇ.

## سەجدە سەھۋەنىڭ بايانى

س: سەجدە سەھۋە دېگەن نېمە؟

ج: سەھۋە دېگەن ئۇنتۇپ قېلىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنتۇپ قېلىش بولغاندا نامازدا كەم ـ زىيادىلىك كېلىپ چىقىدۇ. بەزى نۇقسانىنى تولۇقلاش ئۈچۈن نامازنىڭ ئاخىرقى قەئدىسىدە ئىككى سەجدە قىلىدۇ، مۇشۇ سەجدە سەھۋە دېيىلىدۇ.

س: سەجدە سەھۋەنى قايسى شەكىلدە قىلىدۇ؟

ج: قەئدە ئەخىرەدە تەشەھھۇد ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىپ تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلىدۇ ۋە سەجدىدە ئۈچ قېتىم تەسبىھ ئوقۇيدۇ. ئاندىن تەكبىر ئېيتقان پېتى بېشىنى كۆتۈرۈپ تۈز ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە تەكبىر ئېيتقان پېتى سەجدە قىلىدۇ. يەنە تەكبىر ئېيتقان پېتى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرىدۇ. قايتا ئەتتەھىيياتۇ، دۇرۇد شەرىف ۋە دۇئا ئوقۇپ، ئىككى تەرەپكە سالام بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناماز تولۇق ئادا تاپىدۇ.

س: سەجدە سەھۋەنىڭ سالامدىن ئىلگىرى ئەتتەھىيياتۇدىن كېيىن دۇرۇد ۋە دۇئا ئوقۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

ج: بەزى ئۆلىمالار سەجدە سەھۋەدىن ئىلگىرىمۇ تەشەھھۇد، دۇرۇد ۋە دۇئانى ئېھتىياتەن ئوقۇيدۇ. چۈنكى سەجدە سەھۋەدىن كېيىنمۇ ئۇچىلىسىنى ئوقۇيدۇ. مۇنداق بولغان ئىكەن

www.munber.org

ئاخىرىغىچە ئوقۇپ ئاندىن سەجدە سەھۋە قىلىش ياخشىراقتۇر دېگەننى خوپ كۆردى. لېكىن ئوقۇمىسىمۇ نۇقسان بولمايدۇ.

س: سەجدە سەھۋە پەقەت پەرز نامازدىلا ۋاجىپمۇ ياكى ھەممە نامازدا ۋاجىپمۇ؟

ج: سەجدە سەھۋە ھەممە نامازدا ۋاجىپتۇر.

س: بىر تەرەپكىمۇ سالام بەرمەي سەجدە سەھۋە قىلسا، قانداق بولىدۇ؟

ج: ناماز بولىۋېرىدۇ، لېكىن قەستەن شۇنداق قىلىش مەكرۇھى تەنزىھىدۇر.

س: ئىككى سالامدىن كېيىن سەجدە سەھۋە قىلسا، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: بىر رىۋايەتتە دۇرۇستۇر. لېكىن ئەڭ كۈچلۈك گەپ بىر تەرەپكىلا سالام بېرىدۇ. ئەگەر ئىككى تەرەپكە سالام بېرىۋەتسە، سەجدە سەھۋە قىلمايدۇ، بەلكى نامازنى قايتا ئوقۇيدۇ.

س: قانداق ئامىللار يۈز بەرسە، سەجدە سەھۋە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ؟

ج: 1) - ۋاجىپنى تەرك ئېتىش.

2) - پەرزنى كېچىكتۈرۈپ قويۇش.

3) - ۋاجىپنى كېچىكتۈرۈپ قويۇش.

4) - پەرزنى ئىلگىرى قىلىپ قويۇش.

5) – پەرزنى تەكرار قىلىپ قويۇش. مەسىلەن: رۇكۇنى ئىككى قېتىم قىلىپ قويۇش.

www.munber.org

6) ـ ۋاجىپنىڭ كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىۋېتىش قاتارلىقلار بىلەن سەجدە سەھۋە ۋاجىپ بولىدۇ.

س: بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قىلىش بىلەنغۇ سەجدە سەھۋە ۋاجىپ بولىدىكەن، ئەگەر قەستەن قىلسا بۇنىڭ ھۆكمى نىمە؟

ج: ئەگەر قەستەن قىلسا، نامازنى قايتا ئوقۇش ۋاجىپتۇر، سەجدە سەھۋە بىلەن نۇقسان تولۇقلانمايدۇ.

س: بىر نامازدا مۇشۇنداق بىر قانچە ئىش سادىر قىلىپ، ھەر بىرىگە سەجدە سەھۋە قىلىش ۋاجىپ بولسا قانچە سەجدە قىلىدۇ؟

ج: بىرلا سەجدە سەھۋە قىلىش كۇپايىدۇر.

س: قىرائەتتە قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرسە، سەجدە سەھۋە ۋاجىپ بولىدۇ؟

ج: 1) ـ پەرز نامازنىڭ بىرىنچى رەكئىتى، ئىككىنچى رەكئىتى، ياكى ئىككىلا رەكئىتىدە ۋە ۋاجىپ، سۈننەت، ياكى نەفلە نامازلارنىڭ بەزىبىر ياكى كۆپرەك رەكئىتىدە «سۈرە فاتىھە» نى تەرك ئېتىۋېتىش بىلەن.

2) ـ مەزكۇر نامازلارنىڭ ھەممە رەكئەتلىرىدە «سۈرە فاتىھە» نى بىر پۈتۈن ياكى كۆپرەك قىسمىنى تەكرار ئوقۇپ قىلىش بىلەن.

3) ـ سۈرە فاتىھەدىن ئىلگىرى سۈرە ئوقۇش بىلەن.

4) ـ پەرز نامازنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئىتىدىن باشقا ھەر قانداق نامازنىڭ (پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ياكى نەفلە بولسۇن) بەزى رەكئىتىدە سۈرىنى تەرك ئېتىۋېتىش بىلەن

www.munber.org

سەجدە سەھۋە ۋاجىب بولىدۇ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇپ قېلىش بىلەن يۈز بەرسە شۇنداق بولىدۇ.

س: ئېسىدە يوق تەئدىل ئەركان قىلمىسا، سەجدە سەھۋە ۋاجىب بولامدۇ؟

ج: سەجدە سەھۋە ۋاجىب بولىدۇ.

س: قەئدەئۇلا (بىرىنچى ئولتۇرۇش)نى ئۇنتۇپ قالسا، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: ئېسىدە يوق قوپۇپ كەتسە، ئىككى تىزىنى زېمىندىن كۆتۈرۈپ بولالمىغان بولسا ئولتۇرىۋالىدۇ، سەجدە سەھۋە قىلمايدۇ. ئەگەر كۆتۈرۈپ بولغان بولسا، قەئدىنى تەرك ئېتىپ قوپۇپ كېتىدۇ ۋە ئاخىرىدا سەجدە سەھۋە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناماز ئادا بولىدۇ.

س: قايسى ئىشلاردا سەجدە سەھۋە ۋاجىب بولىدۇ؟

ج: 1) - رۇكۇنى ئىككى قېتىم قىلىپ قويۇش بىلەن.

2) - سەجدىنى ئۈچ قېتىم قىلىپ قويۇش بىلەن.

3) - قەئدە ئۇلا ياكى قەئدە ئەخىرەدە تەشەھھۇد ئوقۇشنى تەرك ئېتىش بىلەن.

4) ـ قەئدە ئۇلادا تەشەھھۇددىن كېيىن دۇرۇدنى «اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلىٰ مُحَمَّدٍ» مىقدارى ئوقۇش بىلەن ياكى شۇنى ئوقۇش مىقدارى شۈك ئولتۇرۇپ قېلىش بىلەن.

5) ـ جەھرى نامازدا ئىمامنىڭ مەخپىي ئوقۇپ قېلىشى بىلەن.

6) ـ مەخپىي نامازدا ئىمامنىڭ جەھرى ئوقۇپ قېلىشى

www.munber.org

بىلەن. مۇشۇ ئەھۋاللار ئۇنتۇپ قىلىش سەۋەبلىك يۈز بەرسە سەجدە سەھۋە ۋاجىپ بولىدۇ.

س: ئىمامنىڭ ئارقىسىدىكى مۇقتەدىدىن سەھۋەنلىك كۆرۈلسە قانداق قىلىدۇ؟

ج: مۇقتەدىنىڭ زىممىسىگە ئۆز سەھۋەنلىكى تۈپەيلىدىن سەجدە سەھۋە ۋاجىپ بولمايدۇ.

س: مەسبۇق ئۆزىنىڭ قالدۇق نامىزىنى تولۇقلاش جەريانىدا سەھۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا قانداق قىلىدۇ؟

ج: ئۆز نامىزىنىڭ ئاخىرقى قەئدىسىدە سەجدە سەھۋە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

## تىلاۋەت سەجدىسى

س: تىلاۋەت سەجدىسى دېگەن نېمە؟

ج: تىلاۋەت دېگەن «قۇرئان ئوقۇش» دېگەن مەنىدە، «قۇرئان كەرىم»دە بىر قىسىم ئورۇنلاردىكى ئايەتلەرنى ئوقۇش ياكى باشقىسىنىڭ ئوقۇغىنىنى ئاڭلاش بىلەن سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، بۇ تىلاۋەت سەجدىسى دېيىلىدۇ.

س: «قۇرئان كەرىم»دە سەجدە ئايىتى قانچە؟

ج: «قۇرئان كەرىم»دە سەجدە ئايىتى ئون تۆت، بۇ ئون تۆت سەجدىمۇ دېيىلىدۇ.

س: نامازنىڭ سىرتىدا سەجدە ئايىتى ئوقۇسا قايسى ۋاقىتتا ۋە قايسى شەكىلدە سەجدە قىلىدۇ؟

www.munber.org

ج: ئەگ ياخشىسى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپلا كەينىدىن سەجدە قىلىش. لېكىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سەجدە قىلالماي قالسىمۇ گۇناھ بولمايدۇ. بەكرەك تەخىر قىلىۋېتىش مەكرۇھتۇر. نامازنىڭ سىرتىدا سەجدە قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى تەرىقىسى مۇنداق: ئۆرە قوپۇپ تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلىدۇ، ئاندىن تەكبىر ئېيتقان پېتى ئۆرە قوپىدۇ. ئەگەر ئولتۇرۇپ سەجدە قىلغان بولسا، سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندە ئولتۇرسىمۇ ( ئۆرە قوپمىسىمۇ ) سەجدە ئادا تاپىدۇ.

س: تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ شەرتلىرى نېمە؟

ج: نامازدىكى شەرتلەر تىلاۋەت سەجدىسىدىمۇ شەرتتۇر:
1) ـ بەدەن پاك بولۇش.

2) ـ كىيىم پاك بولۇش.

3) ـ جاي پاك بولۇش.

4) ـ ئەۋرەتنى يېپىش.

5) ـ قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش.

6) ـ تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ نىيىتىنى قىلىش.

س: تىلاۋەت سەجدىسى نېمە بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ؟

ج: ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئىشلار بىلەن تىلاۋەت سەجدىسىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

س: سەجدە ئايىتىنى ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق ئوقۇۋەتسە، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: بىرلا سەجدە ئايىتىنى بىر ئورۇندا ئىككى ياكى بىر قانچە قېتىم ئوقۇسا ياكى ئاڭلىسا، بىر قېتىملا سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

www.munber.org

س: بىر ئورۇندا سەجدە ئايىتىدىن ئىككىنى ئوقۇسا ياكى بىرلا سەجدە ئايىتىنى بىر قانچە ئورۇندا تەكرار ئوقۇسا بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: بىر ئورۇندا بىر قانچە سەجدە ئايىتى ئوقۇسا ياكى بىر سەجدە ئايىتىنى بىر قانچە ئورۇندا تەكرار ئوقۇسا، شۇ قەدەر سەجدە ۋاجىپ بولىدۇ (بىر ئورۇندا بىر قانچە سەجدە ئايىتى ئوقۇغان بولسا، ھەر بىر سەجدە ئايىتى ئۈچۈن سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، يەنە بىرى بىر سەجدە ئايىتىنى بىر قانچە ئورۇندا ئوقۇغان بولسا، ئورۇننىڭ سانى نەچچە بولسا ئورۇننىڭ سانىغا قاراپ شۇنچە سەجدە ۋاجىپ بولىدۇ).

س: بىر ئادەم قۇرئان ئوقۇۋېتىپ سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە، شۇ يەرنى تاشلىۋېتىپ ئالدى ـ كەينىنى ئوقۇپ كەتسە بولامدۇ؟

ج: مۇنداق قىلىش مەكرۇھتۇر.

س: تىلاۋەت قىلغۇچىلار سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە تۇرغانلارغا ئاڭلاتماسلىق ئۈچۈن مەخپىي ئوقۇسا بولامدۇ؟

ج: بولىدۇ، بەلكى مەخپىي ئوقۇش ياخشىراقتۇر.

## كېسەل نامىزىنىڭ بايانى

س: كېسەل ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا بولامدۇ؟

ج: ئۆرە تۇرۇشقا ماغدۇرى يەتمىسە؛ ئۆرە تۇرسا قاتتىق ئاغرىپ كەتسە؛ كېسىلى ئەدەپ قېلىشىنىڭ ئەندىشىسى بولسا؛ بېشى قېيىپ كېتىپ يىقىلىپ كېتىشىنىڭ خەۋپى بولسا؛ ئۆرە

www.munber.org

تۇرۇشقا تاقىتى بولسىمۇ، لېكىن رۇكۇ، سەجدە قىلالمىسا. مۇنداق ئەھۋالدا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش دۇرۇستۇر. كېيىن رۇكۇ، سەجدە قىلالىسا رۇكۇ، سەجدە بىلەن. قىلالمىسا رۇكۇ، سەجدىگە ئىشارەت قىلىش بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ. رۇكۇ، سەجدىنىڭ ئىشارىتى باشنى ئېگىش بىلەن بولىدۇ. رۇكۇنىڭ ئىشارىتىگە نىسبەتەن سەجدىنىڭ ئىشارىتىدە باشنى بەكرەك ئېگىدۇ.

س: كېسەل ئادەم قىيامدا ئۇزۇن تۇرالمىسا، لېكىن ئازراقلا تۇرالىسا بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: قانچىلىك تۇرالىسا شۇنچىلىك ئۆرە تۇرۇشى زۆرۈردۇر.

س: كېسەل ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشقىمۇ قادىر بولالمىسا قانداق قىلىدۇ؟

ج: يېتىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. يېتىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنىڭ تەرىقىسى مۇنداق: پۇتنى قىبلە تەرەپكە قىلىپ ئوڭدىسىغا ياتىدۇ. لېكىن پۇتنى قىبلە تەرەپكە سۇنماي تىزنى تىكلەپ تۇرىدۇ، بېشىنىڭ ئاستىغا تەكيە ۋە باشقا نەرسىلەرنى قويۇپ ئازراقچە ئېگىز قىلىپ قويۇلىدۇ ۋە رۇكۇ، سەجدىگە بېشىنى ئېگىپ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ ئەۋزەل تەرىقىدۇر ۋە مۇنداق تەرىقىمۇ دۇرۇس: شىمال تەرەپكە بېشىنى قىلىپ ئوڭ يېنىغا ياكى جەنۇپ تەرەپكە بېشىنى قىلىپ سول يېنىغا يېتىپ (مەقسەت قىبلە تەرەپكە ئالدىنى قىلىش) ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ ئىككىسىدىن ئوڭ يېنىغا ياتقىنى ئەۋزەلدۇر.

س: كېسەل باش ئىشارىتى قىلىشقىمۇ قادىر بولالمىسا قانداق قىلىدۇ؟

www.munber.org

ج: باش بىلەن ئىشارەت قىلالمىسا نامازنى تەخىر قىلىدۇ. بىر سوتكىدىن ئارتۇق مۇشۇ ھالەتتە تۇرسا، ئوقۇيالمىغان نامىزىنىڭ قازاسىمۇ ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتىلمايدۇ. ئەگەر بىر سوتكا ياكى ئۇنىڭدىن كەم ۋاقىتنىڭ ئىچىدە باش بىلەن ئىشارەت قىلىشقا تاقىتى يېتىپ قالسا، قىلىپ قالغان (بەش قېتىملىق ياكى ئۇنىڭدىن كەم بولغان) نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئوقۇش ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتىلىدۇ.

## مۇساپىر نامىزىنىڭ بايانى

س: قانچە يىراق يەرگە سەپەر ئىرادە قىلىش بىلەن كىشى مۇساپىر بولىدۇ؟

ج: شەرئەتتە ئۈچ كۈن يول يۈرسە بارالىغۇدەك يىراقلىقتىكى جاينى نىيەت قىلغان ئادەم مۇساپىر بولىدۇ. بۇنىڭدا ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى پىيادە مېڭىش ئاساس قىلىنىدۇ.

س: ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى مېڭىش دېگەن نېمە؟ ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە قانچە كىلومېتىر كېلىدۇ؟

ج: ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى مېڭىشتىن پىيادە ئادەمنىڭ مېڭىشىنى كۆزدە تۇتىدۇ، ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە دېگەن تەخمىنەن توقسان سەككىز كىلومېتىر دېگەنلىكتۇر.

س: پىيادە ئۈچ كۈندە يېتىدىغان يەرگە ئايروپىلان، پويىز، ماشىنا ياكى ئات ھارۋىسىدا تېز يەتسە، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: قانچە تېز يەتسىمۇ ئۇ مۇساپىر ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئەينى زاماندىكى مېڭىش ھېسابتۇر.

www.munber.org

س: مۇساپىر نامىزىدا پەرق بارمۇ؟

ج: مۇساپىر پېشىن، ئەسىر، خۇپتەن قاتارلىق پەرز نامازلارنى تۆت رەكئەتنىڭ ئورنىغا ئىككى رەكئەت ئوقۇيدۇ. بامدات، شام، ۋىتىر قاتارلىق نامازلارنى ئۆز پېتى تولۇق ئوقۇيدۇ.

س: تۆت رەكئەتلىك نامازنى ئىككى رەكئەت ئوقۇغاننى نېمە دەيدۇ؟

ج: قەسىر دەيدۇ.

س: مۇساپىر پەرز نامازنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇمدۇ؟

ج: يول يۈرۈش جىددىيچىلىكلا بولسا، سۈننەتنى تەرك ئېتىش ئەۋزەل. ئەگەر يول ئۈستىدە ئىككى ـ ئۈچ سائەت توختىسا (جىددىيچىلىك بولمىسا) ياكى بارغان يېرىدە ئۈچ ـ تۆت كۈن مۇقىم تۇرسا، نامازنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇش ئەۋزەل. رەسۇلۇللاھ سەپەردە شۇنداق قىلاتتى.

س: مۇساپىر نەدىن باشلاپ قەسىر قىلىدۇ؟

ج: ئۆز رايونىنىڭ پاسىلىدىن ئايرىلىپ چىقسىلا قەسىر ئوقۇيدۇ.

س: مۇساپىر قاچانغىچە قەسىر قىلىدۇ؟

ج: سەپەر ئۈستىدىلا تۇرسا قەسىر قىلىدۇ. يەنە بىرى بىرەر شەھەر ياكى بىرەر يېزىدا ئون بەش كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلمىغانلا بولسا، نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر بىرەر شەھەر ياكى بىرەر يېزىدا تۆۋىنى ئون بەش كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلسا، شۇ ئون بەش كۈن توشقىچە نامازنى تولۇق تۆت رەكئەت ئوقۇيدۇ.

www.munber.org

س: بىر جايدا ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، لېكىن ئىشى پۈتمەي يەنە ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلسا مۇشۇنداق قىلىپ ئون بەش كۈندىن ئېشىپ كەتسە هۆكمى نېمە؟

ج: ئون بەش كۈننى بىر پۈتۈن نىيەت قىلمايدىكەن، ئۇنداقتا نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇش لازىم (پارچە كۈنلەرنىڭ نىيىتى ھېساب بولمايدۇ). دېمەك، ئەگ قىسقا بولغاندا ئون بەش كۈن بولۇشى لازىم.

س: مۇساپىر تۆت رەكئەتلىك نامازنى پۈتۈن ئوقۇۋەتسە، هۆكمى نېمە؟

ج: ئىككىنچى رەكئەتتە قەئدە قىلسا، ئاخىرىدا سەجدە سەھۋە قىلىش بىلەن ناماز بولۇۋېرىدۇ. لېكىن قەستەن مۇنداق قىلسا (تولۇق ئوقۇسا) گۇناھكار بولىدۇ. ئېسىدە يوق مۇشۇنداق پۈتۈن ئوقۇپ قالسا، گۇناھ بولمايدۇ. بۇ چاغدا باشتىكى ئىككى رەكئەت پەرز، كېيىنكى ئىككى رەكئەت نەفلە بولىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى رەكئەتتە ئولتۇرمىسا، ناماز پەرز بولماي ھەممىسى نەفلە بولۇپ، پەرزنى قايتا ئوقۇيدۇ.

س: مۇساپىرنىڭ مۇقىمغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇغان نامىزىنىڭ هۆكمى نېمە؟

ج: مۇقىم ئىمامغا ئوخشاش تۆت رەكئەت ئوقۇشى پەرزدۇر.

س: ئىمام بولغان ئادەم مۇساپىر، ئىقتىدا قىلغان ئادەم مۇقىم بولسا، هۆكمى نېمە؟

ج: مۇساپىر ئۆزىنىڭ ئىككى رەكئىتىنى ئوقۇپلا سالام بېرىدۇ ۋە سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئىقتىدا قىلغانلارغا: «مەن مۇساپىر، سىلەر نامىزىڭلارنى تولۇقلىۋېلىڭلار»، دەيدۇ.

www.munber.org

مۇقتەدى سالام بەرمەستىن ئورنىدىن تۇرۇپ قالغان رەكئەتنى تولۇقلايدۇ. لېكىن بۇ رەكئەتتە فاتىھە ۋە سۈرە ئوقۇمايدۇ. ئەگەر بىرەر سەھۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا سەجدە سەھۋە قىلمايدۇ.

س: مېڭىۋاتقان ئايروپىلان، پويىز، ماشىنا قاتارلىقلاردا ناماز ئوقۇش دۇرۇسمۇ؟

ج: ناماز ئوقۇش دۇرۇستۇر. ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا ئىمكانىيەت بولسا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش زۆرۈر. ئەگەر ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا ئىمكانىيەت بولمىسا ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ.

## جۈمە نامىزىنىڭ بايانى

س: جۈمە نامىزى پەرزمۇ، ۋاجىبمۇ ياكى سۈننەتمۇ؟

ج: جۈمە نامىزى پەرزدۇر. بەلكى پېشىن نامىزىدىن بەكرەك تەكىتلىنىدۇ. شۇڭا جۈمە كۈنى پېشىن نامىزى ئوقۇلمايدۇ. جۈمە نامىزى پېشىننىڭ ئورنىدا تۇرغۇزۇلدى.

س: جۈمە نامىزى ھەر قانداق مۇسۇلمانغا پەرزمۇ؟

ج: جۈمە نامىزى ئازاد، بالاغەتكە يەتكەن، ئاقىل، ساغلام، مۇقىم ئەرلەرگە پەرزدۇر. دېمەك، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار، قۇللار، ساراڭلار، كېسەللەر، قارىغۇ، پالەچلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزرىسى بار كىشىلەر، مۇساپىرلار ۋە ئاياللارغا جۈمە پەرز ئەمەس.

س: مۇساپىر، قارىغۇ، پالەچ، ئاياللار ياكى كېسەل جۈمە نامىزىغا قاتناشسا ئۇلارنىڭ نامىزى دۇرۇس بولامدۇ؟

www.munber.org

ج: دۇرۇس بولىدۇ، پىشىن نامىزى ئۇلاردىن ساقىت بولىدۇ.

س: جۈمە نامىزىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتى نىمە؟

ج: جۈمە نامىزى توغرا ئادا تېپىشىنىڭ بىر قانچە شەرتلىرى بار:

1) ـ شەھەر ياكى شەھەرنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان رايون بولۇش. شۇنىڭدەك شەھەرگە بىر تۇتاش رايون (ناھىيەلەرگە يېقىن جايلاشقان گۇڭشى) بولۇش، كىچىك كەنت ۋە قىشلاقلاردا جۈمە ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس.

2) ـ پىشىننىڭ ۋاقتى بولۇش.

3) ـ جۈمە نامىزىدىن بۇرۇن خۇتبە ئوقۇش.

4) ـ جامائەت بولۇش.

5) ـ ئاممىۋى ئىزنى بولۇش. مۇشۇ بەش شەرت هازىرلانسا، جۈمە نامىزى تولۇق ئادا تاپىدۇ.

س: خۇتبە ئوقۇشنىڭ سۈننەت تەرتىپى نىمە؟

ج: نامازدىن بۇرۇن ئىمام مۇنبەردە ئولتۇرىدۇ. مۇئەززىن ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئەزان ئوقۇيدۇ. قاچانكى ئەزان ئوقۇلۇپ بولسا، ئىمام ئورنىدىن تۇرۇپ جامائەتكە ئالدىنى قىلىپ خۇتبە ئوقۇيدۇ. بىرىنچى خۇتبىنى ئوقۇپ بولۇپ ئازغىنە ئولتۇرىدۇ. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككىنچى خۇتبىنى ئوقۇيدۇ. ئىككىنچى خۇتبىنى تۈگىتىپ مۇنبەردىن چۈشۈپ مېهرابنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆرە تۇرىدۇ، مۇئەززىن تەكبىر ئېيتىدۇ، ئاندىن جامائەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئىمام بىلەن ناماز ئادا قىلىدۇ.

www.munber.org

س: خۇتبىنىڭ ئەزىنى نەدە بولۇشى لازىم؟

ج: خاتىبنىڭ ئۇدۇلىدا بولۇشى لازىم، مۇنبەرنىڭ ئالدىدا بولسۇن، ياكى ئىككى سەپ كېيىن، ياكى ھەممە سەپنىڭ ئارقىسىدا ياكى مەسجىدنىڭ سىرتىدا بولسۇن ھەممىسى دۇرۇستۇر.

س: ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا خۇتبە ئوقۇشقا بولامدۇ؟

ج: باشقا تىلدا خۇتبە ئوقۇش مەكرۇھتۇر، «خۇتبە» دېگەن پەرزلا ئادا تاپىدۇ. لېكىن ساۋابى كەم بولۇپ قالىدۇ.

س: خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا نېمە ئىشلار دۇرۇس ئەمەس؟

ج: 1) ـ گەپ قىلىش.

2) ـ سۈننەت ياكى نەفلە ناماز باشلاش.

3) ـ يەپ ـ ئىچىش.

4) ـ بىرسىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىش.

5) ـ قۇرئان ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ئوقۇش. مەقسەت خۇتبە تىڭشاشقا دەخلى قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە مەكرۇھتۇر. يەنە بىرسى ئىمام خۇتبە ئوقۇغلى ماڭغاندا يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەكرۇھتۇر.

س: جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن جامائەت شەرت دېگەن نېمە؟

ج: جۈمە نامىزىدا ئىمامدىن باشقا ئاز بولغاندا ئۈچ ئادەم بولۇشى زۆرۈردۇر. ئەگەر ئۈچ ئادەم بولمىسا جۈمە نامىزى دۇرۇس بولمايدۇ.

س: ئاممىۋى ئىزنى دېگەن نېمە؟

www.munber.org

ج: جۈمە ئوقۇغىلى كەلگەنلەر كەڭ قاتنىشالايدىغان ھەم رۇخسەت قىلىنغان جاي بولۇش دېمەكتۇر. خاس كىشىلەرگە ئىجازەت بېرىلىپ، ھەر قانداق ئادەمگە ئىجازەت بېرىلمەيدىغان ئورۇنلاردا جۈمە ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

س: جۈمە نامىزىنىڭ پەرزى نەچچە رەكئەتتۇر؟

ج: ئىككى رەكئەتتۇر.

## ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ بايانى

س: ئىككى ھېيت كۈنى نېمە ئىشلار سۈننەت ياكى مۇستەھەب؟

ج: 1) ـ غۇسۇل ۋە مىسۋاك قىلىش.

2) ـ ئۆزىنىڭ ياخشى كىيىمنى كىيىش.

3) ـ ئۆزىگە خۇشپۇراق بويۇم چېچىش.

4) ـــ روزا ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن ئىلگىرى خورما ياكى تاتلىق نەرسە يېيىش.

5) ـ سەدىقە پىتىر ئادا قىلىش.

6) ـ قۇربان ھېيت نامىزىدىن كېلىپ قۇربانلىق گۆشىدە ناشتا قىلىش.

7) ـ ھېيت نامىزىنى ھېيتگاھتا ئوقۇش.

8) ـ پىيادە بېرىش.

9) ـ بىر يولدىن بېرىپ يەنە بىر يولدىن قايتىش.

www.munber.org

10) ـ ھېيىت نامىزى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئۆيدە ياكى ھېيتگاھتا نەفلە ناماز ئوقۇماسلىق.

11) ـ ھېيىت نامىزىدىن كېيىن ھېيتگاھتا نەفلە ناماز ئوقۇماسلىق.

س: روزا ھېيىت نامىزى ئوقۇغىلى كېتىۋېتىپ يولدا تەكبىر ئېيتىشقا بولامدۇ؟

ج: بۇنىڭدا كېتىۋېتىپ مەخپىي تەكبىر ئېيتسا مەيلى. قۇربان ھېيىت نامىزىغا كېتىۋاتقاندا تەكبىرنى جەھرى ئېيتىش مۇستەھەبتۇر.

س: ھېيىت نامىزى ۋاجىپمۇ ياكى سۈننەتمۇ؟

ج: ئىككىلىسى ۋاجىپتۇر (جۈمە نامىزى پەرز بولغان كىشىگە ھېيىت نامىزى ۋاجىپتۇر، جۈمەنىڭ شەرتلىرى ھېيىت نامىزىدىمۇ شەرتتۇر). لېكىن ئىككى ھېيىت نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈن قىيىلىشتىن بۇرۇن تۈگەپ بولىدۇ. ھېيىت نامىزىنىڭ خۇتبىسى پەرز ئەمەس، نامازدىن ئىلگىرىمۇ ئوقۇلمايدۇ. بەلكى نامازدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇش سۈننەتتۇر.

س: ھېيىت نامىزى نەچچە رەكئەتتۇر؟ قايسى تەرتىپ بىلەن ئوقۇلىدۇ؟

ج: ھېيىت نامىزى ئىككى رەكئەتتۇر. ئىككىسىدە ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىلمايدۇ. «روزا ھېيتى ياكى قۇربان ھېيتىنىڭ ۋاجىپ نامىزىنى قوشۇمچە ئالتە تەكبىرلىرى بىلەن مۇشۇ ئىمامغا ھازىر ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇيمەن» دەپ نىيەت قىلىدۇ. ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ قول باغلاپ سانا ئوقۇيدۇ، ئىككى قولنى قۇلاقىچە كۆتۈرگەن پېتى "الله اكبر"، دەپ ئىككى قولنى تاشلايدۇ، ئاندىن ئىككى قولنى قۇلاقىچە كۆتۈرگەندىن كېيىن

www.munber.org

"اللّٰه اكبر"، دەپ قولنى تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇچىنچى قېتىم قولنى قۇلاققىچە كۆتۈرگەندىن كېيىن "اللّٰه اكبر" دەپ قول باغلاپ تۇرىدۇ ۋە «ئەئۇزۇ، بىسمىللا»، «سۈرە فاتىھە» يەنە بىر سۈرە ئوقۇپ رۇكۇ قىلىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتكە قوپقاندا ئىمام ئالدى بىلەن قىرائەت قىلىدۇ، قىرائەتنى تۈگىتىپ بولۇپ قۇلاققىچە قول كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىدۇ ۋە قولنى تاشلايدۇ، ئاندىن قۇلاققىچە يەنە قول كۆتۈرۈپ ئۈچىنچى تەكبىرنى ئېيتىپ قولنى تاشلايدۇ، ئاندىن قولنى كۆتۈرمەستىن تۆتىنچى تەكبىر ئېيتقان پېتى رۇكۇغا بارىدۇ ۋە قائىدىگە مۇۋاپىق نامازنى تاماملايدۇ، ئاخىرىدا ئىمام ئۆرە قوپۇپ خۇتبە ئوقۇيدۇ، پۈتۈن خەلق شۈككىدە تۇرۇپ تىڭشايدۇ. ئىككى ھېيتنىڭمۇ جۈمەگە ئوخشاش ئىككى خۇتبىسى بار، بۇ ئىككى خۇتبىنىڭ ئارىلىقىدىمۇ ئولتۇرۇش سۈننەتتۇر.

س: قۇربان ھېيت نامىزىنىڭ خاس ئەھكاملىرى قايسى؟

ج: يولدا ھېيتگاھقا كېتىۋېتىپ جەھرى تەكبىر ئېيتىش، نامازدىن بۇرۇن بىر نەرسە يېمەسلىك، تەشرىق تەكبىرلىرىنىڭ ۋاجىپ بولۇشى قاتارلىقلار.

س: تەشرىق تەكبىرلىرى قايسى؟

ج: تەشرىق كۈنلىرىدە پەرز نامازدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىلىدۇ، شۇ تەشرىق تەكبىرلىرى دېيىلىدۇ.

س: تەشرىق كۈنلىرى قايسى؟

ج: زۇلھەججىنىڭ 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ كۈنلىرى تەشرىق(ھېتنىڭ 2ـ، 3ـ،4ـ) كۈنلىرى دېيىلىدۇ.

www.munber.org

س: تەشرىق تەكبىرلىرىنى قايسى كۈندىن باشلاپ قايسى كۈنگىچە ئېيتىش ۋاجىپتۇر؟

ج: ئەرەفە كۈنى، نەھرى كۈنى، تەشرىقنىڭ ئۈچ كۈنى جەمئىي بەش كۈن ئېيتىلىدۇ. زۇلھەججىنىڭ توققۇزىنچى كۈنىنى ئەرەفە كۈنى، ئونىنچى كۈنىنى نەھرى كۈنى دەيدۇ. توققۇزىنچى كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن تەكبىر باشلىنىدۇ، ھەر پەرز نامازدىن كېيىن ئون ئۈچىنچى كۈننىڭ ئەسىر نامىزىغىچە تەكبىر ئېيتىش ۋاجىپتۇر. پەرزگە سالام بېرىپ بولۇپلا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تەكبىر ئېيتىش لازىم. لېكىن ئاياللار جەھرى ئېيتمايدۇ. ئىمام ئۇنتۇپ قالسىمۇ مۇقتەدى چوقۇم ئېيتىشى كېرەك.

س: تەشرىق تەكبىرلىرى قايسى؟ قانچە قېتىم ئوقۇش ۋاجىپتۇر؟

ج: تەشرىق تەكبىرلىرى: «اَللّٰهُ اَكْبَرُ، اَللّٰهُ اَكْبَرُ، لآاِلٰـهَ إلاَّاللّٰهُ وَاللّٰهُ اَكْبَرُ، اَللّٰهُ اَكْبَرُ، وَلِلّٰهِ الْحَمْدُ». بۇنى ھەر پەرز نامازدىن كېيىن بىر قېتىم ئوقۇش ۋاجىپتۇر.

# قۇربانلىقنىڭ بايانى

س: قۇربانلىقنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنىڭ شەرتى قايسى؟

ج: بىرىنچى مۇسۇلمان بولۇش، كاپىرغا قۇربانلىق ۋاجىپ ئەمەس. ئىككىنچى مۇقىم بولۇش، مۇساپىرغا ۋاجىپ ئەمەس. ئۈچىنچى ئازاد بولۇش، قۇلغا ۋاجىپ ئەمەس. تۆتىنچى بالاغەتكە يەتكەن بولۇش، نارەسىدىگە قۇربانلىق ۋاجىپ ئەمەس. بەشىنچى ئەقلى بار بولۇش، ساراڭغا ۋاجىپ ئەمەس.

www.munber.org

س: قانداق ھايۋاننى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس ۋە قانداق ھايۋاننى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس ئەمەس؟

ج: قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ھايۋانلار: تۆگە، كالا، سۇ كالىسى، قوي، ئۆچكە قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

س: مەزكۇر ھايۋانلارنىڭ نەچچە ياشلىق بولغىنى قۇربانلىققا يارايدۇ؟

ج: تۆگە ئاز بولغاندا بەش ياشلىق بولۇش. كالا ئاز بولغاندا ئىككى ياشلىق بولۇش. قوي ـ ئۆچكە ئاز بولغاندا بىر ياشلىق بولۇش. ئەمما ئالتا ئايلىق بولغان قوي سېمىز، ئۇستىخانلىرى چوڭ بولۇپ، ئالتە ئايلىق بىلەن بىر ياشلىقنى پەرق ئەتكىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بولسا، قۇربانلىق قىلىشقا يارايدۇ. ئالتە ئايلىقتىن تۆۋەن بولسا ھەرقانچە ئېسىل، سېمىز بولسىمۇ قۇربانلىققا يارىمايدۇ.

س: قايسى خىلدىكى ئەيىبى بار ھايۋاننى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس ئەمەس؟

ج: 1) ـ بىر ياكى ئىككىلى مۈڭگۈزى چىقىپ كەتكەن.

2) ـ قۇيرۇقى يوق تۇغۇلۇپ قالغان قوي، ئۆچكە.

3) ـ كور ھايۋان.

4) ـ سىڭا كۆز ھايۋان.

5) ـ قۇربانلىق قىلىدىغان ئورۇنغا مېڭىپ بارالمايدىغان ھايۋان.

6) ـ كېسىلى ئاشكارا ھايۋان.

www.munber.org

7) ـ تۇغۇلۇشتا بىر ياكى ئىككىلى قۇلىقى يوق تۇغۇلغان هايۋان (چوناق قولاق قوي قۇربانلىققا يارايدۇ).

8) ـ قۇيرۇق، قۇلاق ياكى كۆزنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقى كېتىپ قالغان هايۋان.

9) ـ چىشى يوق ياكى چىشىنىڭ كۆپرەكى چۈشۈپ كەتكەن هايۋان.

10) ـ ئوت چۆپ تونۇمايدىغان ساراڭ، كېسىلى بار هايۋان.

11) ـ ياداڭغۇ، ئورۇق، خاموش هايۋان.

12) ـ بۇرۇنى كېسىلىپ كەتكەن هايۋان (قوي، ئۆچكە بۇنىڭدىن مۇستەسنا).

13) ـ ئەمچىكى كېسىلىپ كەتكەن هايۋان.

14) ـ ئەمچىكىدىن سۈت قۇرۇپ كەتكەن هايۋان.

15) ـ ئەمچىكىنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقراقى كېسىلىپ كەتكەن كالا.

16) ـ بىر ئەمچىكىنىڭ تويچىكى كېتىپ قالغان قوي، ئۆچكە.

17) ـ ئىككى ئەمچىكىنىڭ تويچىكى كېتىپ قالغان تۆگە، كالا.

18) ـ تىلى كېسىلىپ كەتكەن كالا.

19) ـ نىجاسەت، گەندە يەيدىغان قويۇۋېتىلگەن هايۋان.

20) ـ يىلىك تۈتمىغان ئورۇق هايۋان.

21) ـ بىر پۇتى كېسىلىپ كەتكەن هايۋان.

www.munber.org

22) - ئەركەك ـ چىشلىق ئالامىتى بار (قوش جىنسلىق) هايۋان.

س: قايسى خىلدىكى هايۋاننى قۇربانلىق قىلىش ئەۋزەلنىڭ خىلاپى؟

ج: 1) ـ مۈڭگۈزسىز تۇغۇلغان هايۋان.

2) ـ مۈڭگۈزى سۇنۇپ كەتكەن، لېكىن بۇنىڭ تەسىرى يىلتىزىغا يەتمىگەن هايۋان.

3) ـ جۈپلىششكە قادىر بولالمايدىغان دەرىجىدە قېرىپ كەتكەن هايۋان.

4) - قېرىپ كەتكەن سەۋەبلىك تۇغۇتتىن قالغان هايۋان.

5) - بوغاز تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە.

6) - كېسەل ئەمەس تۇرۇپمۇ سۈت چىقمايدىغان هايۋان.

7) - يۆتىلىدىغان هايۋان.

8) - داغلاپ ئەن سېلىنغان هايۋان.

9) ـ تۇغۇلۇشتىلا قۇيرۇقى ناهايىتى كىچىك قوي.

10) - ئازراق سىڭا كۆزلۈك هايۋان.

11) - بىر پۇتىنى سەل ئاياپ ماڭىدىغان هايۋان.

12) – كېسىلى بار، لېكىن كېسىلىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان هايۋان.

13) – كۆز، قۇلاق، قۇيرۇق قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنىڭ يېرىمىدىن ئازراقى كېتىپ قالغان هايۋان.

www.munber.org

14) - چىشى قالمىغان، لېكىن ئوت يېيەلەيدىغان هايۋان.

15) ــ ساراڭ، لېكىن ئوت يېيەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس.

16) - قوتۇر بولۇپ قالغان، لېكىن سېمىز.

17) ـ كەسمە ئەن سېلىنغان ياكى تىلما ئەن سېلىنغان بولۇپ، لېكىن قۇلاقنىڭ يېرىمىغا يەتمىگەن هايۋان. ئەگەر ئىككىلى قۇلىقى ئاز ـ ئازدىن ئەن سېلىنغان بولۇپ، يىغىپ كەلسە، يېرىمىغا باراۋەر كەلگۈدەك بولسا، ئۇنداق هايۋاننى قۇربانلىق قىلىشتىن ئېهتىيات قىلغاي، ئۇنىڭدىن ياخشىراقنى تاپالمىسا بولىدۇ.

18) ـ ئالغاي هايۋان.

19) ـ يۇڭى قىرقىۋېتىلگەن قوي.

20) ـ تىلى كېسىلىپ كەتكەن قوي، لېكىن ئاسان ئوت يېيەلەيدۇ.

21) - مەينەت نەرسە يەيدىغان قويۇۋېتىلگەن تۆگە، بۇنى باغلاپ قىرىق كۈن ئوت بىلەن باققاي.

22) - گۆش توشمىغان سەل ئورۇق هايۋان.

دېمەك، مەزكۇر هايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس، لېكىن مەكرۇهى تەنزىهى. ئەلهاسىل، قۇربانلىق قىلىدىغان هايۋانغا پۈتۈن ئەيبتىن خالىي، ئىسىلىنى تاللاش مۇستەهەبتۇر.

www.munber.org

# قۇربانلىق مالنىڭ تېرىسىنىڭ بايانى

س: ئۆزىنىڭ قۇربانلىقىنىڭ تېرىسىدىن ئۆزى مەنپەئەتلەنسە بولامدۇ؟

ج: ئائىلىسىگە سايمان ياساپ ئىشلەتسە دۇرۇس. مەسىلەن: جايناماز، داستىخان، تۇلۇم، ئاياغ ۋە باشقىلار.

س: قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى ساتسا بولامدۇ؟

ج: ساتسا بولىدۇ، سېتىپ پۇلىنى غېرىب ـ غۇرۋالارغا سەدىقە قىلىشى ۋاجىپ. ئۇنىڭ پۇلىنى ئۆزى سەرپ قىلسا دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر پۇلنى ئۆزى خەجلەپ كەتسە، بۇ گۇناھىغا ئىستىغفار ئېيتىدۇ.

س: قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى ياكى ئۇنىڭ ساتقان پۇلىنى قانداق ئورۇنغا سەرپ قىلىدۇ؟

ج: زاكات سەرپ قىلىدىغان ئورۇنلارغا سەرپ قىلىشى ۋاجىپتۇر (غېرىب ـ غۇرۋالارغا سەرپ ئېتىدۇ). مەسجىد، كۆۋرۈك، يول قاتارلىقلارغا ئوخشاش مۈلۈك قىلىپ ئالالمايدىغان جانسىز ئورۇنلارغا سەرپ قىلىش دۇرۇس ئەمەس. دېمەك، تېرىنىڭ پۇلى ئەسلى غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭلا ھەققىدۇر.

س: قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى سېتىۋالغان تېرىچى تېرىدىن خالىغانچە پايدىلىنالامدۇ؟

ج: خالىغانچە پايدىلىنالايدۇ (تېرىچىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن تىجارەتنىڭ ھۆكمى جارى بولىدۇ)، بۇنىڭدا ھەرگىز شەك يوق.

www.munber.org

# جىنازا نامىزىنىڭ بايانى

س: مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ۋاجىپمۇ ياكى سۈننەتمۇ؟

ج: مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش پەرز كىفايىدۇر. ئەگەر بىر ـ ئىككى ئادەم ئوقۇپ قويسىمۇ ھەممىسىنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ. لېكىن بىرەرسىمۇ ئوقۇمىسا ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ.

س: جىنازا نامىزىنىڭ قانچە شەرتى بار؟

ج: 1) ـ مېيىتنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى.

2) ـ مېيىتنىڭ پاك بولۇشى.

3) ـ مېيىتنىڭ كېپىنىنىڭ پاك بولۇشى.

4) ـ ئەۋرىتى يېپىلغان بولۇشى.

5) ـ مېيىتنى نامـاز چۈشۈرگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا قويغان بولۇشى.

بۇ شەرتلەر مېيىتقا قارىتىلغان شەرتلەردۇر. ناماز چۈشۈرگۈچىلەرگە نامازنىڭ شەرتلىرى قويۇلىدۇ.

س: جىنازا نامىزىنىڭ قائىدىسى قانداق بولىدۇ؟

ج: ئالدى بىلەن نامازغا سەپ بولۇپ تۇرۇش. ئادەم كۆپ بولسا، ئۈچ، بەش ياكى يەتتە سەپ بولۇپ تۇرۇش ياخشىراقتۇر. بۇ سەپ نامازنىڭ سېپىدەك بولۇشى لازىم. سەپ رۇس بولغاندىن كېيىن جىنازا نامىزىغا: «مەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بۇ جىنازا نامىزىنى شۇ مېيىتنىڭ مەغپىرىتىگە دۇئا قىلىپ مۇشۇ

www.munber.org

ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇيمەن» دەپ نىيەت قىلىدۇ. ئاندىن ئىمام ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن، مۇقتەدىلەر ئىچىدە تەكبىر ئېيتىدۇ ۋە ئىككى قولىنى قۇلاقىچە كۆتۈرۈپ كىندىكىنىڭ ئاستىغا باغلاپ تۇرىدۇ. ئىمام ۋە مۇقتەدىلار ھەممىسى ئىچىدە سانا ئوقۇيدۇ. سانادا «تعالى جَدُّكَ»دىن كېيىن «وَجَلَّ ثَنَآؤُكَ»نىمۇ دېسە، ياخشىراقتۇر. ئاندىن ئىمام ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن مۇقتەدى ئىچىدە قول كۆتۈرمەستىن ئىككى قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ. ئىمام ۋە مۇقتەدى ئىككىلىسى نامازنىڭ قەئدە ئەخىرىدا ئوقۇغان دۇرۇدنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ. ئاندىن ئۈچىنچى قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ ۋە مېيىت بالاغەتكە يەتكەن ئەر ياكى ئايال بولسا، ئىمام ۋە مۇقتەدى مەخپىي ھالدا بۇ ئەرەبچە دۇئانى ئوقۇيدۇ:

«اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِحَيِّنَا وَمَيِّتِنَا وَشَاهِدِنَا وَغَائِبِنَا وَصَغِيْرِنَا وَكَبِيْرِنَا وَذَكَرِنَا وَاُنْثَانَا اَللّٰهُمَّ مَنْ اَحْيَيْتَهُ مِنَّا فَأَحْيِهِ عَلَى الاِسْلاَمِ وَمَنْ تَوَفَّيْتَهُ مِنَّا فَتَوَفَّهُ عَلَى الاِيْمَانِ»

(ئى اﷲ! بىزنىڭ تىرىكلىرىمىز ۋە ئۆلۈكلىرىمىز، مۇشۇ يەردە ھازىر بولغانلىرىمىز ۋە غايىبلىرىمىز، كىچىكلىرىمىز ۋە چوڭلىرىمىز، ئەرلىرىمىز ۋە ئاياللىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن. ئى اﷲ! بىزنىڭ ئىچىمىزدىن تىرىلدۈرىدىغانلىرىڭنى ئىسلامنىڭ ئۈستىدە تىرىلدۈرگىن ۋە بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ۋاپات تاپقۇزىدىغانلىرىڭنى ئىمان ئۈستىدە ۋاپات تاپقۇزغىن).

مېيىت بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغۇل بولسا، بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ:

«اَللّٰهُمَّ اجْعَلْهُ لَنَا فَرَطًا وَاجْعَلْهُ لَنَا اَجْرًا وَذُخْرًا وَاجْعَلْهُ لَنَا شَافِعًا وَمُشَفَّعًا»

www.munber.org

(ئى الله! بۇ بالىنى بىزنىڭ نىجاتلىقىمىز ئۈچۈن ئالدىدا بېرىپ تۇرغۇچى قىلغىن. بۇنىڭ پىراقىنى بىز ئۈچۈن ئەجىر ۋە نېسىۋە قىلغىن، ئۇنى بىزگە شاپائەت قىلغۇچى ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنغۇچى قىلغىن).

مېيىت بالاغەتكە يەتمىگەن قىز بالا بولسا، ئۇنىڭغىمۇ مۇشۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ. لېكىن ئۈچ جايدا پەرقلىنىدۇ، يەنى "وَاجْعَلْهُ" نىڭ ئورنىغا "وَاجْعَلْهَا" ۋە "شَافِعًا وَمُشَفَّعًا"نىڭ ئورنىغا "شَافِعَةً وَمُشَفَّعَةً" دەپ ئوقۇيدۇ. بۇ پەقەت كەلىمىدىكى پەرق، مەنە جەھەتتە ئىككىسى بىردۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمام ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن، مۇقتەدىلار ئىچىدە تۆتىنچى تەكبىرنى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمام ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن مۇقتەدىلار ئىچىدە نامازغا سالام بەرگەندەك سالام بېرىدۇ. (سالامدىن كېيىن قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىش بىدئەتتۇر).

س: جىنازا نامىزىدىن بىكار بولۇپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ج: نامازدىن بىكار بولۇپلا جىنازىنى ئېلىپ ماڭىدۇ. ئېلىپ مېڭىۋاتقاندا كەلىمە تەييىبە ۋە ئۇنىڭ باشقىسىنى ئوقۇماقچى بولسا، دىلىدا ئوقۇيدۇ. ئۈنلۈك ئوقۇش مەكرۇھتۇر. مېيىتنى ئېلىپ ماڭغۇچىلار مېيىتنىڭ بىرىنچى مەنزىلى، يەنى قەبرىگە ماڭغاندا ھېساب ـ كىتابنى ۋە مال ـ دۇنيا دېگەنىنىڭ ئېتىبارسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرىدۇ ۋە كۆڭلىدە مېيىتقا مەغپىرەت ۋە ئاسانچىلىق بولۇشقا دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن قەبرىستانغا يەتكەندە مېيىتنى دەپنە قىلىدۇ.

س: مېيىتنى لەھەتكە قويۇپ بولغاندىن كېيىن تەلقىن قىلىش دۇرۇسمۇ؟

www.munber.org

ج: مېيىت بالاغەتكە يەتكەن كىشى بولسا تەلقىن قىلىش دۇرۇستۇر. تەلقىن مۇنداق: ئى پالانىنىڭ ئوغلى پالانى! سىز هازىر بۇ دۇنيادىن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدىڭىز. پەرۋەردىگارىڭىز ھەقتەئالا، پەيغەمبىرىڭىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، دىنىڭىز ئىسلام، دەستۇرىڭىز قۇرئان، قىبلىڭىز كەئبە، مىللىتىڭىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتى، دوستلىرىڭىز مۇئمىنلەردۇر.

بىلىڭكى، ئۆلۈم، قەبرە ھېسابى، تىرىلىش ھەق. (مۇنكەر ـ نەكىر) ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئال سورىمىقى ھەق. الله بىزگە بەرگەن نېئمەتتىن قىيامەت كۈنى اللهنىڭ ھېساب ئېلىشى ۋە بىزنىڭ ھېساب بېرىشىمىز ھەق. الله ھەربىر كىشىنىڭ ئىككى مۈرىسىگە ۋەكىل قىلغان ئىككى پەرىشتىنىڭ يازغان ياخشى ـ يامان ئەمەل دەپتىرىمىز قىيامەت كۈنى قولىمىزغا كېلىشى ۋە ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئوقۇشى ھەق. ياخشى ـ يامان ئەمەللەرنى تارازىغا سېلىش ھەق. ئۇچ مىڭ يىللىق كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ھەق. جەننەت ھەق. دوزاخنىڭ ئازابى ھەق. جەننەتتە اللهنى كۆرۈش ھەق. قىيامەت كۈنىنىڭ بولۇشى ھەق. ئېيتىڭكى، «اَشْهَدُ اَنْ لاَّاِلٰهَ اِلاَّاللهُ وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ» نىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن باردىڭىز. رازى بولدىڭىزمۇ؟

## ئىسلام پەرزلىرىدىن «روزا» نىڭ بايانى

س: روزا دېگەن نېمە؟

www.munber.org

ج: سۈبھى سادىقتىن كۈن ئولتۇرغىچە نىيەت بىلەن يېمەك ـ ئىچمەك ۋە جىمادىن ئىبارەت ئۈچنى تەرك ئېتىش روزا دېيىلىدۇ.

س: روزا نەچچە خىلدۇر؟

ج: روزا سەككىز خىلدۇر:

1) ـ پەرز مۇئەييەن.

2) ـ پەرز غەيرى مۇئەييەن.

3) ـ ۋاجىپ مۇئەييەن.

4) ـ ۋاجىپ غەيرى مۇئەييەن.

5) ـ سۈننەت.

6) ـ نەفلە.

7) ـ مەكرۇھ.

8) ـ هارام.

س: پەرز مۇئەييەن قايسى روزا؟

ج: يىلدا كېلىدىغان رامزان ئېيىنىڭ بىر ئاي روزىسى پەرز مۇئەييەن دېيىلىدۇ.

س: پەرز غەيرى مۇئەييەن قايسى روزا؟

ج: بەزى ئۆزرىنىڭ ۋەجىدىن رامزان روزىسى قىلىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ قازا روزىسى پەرز غەيرى مۇئەييەن دېيىلىدۇ.

س: ۋاجىپ مۇئەييەن (نەزر مۇئەييەن) قايسى روزا؟

ج: نەزر مۇئەييەن ــ كۆڭلىدە خاس بىر كۈننى «مەن پالانى كۈنىدە روزا تۇتىمەن»، دەپ نىيىتىگە شۇنى پۈكۈپ

www.munber.org

قەتئىي بىر ئىرادىگە كەلسە، شۇ ۋاقتىنىڭ روزىسى شۇ ئادەمگە ۋاجىپ بولۇپ قالىدۇ. شۇ نەزر مۇئەييەن دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بىر ئادەم مەن ئىمتىھاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىسام، ﷲ رىزاسى ئۈچۈن رەجەب ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى روزا تۇتىمەن، دەپ قەتئىي نىيەت بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە بېرىش ۋاجىپ مۇئەييەن بولىدۇ.

س: ۋاجىپ غەيرى مۇئەييەن قايسى روزا؟

ج: كاپارەت روزىلىرى ۋە نەزر غەيرى مۇئەييەن روزىلىرى، ۋاجىپ غەيرى مۇئەييەن دېيىلىدۇ. مەسىلەن: بىرسى مەن ئىمتىھاندا بىرىنچى بولسام، ﷲ رىزاسى ئۈچۈن ئۈچ كۈن روزا تۇتىمەن دېگەندەك، بۇ تەيىن قىلىنمىغان روزىدۇر.

س: قايسى روزا سۈننەت؟

ج: روزىنىڭ ئىچىدە سۈننەتى مۇئەككەدە بولغان بىرمۇ روزا يوق. لېكىن رەسۇلۇللاھ روزا تۇتقان كۈنلەرنىڭ روزىسى ياكى رەسۇلۇللاھ رىغبەتلەندۈرگەن روزىلار سۈننەت روزا دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

1) ــ ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسى، يەنى مۇھەررەمنىڭ توققۇزىنچى ۋە ئونىنچى كۈنىنىڭ روزىسى. مۇھەررەمنىڭ ئونىنچى كۈنى ئاشۇرا دەپ ئاتىلىدۇ.

2) ـ ئەرەفە، يەنى زۇلھەججىنىڭ توققۇزىنچى كۈنىنىڭ روزىسى.

3) ـ ئەييام بىيز (ئايدىڭ كۈنلەر)، يەنى ھەر ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى، ئون تۆتىنچى، ئون بەشىنچى كۈنلىرىنىڭ روزىسى قاتارلىقلار.

www.munber.org

س: قايسى روزا مۇستەھەب؟

ج: پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت روزىلاردىن باشقا روزىلار مۇستەھەبتۇر. لېكىن بەزى روزىلاردا ساۋاب كۆپتۇر. مەسىلەن:

1) ـ شەۋۋال (ھىجرىيە يىلىنىڭ ئونىنچى ئېيى)دىكى ئالتە كۈن روزا.

2) ـ تۈنەك كېچىسىدىكى بىر كۈن روزا.

3) ـ جۈمە كۈنىنىڭ روزىسى.

4) ـ دۈشەنبە كۈنىنىڭ روزىسى.

5) ـ پەيشەنبە كۈنىنىڭ روزىسى قاتارلىقلار.

س: قايسى روزا مەكرۇھ؟

ج: 1) ـ شەنبە كۈنىلا روزا تۇتۇپىلىش.

2) ـ ئاشۇرا (مۇھەررەم)نىڭ ئونىنچى كۈنىلا روزا تۇتۇپىلىش.

3) ـ توققۇزىنچى كۈنىلا روزا تۇتۇپىلىش.

4) ـ ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئىجازىتىسىز نەفلە روزا تۇتۇپىلىشى.

س: قايسى روزا ھارام؟

ج: بىر يىلدا بەش كۈندە روزا تۇتۇش ھارامدۇر: روزا ھېيت كۈنى، قۇربان ھېيت كۈنى ۋە تەشرىقنىڭ ئۈچ كۈنى (زۇلھەججىنىڭ 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ كۈنلىرى).

www.munber.org

# رامزان روزىسىنىڭ بايانى

س: رامزان روزىسىنىڭ پەزىلىتى نېمە؟

ج: رامزان روزىسىنىڭ ئىنتايىن كۆپ پەزىلىتى ۋە ساۋابى بار. ھەدىستە بۇنىڭ كۆپلىگەن پەزىلىتى بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: «كىمكى اللهنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ رامزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتسا، ئۇنىڭ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى كەچۈرۈم بولىدۇ». يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «روزىدارنىڭ ئېغىزىنىڭ بەتبۇيلۇقى اللهنىڭ ئالدىدا ئىپار بويىدىنمۇ خۇشبۇيراقتۇر». يەنە بىر «ھەدىس قۇدۇسى» دا الله ئېيتتى: «روزا پەقەت مەن ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ مۇكاپىتىنى ئۆزەملا بېرىمەن». بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپلىگەن پەزىلەتلىرى بار.

س: رامزان روزىسى قانداق كىشىلەرگە پەرز؟

ج: ھەر قانداق مۇسۇلمان، ئاقىل (ئەقلى ساق)، بالاغەتكە يەتكەن ئەر ـ ئاياللارغا پەرزدۇر. بۇنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىردۇر. ئۆزرىسىز تەرك ئەتكەن كىشى قاتتىق گۇناھكار ۋە پاسىقتۇر. بالاغەتكە يەتمىگەنلەرگە ناماز، روزا پەرز بولمىسىمۇ، لېكىن ئىبادەتكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى روزا تۇتقۇزۇش ۋە ناماز ئوقۇتۇش كېرەك. ھەدىستە مۇنداق دېيىلدى: «بالا يەتتە ياشقا كىرسە، ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار. ئون ياشقا كىرسە ۋە شۇنىڭغىچە ناماز ئوقۇمىسا، زۇرۇر تېپىلغاندا ئۇرۇڭلار». شۇنىڭدەك روزا تۇتۇشقا تاقىتى يېتىپ تۇرۇپ (قانچە كۈنگە تاقىتى يەتسە شۇنچە كۈن تۇتىدۇ) روزا تۇتمىسا، روزا تۇتۇشقا زورلاپ

www.munber.org

كۆندۈرۈش لازىم. روزا سەل كۈچ كەلگەندەك مەلۇم بولسا زورلىماسلىق كېرەك. مەقسەت كۆندۈرۈش.

س: قانداق ئۆزرىلەردە روزا تۇتماسلىق دۇرۇس؟

ج: 1) - سەپەردە، يەنى مۇساپىرنىڭ سەپەر ئۈستىدە روزا تۇتماسلىقى دۇرۇستۇر. ئەگەر سەپەردە مۇشەققەت بولمىسا، روزا تۇتۇش ئەۋزەلدۇر.

2) - كېسەل، يەنى كېسەل بولۇپ قېلىپ روزا تۇتۇشقا تاقىتى يەتمىسە ياكى كېسىلى ئېغىرلاپ قېلىشىنىڭ ئەندىشىسى بولۇپ قالسا.

3) - ناھايىتى بەك قېرىپ كەتسە.

4) - ھامىلدار بولسا، يەنى ھامىلدار روزا تۇتسا، قورسىقىدىكى ھامىلىگە زىيان قىلىشىنىڭ گۇمانى غالىب بولسا.

5) - بالا ئېمىتكۈچى ئايالنىڭ ئۆزىگە زىيان قىلسا.

6) - روزا تۇتسا قورسىقى ئېچىپ كېتىپ ياكى ئۇسساپ كېتىپ، ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئەندىشىسى بولسا.

7) - ھەيز ۋە نىپاس (ئاياللار ئادەت كۆرگەن ياكى تۇغقان) مەزگىلدە روزا تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزرىگە كىرىدۇ.

## ئاي كۆرۈش ۋە گۇۋاھلىقنىڭ بايانى

س: رامزان ئېيىنى كۆرۈشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

www.munber.org

ج: شەئبان ئېيىنىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى كەچتە رامزاننىڭ ئېيىنى كۆرۈش. يەنى ئاي كۆرۈشكە قەتئىي تىرىشىش ۋاجىپتۇر. شەئبان ئېيىنى توغرا ھېسابلاش ئۈچۈن رەجەبنىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى كەچتە ئاي ئىزدەش ۋە كۆرۈش مۇستەھەبتۇر. شەئباننىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى كەچتە رامزان ئېيىنى كۆرەلىسە، ئەتىگەندە روزا تۇتىدۇ. ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ ئاي كۆرەلمىسە، روزا تۇتمايدۇ. ھاۋا بۇلۇتلۇق ياكى تۇتەك بولسا، ئەتىگەن سائەت ئون ـ ئون بىرگىچە يېمەي ـ ئىچمەي تۇرۇشى لازىم. ئەگەر شۇ كۈندە بىر يەردىن ئاي كۆرگەنلىكىدىن ئېنىق ھەم ئىشەنچىلىك خەۋەر كەلسە، روزىغا نىيەت قىلىۋېلىش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا يەپ ـ ئىچىۋەرسە بولىدۇ. لېكىن شەئباننىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى ئاي كۆرەلمىسە، ئەتىسى «ئاي چىقىپ قالغان بولسا رامزان روزىسىغا ھېساب بولسۇن، ئاي چىقمىغان بولسا نەفلىگە ھېساب بولسۇن» دەپ نىيەت قىلىش مەكرۇھتۇر.

س: رامزان ئېيى ئۈچۈن قانداق گۇۋاھلىق ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ؟

ج: ھاۋا ئوچۇق بولمىسا. مەسىلەن: ھاۋا بۇلۇتلۇق ياكى تۇتەك بولۇپ قالسا، رامزاننىڭ ئېيى ئۈچۈن بىر دىندار، پەرھىزكار، راستچىل ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى ئۇ ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ئازاد بولسۇن ياكى قۇل بولسۇن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنە بىرسى كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭ دىندار ۋە پەرھىزكارلىقى مەلۇم بولسا، بۇنداق ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ .

س: ھېيت ئۈچۈن قانداق گۇۋاھلىق ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ؟

www.munber.org

ج: هاۋا ئوچۇق بولمىسا روزا ھېيتى ۋە قۇربان ھېيتىنىڭ ئېيى ئۈچۈن پەرھىزكار، راستچىل ئىككى ئەر ياكى شۇنىڭدەك بىر ئەر، ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى شەرت قىلىنىدۇ.

س: هاۋا ئوچۇق بولسا قانچە ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ؟

ج: هاۋا ئوچۇق بولسا رامزان ۋە ئىككى ھېيتنىڭ ئېيى ئۈچۈن بىر ئىشەنچكە ئېرىشتۈرگۈدەك ھەم بۇلار يالغان ئېيتمايدۇ، دەپ دىلدا جەزىم ھاسىل قىلغۇدەك بىر قانچە ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

س: بىر ئادەم رامزان ئېيىنى كۆردۈم دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمىسا، ئۇنىڭدىن باشقىلار ئاي كۆرمىگىچە روزا تۇتمىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئادەمگە روزا پەرزمۇ؟

ج: ئۇ ئادەمگە روزا تۇتۇش ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ھېسابىدا ئوتتۇز كۈن روزا تولۇق بولۇپ بولسا ۋە ھېيتنىڭ ئېيى كۆرۈنمىسە، ئۇ ئادەم باشقىلار بىلەن قوشۇلۇپ ئوتتۇز بىر كۈن بولۇپ كەتسىمۇ روزا تۇتىدۇ.

## نىيەتنىڭ بايانى

س: روزىغا نىيەت قىلىش زۆرۈرمۇ؟

ج: روزىغا نىيەت قىلىش شەرتتۇر. تاساددىپىي سۈبھى سادىقتىن كۈن ئولتۇرغىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە جىمادىن ساقلانسىمۇ روزىغا نىيەت قىلمىسا، روزا بولمايدۇ.

www.munber.org

س: نىيەتنى قانداق ۋاقىتتىن باشلاپ قىلىش زۆرۈر؟

ج: رامىزان، نەزر مۇئەييەن، سۈننەت، نەفلە قاتارلىق روزىلارنى كېچىدە نىيەت قىلىدۇ ياكى چۈش ۋاقتىغىچە نىيەت قىلسا دۇرۇس. رامىزاننىڭ قازاسى، كاپارەت روزىسى ۋە نەزر غەيرى مۇئەييەن روزىسى قاتارلىقلارنىڭ نىيىتىنى سۈبھى سادىقتىن بۇرۇن قىلىۋېلىش لازىم.

س: نىيەتنى قانداق قىلىش لازىم؟

ج: رامىزان، نەزر مۇئەييەن، سۈننەت ۋە نەفلە قاتارلىق روزىلارنىڭ نىيىتىدە خالىسا، خاس شۇ روزىلارنىڭ ئۆز ئەينىنى نىيەت قىلىدۇ؛ مۇتلەق بىر روزا (تۇتىمەن)، دېگەننى نىيەت قىلىدۇ ياكى نەفلە روزىلارنىڭ نىيىتىنى قىلىدۇ. ھەر ھالدا رامىزاندا بولسا رامىزان روزىسىغا. نەزر مۇئەييەن كۈنىدە نەزر روزىغا. قالغان كۈنلەردە سۈننەت ياكى نەفلە روزىغا ھېساب بولىدۇ. نەزر غەيرى مۇئەييەن، كاپارەت ۋە رامىزاننىڭ قازا روزىلىرى قاتارلىق روزىلارنىڭ نىيىتىدە خاس شۇ روزىلارنىڭ ئۆز ئەينىنى ئاتاپ نىيەت قىلىش زۆرۈردۇر.

س: نىيەتنى تىل بىلەن قىلىش زۆرۈرمۇ؟

ج: كۆڭلىدە روزا تۇتىدىغانلىقىنى نىيەت قىلسا، شۇ كۇپايە. تىل بىلەن دېيىش ياخشىراقتۇر. دېمىسە ئۇمۇ مەيلى.

## روزىنىڭ مۇستەھەب ئامىللىرىنىڭ بايانى

س: روزىنىڭ مۇستەھەب ئامىللىرى قايسى؟

ج: 1) - سوھۇرلۇق يېيىش.

www.munber.org

2) ـ كېچىدە نىيەت قىلىش.

3) ــ سۈبھى سادىققا قىستاپ يېيىش (سوھۇرلۇقنى ئاخىرقى ۋاقتىدا يېيىش، بەك بالدۇر يېمەسلىك).

4) ـ ئىپتارغا ئالدىراش.

5) ـ غەيۋەت ـ شىكايەت، سەت گەپ، شۇنىڭغا ئوخشاش ناچار قىلىقلار ۋە ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش.

6) ـ خورمىدا ئىپتار قىلىش. ئۇ بولمىسا سۇ بىلەن ئىپتار قىلىش.

س: سوھۇرلۇق دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ۋاقتى قاچان؟

ج: كېچىنىڭ ئاخىردا سۈبھى سادىق (تاڭ بەلگە بېرىش) تىن ئىلگىرى بىر نەرسە يەپ ـ ئىچىش سوھۇرلۇق دەپ ئاتىلىدۇ. سۈبھى سادىقتىن ئىلگىرى كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمى شۇنىڭ ۋاقتىدۇر. سوھۇرلۇق يېيىش سۈننەت بولۇپ، بۇنىڭ ساۋابى ئىنتايىن كۆپتۇر. قورساقى ئاچمىغان بولسىمۇ، ئازراق بىرنەرسە يەۋېلىشى لازىم.

## روزىنىڭ مەكرۇھ ئامىللىرىنىڭ بايانى

س: روزىدا قايسى ئىشلار مەكرۇھ؟

ج: 1) ـ بىر نەرسە چايناش ياكى ئېغىزىغا بىر نەرسە سېلىش.

2) ـ بىر نەرسىنىڭ تەمىنى تېتىش. زۆرۈر تېپىلغاندا ئايال تىلىنىڭ ئۇچىدا تاماقنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىشى دۇرۇستۇر.

www.munber.org

3) ـ پۇتنى بەكرەك كېرىپ ئولتۇرۇپ ئىستىنجا قىلىش ۋە ئېغىز ـ بۇرۇننى چايقىغاندا بەك ئاشۇرىۋېتىش.

4) ـ ئېغىزغا توكۇرۇكنى جىق يىغىپ يۇتۇش.

5) ـ غەيۋەت قىلىش، سەت گەپ قىلىش، يالغان سۆزلەش.

6) ــ ئۆزىنىڭ كەم ماغدۇر بولۇپ قالغانلىقىنى ئاشكارىلاش.

7) ــ غۇسۇل ۋاجىپ بولۇپ قالغان بولسا، سۇبھى سادىقتىن ئىلگىرى قىلماي قەستەن سۇبھى سادىقتىن كېيىن قىلىش.

8) ـ چىش پاراشوكى بىلەن چىش پاكىزلاش.

س: نېمىلەر بىلەن روزا مەكرۇھ بولمايدۇ؟

ج: 1) ـ سۇرمە تارتىش.

2) ـ بەدەننى مايلاش ياكى بېشىنى مايلاش.

3) ـ سوۋۇش ئۇچۇن غۇسۇل قىلىش.

4) ـ مىسۋاك قىلىش.

5) ـ خۇش پۇراق بويۇم چېچىش ياكى پۇراش.

6) ـ ئېسىدە يوق بىر نەرسە يەپ قىلىش.

7) ـ ئۆزلۈكىدىن كۆڭلى ئايىنىپ ياندۇرۇش.

8) ـ ئۆزىنىڭ توكرۇكىنى يۇتۇش.

9) ـ قەستەنلىك بولماستىن چىۋىن ياكى بۇس گېلىغا كىرىپ كېتىش. بۇ نەرسىلەر بىلەن روزا سۇنمايدۇ ھەم مەكرۇھ بولمايدۇ.

www.munber.org

# روزىنى بۇزىدىغان ئامىلارنىڭ بايانى

س: روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار قايسى؟

ج: ئۇنى روزىدا سادىر قىلسا روزا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇ ئامىللار روزىنى بۇزغۇچى ئامىللار دېيىلىدۇ. روزىنى بۇزغۇچى ئامىللار ئىككى خىل: بىرىنچىسىنىڭ پەقەت قازاسىلا ۋاجىپ بولىدۇ. ئىككىنچىسىنىڭ قازاسى ۋە كاپارىتى ۋاجىپ بولىدۇ.

س: قازاسى ۋاجىپ بولۇشقا سەۋەبچى بولىدىغان ئامىللار قايسى؟

ج: 1) ـ روزىدارنى مەجبۇرلاپ بىر نەرسە يېگۈزۈۋەتسە، ئۇ نەرسە گېلىدىن ئۆتۈپ كەتسە.

2) ـ روزا ئېسىدە بار تۇرۇپ، ئېغىز چايقاۋېتىپ، قەستەن بولمىسىمۇ گېلىدىن سۇ ئۆتۈپ كەتسە.

3) ـ ياندۇرۇپ، ئۇنى قەستەن يۇتۇپ كەتسە.

4) ـ قەستەن ئېغىز توشقىچە ياندۇرسا.

5) ـ شېغىل ياكى سېغىز تويا، قەغەز پارچىسىنى قەستەن يۇتۇۋالسا.

6) ـ چىشىنىڭ ئارىلىقىدا قېلىپ قالغان نوقۇتتەك ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق نەرسىنى تىلى بىلەن ئېغىزدىن سىرتقا چىقىرىپ يەنە يۇتۇپ كەتسە روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ (ئېغىزىدىن چىقىرىپ يۇتقان نەرسە چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن).

7) ـ قۇلاققا ياغ قۇيسا.

www.munber.org

8) - ناس چەكسە.

9) - چىشى تۈۋىدىن چىققان تۆكرۈككە غالىب كەلگەن قاننى يۇتۇپ كەتسە.

10) ـ ئېسىدە يوق بىر نەرسە يەپ ـ ئىچىپ، روزام بۇزۇلۇپ كەتتى دەپ قەستەن يەپ ـ ئىچسە.

11) - تاڭ ئاتمىدىغۇ دەپ سوھۇرلۇق يەپ كېيىن تاڭ ئېتىپ قالغاندا يەپ قالغانلىقى مەلۇم بولسا.

12) رامزاندىن باشقا كۈنلەردە تۇتقان بىرەر نەفلە روزىنى قەستەن بۇزسا.

13) هاۋا تۇتەك ياكى بۇلۇتلۇق كۈنلەردە ئىپتار ۋاقتى بولدىغۇ، دەپ بالدۇر ئىپتار قىلىۋەتسە. مۇشۇ ئەھۋاللاردا پەقەت روزىنىڭ قازاسى ۋاجىپ بولىدۇ.

س: قانداق ئامىللاردا قازا ۋە كاپارەت ھەر ئىككىلىسى ۋاجىپ بولىدۇ؟

ج: رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇپ:

1) تاماق ياكى دورا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىنى قەستەن يەپ ـ ئىچسە.

2) قەستەن جىما قىلسا.

3) قان ئالدۇرۇپ ياكى سۈرمە تارتىپ كۆڭلىدە روزا بۇزۇلۇپ كەتتىغۇ، دەپ قەستەن يەپ ـ ئىچسە. بۇنداق ئەھۋالدا قازا ۋە كاپارەت ھەر ئىككىلىسى ۋاجىپ بولىدۇ.

س: رامزان ئېيىدا بىرسىنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتسە، ئۇنىڭ يەپ ـ ئىچىشى دۇرۇسمۇ؟

www.munber.org

ج: دۇرۇس ئەمەس. بەلكى كۈن ئولتۇرغىچە ھەممىدىن توختىشى لازىم. شۇنىڭدەك روزا تۇتمىغان مۇساپىر كۈندۈزلۈكىدە ئۆيىگە كېلىپ قالسا؛ بالاغەتكە يەتمىگەن بالا (ئوغۇل ـ قىز) كۈندۈزلۈكىدە بالاغەتكە يېتىپ قالسا؛ ھەيزدار، نىپاسدار ئايال كۈندۈزلۈكىدە پاك بولۇپ قالسا؛ مەجنۇن ئوڭشىلىپ قالسا بۇلارمۇ كۈن ئولتۇرغىچە روزىدارلارغا ئوخشاش يېمەي ـ ئىچمەي تۇرۇش ۋاجىپتۇر.

س: رامزاندىن باشقا روزىنى بۇزۇش بىلەن كاپارەت ۋاجىپ بولامدۇ؟

ج: كاپارەت دېگەن رامزان ئېيىدىكى پەرز روزىنى بۇزسىلا ۋاجىپ بولىدۇ. رامزاندىن باشقا روزىنى بۇزۇش بىلەن قازا ۋاجىپ بولىدۇ، كاپارەت ۋاجىپ بولمايدۇ.

## روزىنىڭ قازاسىنىڭ بايانى

س: قازاسى ۋاجىپ بولىدىغان روزا قانچە خىل؟

ج: 1) ئۆزرىسىز پەرز ياكى تەيىن قىلغان ۋاجىپ روزىنى تۇتمىسا.

2) بەزىبىر ئۆزرىنىڭ سەۋەبىدىن تۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان روزا ئايرىلىپ قالسا.

3) روزا تۇتۇپ بەزىبىر سەۋەب بىلەن بۇزسا ياكى بۇزۇلسا. مۇشۇلارنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپتۇر.

س: قازانى قاچان تولۇقلاش لازىم؟

www.munber.org

ج: قاچان ۋاقىت تېپىلسا شۇ چاغدا تۇتىدۇ. ئىمكان قەدەر ئالدىراش ياخشى. ئۆزرىسىز كېچىكتۈرۈش ياخشى ئەمەس.

س: قازا روزىلارنى ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتۇش كېرەكمۇ؟

ج: ئىختىيارىچە تۇتىدۇ. ئۇزمەي تۇتسىمۇ بولىدۇ ياكى ئىككىگە بۆلۈپ تۇتسىمۇ بولىدۇ.

س: ئالدىنقى رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىپ بولغۇچە كېيىنكى رامزان كېلىپ قالغان بولسا قانداق قىلىدۇ؟

ج: يېڭى كىرگەن رامزاننىڭ روزىسىنى تۇتىدۇ. بۇنى تۇتۇپ بولۇپ ئالدىنقى روزىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ.

س: نەفلە روزا تۇتۇپ بۇزىۋەتسە، بۇنىڭ ھۆكمى نىمە؟

ج: ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى نەفلە ناماز ۋە نەفلە روزىنى باشلاش بىلەن تەڭ ئاخىرغىچە ساق پۈتتۈرۈش ۋاجىپ بولىدۇ.

س: قازا روزىنى تۇتۇشقا كۈچى يەتمىسە قانداق قىلىدۇ؟

ج: روزا تۇتالمىغۇدەك دەرىجىدە قېرىپ كەتسە، كېيىن تاقىتى يېتىشكە ئۇمىدىمۇ بولمىسا، ياكى ساقىيىشقا ئۇمىدى ئۈزۈلگەن بولسا، روزىلىرىغا پىدىيە بېرىش دۇرۇستۇر.

س: روزىنىڭ پىدىيىسى دېگەن نىمە؟

ج: ھەر كۈنلۈك روزىنىڭ پىدىيىسى ئىككى كىلو بۇغداي، تۆت كىلو ئارپا، ياكى ئۇنىڭ قىممىتى، ياكى شۇلارنىڭ قىممىتىگە باراۋەر كەلگۈدەك باشقا ئاشلىق بېرىلسە بولىدۇ. دېمەك، بىر كۈنلۈك روزىنىڭ پىدىيىسىگە بىر كۈنى ئۆتكۈدەك بىر نەرسە بېرىلسە بولىدۇ.

www.munber.org

ھەر بىر پەرز ياكى ۋاجىپ نامازنىڭ پىدىيىسىمۇ مۇشۇ مىقداردۇر. لېكىن نامازنى باش بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئوقۇيالىسا، ئىشارەت بىلەن ناماز ئادا قىلىش پەرزدۇر. ئىشارەتمۇ قىلالماي شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە ياكى ئالتە نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە (ھۇشىغا كەلمىسە ياكى ماغدۇرسىزلىنىپ كەتسە) ناماز پەرز ئەمەس. دېمەك، نامازنىڭ پىدىيىسىنى بېرىش مۇنداق: ئەگەر ناماز ئوقۇشقا تاقىتى يەتكەن ۋاقىتتىكى ناماز قازا بولۇپ كەتسە، شۇنىڭ قازاسىنى قىلىپ بولغۇچە ئۆلۈپ كەتسە، مۇشۇنداق نامازلارنىڭ پىدىيىسىنى بېرىدۇ.

س: بىر ئادەمنىڭ گەدىنىدە بىر ئاز قازا روزا بار ئىدى. ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئەمدى شۇ ئادەمنىڭ نامىدا بىرسى روزا تۇتۇپ قويسا دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: دۇرۇس بولمايدۇ، ۋارىسلىرى پىدىيە بەرسە دۇرۇس بولىدۇ.

www.munber.org

## كاپارەتنىڭ بايانى

س: روزىنى بۇزغاننىڭ كاپارىتى دېگەن نېمە؟

ج: كاپارەت دېگەن «بىر قۇل ئازاد قىلىش» دېگەن بولىدى. لېكىن بۇنىڭ قولىدا قۇل بولمىسا، ئىككى خىل ئىش بىلەن كاپارەت بېرىدۇ: بىرى، ئىككى ئاي ئارقىمۇئارقا ئۈزۈپ قويماي روزا تۇتىدۇ. يەنە بىرى، ئىككى ئاي روزا تۇتۇشقا تاقىتى يەتمىسە، ئاتمىش كەمبەغەلنىڭ ئىككى قېتىم قورسىقىنى

تويغۇزىدۇ؛ ھەر بىر كەمبەغەلگە ئىككى قېتىم قورسىقى تويغۇدەك يېمەكلىك ياكى پۇل بېرىدۇ.

س: ئاتمىش كەمبەغەلگە بېرىلىدىغان يېمەكلىكنى بىر كەمبەغەلگە بەرسە دۇرۇسمۇ؟

ج: بىر كەمبەغەلگە ھەر كۈنى بىر كۈنلۈك يېمەكلىكنى بەرسە ياكى ئۇنى ئاتمىش كۈنگىچە ئىككى قېتىم قورسىقىنى تويغۇزسا دۇرۇستۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا بىر كۈندە بىر كۈنلۈكتىن ئارتۇق يېمەكلىك ياكى شۇنىڭ قىممىتىنى بەرسە، بىر كۈنلۈككە ھېساب بولىدۇ (بىر كۈن تويغۇزغان بولىدۇ). بىر كۈندە ھەممىنى بېرىۋەتسە، كاپارەت ھېساب بولمايدۇ.

دېمەك، ئاتمىش كەمبەغەلنى بىر كۈندە ئىككى قېتىم تويغۇزىدۇ ياكى بىر كەمبەغەلنى ئاتمىش كۈنگىچە ھەر كۈنى ئىككى قېتىمدىن تويغۇزىدۇ.

س: بىر كەمبەغەلگە بىر كۈنلۈكتىن ئاز بىر نەرسە بەرسە دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: ئارتۇق بەرسە دۇرۇس بولىدۇ، كەم بەرسە دۇرۇس بولمايدۇ.

س: بىر رامزاننىڭ بىر قانچە كۈنلۈك روزىسىنى بۇزىۋەتسە ھۆكمى نېمە؟

ج: بىرلا كاپارەت ۋاجىب بولىدۇ.

# ئېتىكاپنىڭ بايانى

س: ئېتىكاپ دېگەن نېمە؟

www.munber.org

ج: جامائەت بىلەن بەش ۋاق ناماز ئوقۇلىدىغان مەسجىددە ئېتىكاپنى ئىبادەت دەپ بىلىپ، شۇ نىيەت بىلەن تۇرۇش ئېتىكاپ دەپ ئاتىلىدۇ.

س: نېمە ئۈچۈن مەسجىددە تۇرغانلىقلا ئىبادەت بولۇپ قالدى؟

ج: ئىنسان قاچان ئۆزىنىڭ ئويۇن ـ تاماشا، مېغىش ـ تۇرۇش، ئىش ـ كۈچلىرىنى تاشلاپ مەسجىددە تۇرسا ۋە بۇ تۇرۇش بىلەن اللّٰهنىڭ زارىلىقىنى ئىزدەش مەقسەت بولسا، ئۇنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر.

س: ئايال كىشى نەدە ئېتىكاپ قىلىدۇ؟

ج: مەلۇم بىر ئۆينى ئېتىكاپ قىلىش نىيىتى بىلەن راسلاپ، شۇ ئۆيدە ئېتىكاپ قىلىدۇ. نامازنىمۇ شۇ ئۆيدە ئوقۇيدۇ، تەرەت قىلىشتىن باشقا ۋاقىتلاردا سىرتقا چىقمايدۇ. ھەتتا شۇ ئۆينىڭ ھويلىسىغىمۇ چىقمايدۇ.

س: ئېتىكاپنىڭ بىر قىسىم پايدىسىنى بايان قىلىڭ؟

ج: ئېتىكاپتا تۆۋەندىكىدەك پايدىلار بار:

1) ـ ئېتىكاپ قىلغۇچى گويا ئۆزىنىڭ بەدىنى ۋە بارلىق ۋاقتىنى اللّٰهنىڭ ئىبادىتى ئۈچۈن ئاتايدۇ.

2) ـ دۇنيانىڭ پىتنە ـ پاسات ۋە ھەر تۈرلۈك گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

3) ـ ئېتىكاپ ھالىتىدە ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت نامازنىڭ ساۋابى بېرىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئېتىكاپتىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئېتىكاپ قىلغۇچى ھەر ۋاقىت نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدۇ ۋە شۇنىڭ ئىشتىياقىدا ئولتۇرىدۇ.

www.munber.org

4) ـ ئىتىكاپ ھالىتىدە ئىتىكاپ قىلغۇچى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ھەر ۋاقىت ئىبادەت ۋە تەسبىھ ئېيتىش. اللهنى ئۇلۇغلاش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرىدۇ.

5) ـ مەسجىد اللهنىڭ ئۆيىدۇر. شۇڭا ئىتىكاپتا ئىتىكاپ قىلغۇچى اللهنىڭ قوشنىسى، بەلكى اللهنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىدۇ.

س: ئىتىكاپ نەچچە خىل؟

ج: ئۈچ خىل:

1) ـ ۋاجىپ.

2) ـ سۈننەتى مۇئەككەدە.

3) ـ مۇستەھەب.

س: ۋاجىپ ئىتىكاپ قايسى؟

ج: نەزر ئىتىكاپى ۋاجىپتۇر. مەسىلەن: بىرسى مۇنداق نەزر قىلدى: «مەن الله رىزاسى ئۈچۈن ئۈچ كۈن ئىتىكاپ قىلىمەن» ياكى مۇنداق: «ئەگەر مېنىڭ پالانى ئىشىم ھەل بولسا، الله رىزاسى ئۈچۈن ئىككى كۈن ئىتىكاپ قىلىمەن».

س: سۈننەتى مۇئەككەدە بولغان ئىتىكاپ قايسى؟

ج: رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئون كۈن ئىتىكاپ قىلىش سۈننەتى مۇئەككەدەدۇر. بۇنىڭ ئىپتىداسى يىگىرمىنچى كۈنى كەچتە، يەنى كۈن ئولتۇرغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ. ھېيت ئېيىنى كۆرگەن ھامان تۈگەيدۇ. ئاي يىگىرمە توققۇزدا كۆرۈنسۇن ياكى ئوتتۇزدا كۆرۈنسۇن ئىككىلىسىدە سۈننەت ئادا بولىدۇ. بۇ ئىتىكاپ سۈننەتى مۇئەككەدە كىفايىدۇر، يەنى

www.munber.org

بەزىلەرنىڭ ئورۇندىشى بىلەن قالغانلارنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ.

س: مۇستەھەب بولغان ئېتىكاپ قايسى؟

ج: ۋاجىپ ۋە سۈننەتى مۇئەككەدەدىن باشقا ئېتىكاپنىڭ ھەممىسى مۇستەھەبتۇر. يىلنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە ئېتىكاپ دۇرۇس.

س: ئېتىكاپ دۇرۇس بولۇشنىڭ شەرتلىرى نېمە؟

ج: 1) - مۇسۇلمان بولۇش.

2) - چوڭ تاھارەتسىزلىك (جىنابەت)تىن پاك بولۇش.

3) - ھەيز ۋە نىپاستىن پاك بولۇش.

4) - ئەقلى ساق بولۇش.

5) - نىيەت قىلىش.

6) ـ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇلىدىغان مەسجىددە ئېتىكاپ قىلىش. بۇ ئىشلار ھەر خىلدىكى ئېتىكاپ ئۈچۈن شەرتتۇر. ۋاجىپ ئېتىكاپ ئۈچۈن روزا تۇتۇش شەرتتۇر.

## ئېتىكاپتا مۇستەھەب بولغان ئىشلارنىڭ بايانى

س: ئېتىكاپتىكى مۇستەھەب ئىشلار قايسى؟

ج: 1) - ياخشى ئىش قىلىش.

2) - قۇرئان تىلاۋەت قىلىش.

3) - دۇرۇد ئوقۇپ ئولتۇرۇش.

www.munber.org

4) - دىنى ئىلىملارنى ئوقۇش.

5) - ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش.

6) - جوڭ جامەدە ئېتىكاپ قىلىش.

## ئېتىكاپ ۋاقتىنىڭ بايانى

س: ئېتىكاپ ۋاقتى ئەڭ قىسقا بولغاندا قانچىلىك بولسا بولىدۇ؟

ج: روزا تۇتۇش شەرت بولغان ۋاجىپ ئېتىكاپ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەڭ قىسقا ۋاقتى بىر كۈندۇر. دېمەك، بىر كۈندىن تۆۋەن. مەسىلەن: ئۈچ ـ تۆت سائەت ياكى بىر كېچە ئېتىكاپقا نەزر قىلىش دۇرۇس ئەمەس. سۈننەتى مۇئەككەدە بولغان ئېتىكاپنىڭ ۋاقتى رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندۇر. نەفلە ئېتىكاپ ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىت يوق، يەنى نەفلە ئېتىكاپ ئون ـ ئون بەش مىنۇت بولسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر مەسجىدكە كىرىدىغاندا ئېتىكاپنىڭ نىيىتىنى قىلىپ كىرسە، كۆڭلى كۆيلىگەن ئېتىكاپنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ.

## ئېتىكاپتا دۇرۇس بولىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

س: ئېتىكاپ قىلغۇچى قانداق ئۆزرىلەر بىلەن مەسجىددىن چىقسا بولىدۇ؟

ج: 1) - چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش ئۈچۈن چىقىش.

2) - پەرز غۇسۇل ئۈچۈن چىقىش.

www.munber.org

3) ـ جۈمە نامىزى ئۈچۈن كۈن قايرىلغان ۋاقىتتا ياكى جامەگە بېرىپ خۇتبىنىڭ ئالدىدىكى تۆت رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇۋالغۇدەك ۋاقىتنى مۆلچەرلەپ چىقىش.

4) ــ ئەزان ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدنىڭ سىرتىدىكى ئەزانخانىغا چىقىش.

س: تەرەت قىلىش ئۈچۈن قانچە يىراق يەرگە بېرىش دۇرۇس؟

ج: ھاجەتخانا نەدە بولسا، شۇ يەرگىچە بېرىش دۇرۇس. ناۋادا ھاجەتخانا ئىككى يەردە بولسا، يېقىنىدىكىسىگە بېرىش زۆرۈردۇر.

س: ئېتىكاپ قىلغۇچى جىنازا نامىزى ئۈچۈن مەسجىدتىن چىقىشى دۇرۇسمۇ؟

ج: ئېتىكاپقا كىرىدىغاندا، جىنازا نامىزى بولۇپ قالسا جىنازا نامىزىغا بارىمەن، دەپ نىيەت قىلىپ كىرگەن بولسا، جىنازا نامىزىغا بېرىش دۇرۇستۇر. ئۇنداق نىيەت قىلمىغان بولسا دۇرۇس بولمايدۇ.

س: ئېتىكاپتا قانداق ئىشلار دۇرۇس؟

ج: يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئېھتىياجى بار نەرسە بولسا، ئۇنى مەسجىدكە ئەكىرمەي تۇرۇپ سودىلاشماق، سېتىۋالماق. نىكاھ ئوقۇپ قويۇش دۇرۇستۇر.

www.munber.org

# ئېتىكاپتا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار ۋە ئېتىكاپنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ بايانى

س: ئېتىكاپتا نىمىلەر مەكرۇھ؟

ج: 1) ـ شۈك تۇرۇشنى ئىختىيار قىلىپ شۈنى ئىبادەت دەپ بىلىش.

2) ـ مالنى مەسجىدكە ئەكىرىپ ئېلىم ـ سېتىم قىلىش.

3) ـ ئۇرۇش ـ ماجرا تۇغدۇرۇش؛ بىھۇدە ئىش قىلىش؛ پاراڭ سېلىش.

س: قانداق ئامىللار بىلەن ئېتىكاپ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ؟

ج: 1) ـ ئۆزرىسىز، قەستەن ياكى سەھۋەن مەسجىدنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىش.

2) ـ ئېتىكاپتا تۇرۇپ جىما قىلىش.

3) ـ بەزى ئۆزرە بىلەن سىرتقا چىقىپ هاجىتىدىن ئوشۇق لاغايلاپ تۇرۇش.

4) ـ كېسەل بولۇپ قېلىش ياكى قورققانلىق سەۋەبىدىن مەسجىددىن چىقىش. بۇ ئىشلار بىلەن ئېتىكاپ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

س: ئېتىكاپ بۇزۇلۇپ كەتسە، ئۇنىڭ قازاسى ۋاجىپمۇ؟

ج: ۋاجىپ ئېتىكاپنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپتۇر. سۈننەت ۋە نەفلە ئېتىكاپنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپ ئەمەس.

www.munber.org

# نەزر (تەنتەنىلىك ۋەدە) نىڭ بايانى

س. نەزر قىلىش دۇرۇسمۇ؟

ج. نەزر قىلىش دۇرۇستۇر. قىلغان نەزرگە تولۇق ۋاپا قىلىش ۋاجىپتۇر.

س. ھەر قانداق نەزرگە ۋاپا قىلىش ۋاجىپمۇ؟

ج. ئۇ شەرىئەتكە خىلاپ بولمىسا ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى تېپىلسا، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش (ئەمەلىيلەشتۈرۈش) ۋاجىپتۇر. شەرىئەتكە خىلاپ ئىش بولۇپ قالسا، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش دۇرۇس ئەمەستۇر.

س. نەزر توغرا بولۇشىنىڭ شەرتى نېمە؟

ج. قىلغان نەزر ئىبادەت بولۇش. مەسىلەن: «مېنىڭ پالانى ئىشىم ھەل بولسا، اللّٰہ رىزاسى ئۈچۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيمەن»؛ «ئىككى كۈن روزا تۇتىمەن»؛ «مۇنچىلىك غېرىب-غۇرۋاغا تائام بېرىمەن»؛ «مىڭ تەڭگە سەدىقە قىلىمەن»... دېگەندەك.

يەنە بىرى قۇدرىتى يېتىدىغان نەرسىگە نەزر قىلىش كېرەك. قۇدرىتى يەتمەيدىغان نەرسىگە نەزر قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. مەسىلەن: بىرسى «مېنىڭ پالانى ئىشىم ھەل بولسا، پالانى ئاخۇنىنىڭ دۇكىنىدىكى مالنى سەدىقە قىلىمەن». بۇنداق نەزر قىلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى باشقىلارنىڭ قولىدىكى مالنى سەدىقە قىلىمەن، دېيىش ئۇنىڭ قۇدرىتىدىن تاشقىرى ئىشتۇر. بۇنىڭدىن باشقىمۇ شەرتلىرى بار.

www.munber.org

س: بەزى پىر ياكى ئەۋلىيا نامىنى ئاتاپ نەزر قىلسا بولامدۇ؟

ج: اللهدىن باشقا بىراۋنىڭ نامىنى ئاتاپ نەزر قىلىش هارامدۇر. چۈنكى نەزرمۇ بىر خىل ئىبادەت بولۇشى كېرەك. ئىبادەتكە اللهدىن باشقا هېچكىم لايىق بولالمايدۇ.

## ئىسلام پەرزلىرىدىن «زاكات»نىڭ بايانى

س: زاكات دېگەن نېمە؟

ج: مال ـ ئىقتىسادنىڭ خاس بىر قىسمىنى اللهنىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ كەمبەغەللەرگە مۇلۇك قىلىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ بېرىلىدىغان نەرسە زاكات دېيىلىدۇ.

مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ: ناماز، روزا بەدەنگە ئائىت ئىبادەتتۇر. زاكات بولسا مال ـ ئىقتىسادقا ئائىت ئىبادەتتۇر.

س: زاكات بېرىش پەرزمۇ، ۋاجىبمۇ؟

ج: زاكات بېرىش پەرزدۇر، «قۇرئان كەرىم» ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ هەدىسىدىن زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. كىمكى زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلسا، ئۇ شەكسىز كاپىردۇر.

س: زاكات پەرز بولۇشنىڭ شەرتى نەچچە؟

ج: 1) ـ مۇسۇلمان بولۇش.

2) ـ ئازاد بولۇش.

3) ـ ئاقىل (ئەقلى بار) بولۇش.

www.munber.org

4) ـ بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.

5) ـ زاكات بەرگىدەك نىسابقا ئىگە بولۇش.

6) ـ نىساب ئۆزىنىڭ ئەسلى ھاجىتىدىن ئېشىپ قەرزىمۇ بولمىغان بولۇش.

7) ـ نىسابقا ئىگە بولغاندىن كېيىن شۇ نىسابقا بىر يىل توشقان بولۇش، قاتارلىقلار زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدۇر. دېمەك: كاپىر، قۇل، مەجنۇن ۋە بالاغەتكە يەتمىگەنلەرنىڭ مېلىدا زاكات پەرز ئەمەس. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ يېنىدا نىسابتىن ئاز مال ـ مۈلكى بولسا؛ مال ـ مۈلكى نىسابقا يەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەرزى بولسا؛ مال بىر يىل توشقىچە قالمىسا، بۇنداق ئەھۋالدىمۇ زاكات پەرز ئەمەس.

www.munber.org

## زاكات مېلى ۋە نىسابىنىڭ بايانى

س: قانداق مالدا زاكات پەرز؟

ج: ئالتۇن، كۈمۈش، خەلق پۇلى ۋە ھەر خىلدىكى تىجارەت مېلى، يەنى سېتىش ۋە پۇل تېپىش نىيىتىدە سېتىۋالغان ھەر خىل تۆردىكى مال.

س: ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئۇنىڭ پۇلى (تىللا، تەڭگە) مەقسەتمۇ ياكى ئۇنىڭ باشقا نەرسىلىرى مەقسەتمۇ؟

ج: ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە تەۋە ھەرقانداق نەرسە نىسابقا يەتسىلا زاكات پەرزدۇر.

س: جاۋاھىرات (قىممەت باھالىق ئېسىل تاشلار)غا زاكات پەرزمۇ ئەمەسمۇ؟

ج: جاۋاھىرات تىجارەت ئۈچۈن بولسا، زاكات پەرزدۇر. تىجارەت ئۈچۈن بولمىسا ھەرقانچە كۆپ جاۋاھىرات بولسىمۇ زاكات پەرز ئەمەس.

س: بىرسىنىڭ يېنىدا نىساب مىقدارى كەلگۈدەك خەلق پۇلى بولسا، ھۆكمى نېمە؟

ج: ئۇنىڭغا زاكات پەرزدۇر.

س: بىرسىنىڭ يېنىدا ئازراق ئالتۇن ۋە ئازراق كۈمۈش بولسا، بۇلارنى ئايرىم ھېسابلىغاندا نىسابقا يەتمىسە، ئۇنىڭغا زاكات پەرزمۇ، ئەمەسمۇ؟

ج: بۇ خىل ئەھۋالدا ئالتۇننىڭ قىممىتىنى كۈمۈشكە ياكى كۈمۈشنىڭ قىممىتىنى ئالتۇنغا قوشۇپ قاراش كېرەك. شۇنىڭدا نىساب تولۇقلانسا زاكات بەرگىن ۋە شۇنداقتىمۇ نىساب تولۇقلانمىسا زاكات بەرمىگىن، يەنى زاكات پەرز ئەمەس.

س: بىرسىنىڭ يېنىدا نىسابتىن ئاز ئالتۇن بولسا، نىسابنى تولدۇرغۇدەك باشقا ھېچ نەرسە بولمىسا، ئۇنىڭغا زاكات پەرزمۇ؟

ج: زاكات پەرز ئەمەس.

س: تىجارەت مېلى دېگەن نېمە؟

ج: تىجارەت نىيىتىدە ماڭدۇرۇۋاتقان ھەر خىل مال تىجارەت مېلىغا كىرىدۇ. مەسىلەن: پۇل، ئاشلىق، تاۋار قاتارلىقلار.

س: زاكات (سېتىش نىيىتىدە ئەمەس) پۇل تېپىش نىيىتىدە سېتىۋالغان زاۋۇت ـ كارخانا، ماشىنا ـ تراكتور، ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن سالغان دۇكان ۋە ھۇنەرۋەننىڭ

www.munber.org

سايمانلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئەسلى دەسمايىسىگە كىلەمدۇ ياكى ئۆنىڭ كىرىمىگە كىلەمدۇ؟

ج. مەزكۇر پۇل تېپىش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن ئۆنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن بۇ ۋاستىلەرنى سېتىۋالغان بولسا، زاكات ئۆنىڭ دىرى ۋە دەسمايىسىگە كەلمەي، بەلكى ئۆنىڭ نىسابقا يەتكەن كىرىم ۋە تاپاۋىتىگە كىلىدۇ.

س. رەخت تىجارىتى، ئاشلىق تىجارىتى، باقمىچىلىق تىجارىتى، ئالتۇنچىلىق تىجارىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان تاۋار مال تىجارەتلىرى پۇل تېپىش ۋاستىلىرىگە كىرەمدۇ ياكى ئۇ ھەربىرى پۇلنىڭ ئۆزىمۇ؟

ج. ئۇ ھەربىرى زاكات كىلىدىغان پۇلنىڭ ئۆز ئەينىدۇر (پۇل تېپىش ۋاستىلىرى ئەمەس).

س. بىرسى ئۆزىنىڭ ئەسلى ھاجىتى ئۈچۈن بىر نىساب ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پۇل يىغدى. بۇنىڭغا بىر يىلمۇ ساق توشتى. لېكىن ئۆنىڭ ئولتۇرىدىغان ئۆيىمۇ، ئائىلە سايمانلىرىمۇ يوق ھەم ئۇ تېخى تويمۇ قىلمىغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ زۆرۈرىيەتلىرى ئۈچۈن يىغقان مۇشۇ پۇلغا زاكات كىلەمدۇ؟

ج. بۇ پۇلغا ئەلۋەتتە زاكات كىلىدۇ. ئەمما بۇ پۇلغا بىر يىل توشۇشتىن ئىلگىرى مەزكۇر ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، نىسابقا توشمىغۇدەك ئاز قويغان بولسا ياكى ھەممىنى ھاجەتلىرى ئۈچۈن تۈگىتىپ بولغان بولسا، زاكات پەرز بولمايدۇ.

س. ئەسلى ھاجىتى دىگەن نىمە؟

www.munber.org

ج: تۇرمۇشتا زۆرۈر بولىدىغان نەرسىلەر ئەسلى ھاجەتكە كىرىدۇ، زۆرۈر بولمايدىغانلىرى ئەسلى ھاجەتكە كىرمەيدۇ. زۆرۈر بولىدىغىنى مەسىلەن: ئولتۇرىدىغان ئۆي، ئائىلە سايمانلىرى، ئۆچ قۇردىن كىيىم، قاتناش قورالى، ئۆزىنى قوغدايدىغان قورال ـ ياراغ. ئۆي خىزمەتچىسى. كۈندىلىك يېمەك ـ ئىچمەك، پۇل ـ پۈچەك. دېھقان ئۈچۈن دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان قوش ـ كالا، تراكتور. كەنت باشلىقى ئۈچۈن ئات، ماشىنا، تېلېفون. ئابرۇيى بار كىشىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ ئابرۇيىغا دەخلى قىلمىغۇدەك ھاجەت بويۇملىرى قاتارلىقلار.

ئەمما، شەرىئەت ئىنساننىڭ ئەسلى ھاجىتىگە كىرگۈزمەيدىغان نەرسىلەر مەسىلەن: ئۆيلەرگە پەخىر ئۈچۈن قويۇلۇپ، گۇناھ تۇسىنى ئۆزىگە ئالغان ياكى گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان ھەرخىل بۇيۇملار.

مۇنداق زۆرۈرەتسىز نەرسىلەرنىڭ قىممىتى نىسابقا قوشۇلۇپ ئۇنىڭغا زاكات بېرىلىدۇ.

س: نىساب دېگەن نېمە؟

ج: شەرىئەت خاس بىر مىقدارنى ئېنىق قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن بولۇپ، شۇ مىقدار بىر ئادەمنىڭ يېنىدا تولۇق بولسا، زاكات پەرز بولىدۇ. مانا بۇ نىساب دېيىلىدۇ.

س: كۈمۈشنىڭ نىسابى قانچە؟

ج: كۈمۈشنىڭ نىسابى بەش يۈز توقسان بەش گرام.

س: بەش يۈز توقسان بەش گرامغا قانچىلىك زاكات كېلىدۇ؟

ج: زاكاتقا نىسابنىڭ قىرىقتىن بىرىنى ( $\frac{1}{40}$ ) بېرىش پەرز بولىدۇ. مەسىلەن: مىڭ يۈەننىڭ زاكىتى يىگىرمە بەش يۈەن

www.munber.org

بولىدۇ. دېمەك، بەش يۈز توقسان بەش گرام كۈمۈشكە ئون بەش گرام كۈمۈش زاكات كېلىدۇ.

س: ئالتۇننىڭ نىسابى قانچە؟

ج: سەكسەن بەش گرامدۇر. بۇنىڭغا ئىككى گرامدىن كۆپرەك ئالتۇن زاكات كېلىدۇ.

س: تىجارەتكە ئائىت مالنىڭ نىسابى قانچىلىك؟

ج: بۇ مالنىڭ زاكىتىنى ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ قىممىتىگە سۇندۇرۇپ بىر نىساب تۇرغۇزۇپ، ئاندىن زاكات بېرىدۇ.

## زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ بايانى

س: زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ توغرا تەرىقىسى قايسى؟

ج: بېرىشكە تېگىشلىك ۋاجىپ بولغان زاكاتنى شۇنىڭغا لايىق كىشىگە الله رىزالىقى ئۈچۈن بېرىش ۋە ئۇنىڭغا مۇلۈك قىلىپ تۇتقۇزۇش كېرەك. بەزى خىزمەت ياكى بەزى ئىشنىڭ ئىش ھەققىگە زاكات بېرىش دۇرۇس ئەمەس. لېكىن زاكات يىغىشقا تەيىنلەنگەن ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنى زاكات مېلىدىن بېرىش دۇرۇستۇر. يەنە بىرسى زاكات مېلىدىن كەمبەغەللەرگە ئاتاپ بىر نەرسە سېتىۋېلىپ ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشمۇ دۇرۇستۇر.

س: زاكاتنى قاچان ئادا قىلىش لازىم؟

ج: نىساب قەدەرىيە ھېسابى بويىچە بىر يىل توشسىلا دەرھال زاكات ئادا قىلىش لازىم، كېچىكتۈرۈش ياخشى ئەمەس.

www.munber.org

س: يىل توشۇپ بولغۇچە زاكات بەرسە دۇرۇسمۇ؟

ج: نىسابقا ئىگە بولغان كىشى يىل توشۇپ بولغۇچە زاكات ئادا قىلىسا دۇرۇستۇر.

س: زاكات بېرىدىغاندا نىيەت قىلىش زۆرۈرمۇ؟

ج: زاكات بېرىدىغاندا ياكى زاكات مىلىنى ئايرىيدىغاندا زاكاتقا نىيەت قىلىش زۆرۈردۇر. نىيەت مۇنداق: «بۇ مالنى زاكاتقا بېرىمەن» ياكى «زاكاتقا ئايرىپ قويىمەن». ئەگەر زاكاتنى خىيالىغا كەلتۈرمەستىن بىرسىگە پۇل بەرسە ۋە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى زاكات ھېسابلىسا، زاكات ئادا بولمايدۇ.

س: كەمبەغەلگە زاكات بېرىدىغاندا بۇ زاكات دەپ ئۇقتۇرۇش زۆرۈرمۇ؟

ج: زۆرۈر ئەمەس. ئېھسان ئىسمى ياكى بەزى كەمبەغەلنىڭ باللىرىغا ھېيتلىق دېگەن ئاتالغۇ بىلەن بەرسىمۇ زاكات ئادا بولىۋېرىدۇ.

س: يىل توشۇپ بولغاندىن كېيىن، زاكاتنى بېرىپ بولغۇچە پۈتۈن مال ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىسا (ھالاك بولۇپ كەتسە)، ھۆكمى نېمە؟

ج: نىساب ئىگىسىنىڭ گەدىنىدىن زاكات ساقىت بولىدۇ.

س: يىل توشقاندىن كېيىن پۈتۈن مال ـ مۈلۈكنى اللە يولىدا بېرىۋەتسە، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: بۇنىڭ زاكىتىمۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ.

س: يىل توشقاندىن كېيىن ئازراقچە مېلى ھالاك بولۇپ كەتسە ياكى ئازراقچە مېلىنى سەدىقە قىلىۋەتسە، ھۆكمى نېمە؟

www.munber.org

ج: ھالاك بولغان ياكى سەدىقە قىلغان مىلىدىن زاكات ساقىت بولىدۇ. قولدا قالغان قىسمىنىڭ زاكىتى پىرسەنت بويىچە بېرىلىدۇ.

س: ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ زاكىتى ئۆزىدىن بېرىلەمدۇ ياكى باشقا نەرسىنى بەرسىمۇ بولامدۇ؟

ج: ئالتۇن كۈمۈشتىن بولغان زاكاتقا باشقا بىر نەرسە سېتىۋېلىپ بەرسىمۇ بولىدۇ ياكى ئۆزىدىن بەرسىمۇ بولىدۇ.

## زاكات بېرىشكە تېگىشلىك ئورۇنلارنىڭ بايانى

س: زاكات بېرىشكە تېگىشلىك ئورۇنلار دېگەن نېمە؟

ج: زاكات بېرىشكە ئىجازەت بېرىلگەن ئورۇنلار زاكات بېرىشكە تېگىشلىك ئورۇنلار دېيىلىدۇ.

س: زاكات بېرىشكە تېگىشلىك ئورۇنلار قايسى؟

ج: مۇشۇ دەۋردە زاكات بېرىشكە تېگىشلىك ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە:

1) ـ پېقىر، يەنى ئۇنىڭ يېنىدا ئازراقلا مال ـ مۈلكى بار، لېكىن نىسابقا يەتمەيدۇ.

2) ـ مىسكىن، يەنى ئۇنىڭ يېنىدا ھېچ نەرسىسى يوق.

3) ـ قەرزدار، يەنى ئۇنىڭ گەدىنىدە كىشىلەرگە بېرىدىغان قەرزى بار، ئۇنىڭ قولىدىكى مال ـ مۈلۈك قەرزگە چىقىشمايدۇ.

www.munber.org

4) ـ مۇساپىر، يەنى سەپەر ئۈستىدە (گەرچە يۇرتىدا پۇلدار بولسىمۇ) ـ قىيىنچىلىققا دۈچ كەلسە، ئۇنىڭغا هاجىتىگە چۇشلۇق زاكات بېرىش دۇرۇستۇر.

5) ـ ئاتىدىن تۇل قالغان ئۆگەي ئانا كەمبەغەل بولسا ئۇنىڭغىمۇ زاكات بېرىش دۇرۇس.

س: مەدرىسلەرگە زاكات بېرىش دۇرۇسمۇ؟

ج: تالىب ئىلىملارغا زاكات بېرىش دۇرۇستۇر. تالىب ئىلىملارغا چىقىم قىلىش ئۈچۈن مەدرىسلەرنىڭ مەسئۇللىرىغا زاكات بەرسىمۇ دۇرۇستۇر.

س: قانداق كىشىلەرگە زاكات بېرىش دۇرۇس ئەمەس؟

ج: 1) ـ باي، يەنى زاكات بېرىش پەرز بولۇپ قالغان كىشى ياكى قولىدا نىسابنىڭ قىممىتىگە باراۋەر كەلگۈدەك مال ـ مۈلكى بار بولۇپ، بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئېهتىياجىدىن ئېشىپ تۇرىدۇ. مۇنداق كىشىلەرنىڭ زاكات ئېلىشى هالال بولمايدۇ.

2) ـ سەيىد، يەنى بەنى هاشىم جەمەتىدىكىلەر. بەنى هاشىمدىن هەزرىتى هارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب، هەزرىتى جەئپەر، هەزرىتى ئۇقەيل، هەزرىتى ئابباس ۋە هەزرىتى ئەلى قاتارلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

3) ـ ئۆز ئاتا ـ ئانا، چوڭ دادا، چوڭ ئانا (ئاتا تەرەپ ۋە ئانا تەرەپنىڭ) مەيلى ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكىلەر بولسۇن.

4) ـ ئۆزىنىڭ ئوغۇل ـ قىزى. ئوغلىنىڭ ئوغۇل ـ قىزى. قىزىنىڭ ئوغۇل ـ قىزى. مەيلى ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكىلەر بولسۇن.

5) ـ ئەر ئايالىغا، ئايالى ئېرىگە زاكات بەرمەيدۇ.

www.munber.org

6) ـ كاپىر.

7) ـ باينىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن پەرزەنتلىرى. مۇشۇلارغا زاكات بېرىش دۇرۇس بولمايدۇ.

س: قانداق ئىشلارغا زاكات چىقىم قىلىش دۇرۇس ئەمەس؟

ج: زاكاتنى مۇلۇك قىلالمايدىغان (مۇلۇك قىلىشقا لاياقىتى يوق) ئورۇنغا زاكات چىقىم قىلىش دۇرۇس ئەمەس (زاكاتنى ئۇنداق ئورۇنلارغا بېرىشكە بولمايدۇ. بەرگەن بولسا زاكات ئادا بولمايدۇ). مېيىتنىڭ گۆرى ۋە كېپىنىگە چىقىم قىلغىلى بېرىش؛ مېيىتنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىش؛ مەسجىد ياساش؛ يەر ـ زېمىن، سۇ، ياكى كۆۋرۈك قاتارلىقلارغا چىقىم قىلىش (شۇنىڭغا بېرىش) دۇرۇس ئەمەس.

س: بىرسىنىڭ ئولتۇرىدىغان ئۆي ـ ماكانى بولسا ياكى شۇ ئۆيىنى ئىجارىگە قويۇپ تۇرمۇشىنى قامدىسا، بۇنىڭدىن باشقا ھېچنەمىسى بولمىسا، بۇنداق كىشىگە زاكات بېرىش دۇرۇسمۇ؟

ج: دۇرۇستۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆي ـ ماكانى ئۆزىنىڭ ئەسلى ھاجىتىگە كىرىدۇ. ئەمدى بىر ئادەمنىڭ ئەسلى ھاجىتىدىن ئارتۇق مال ـ مۈلكى بولۇپ، بۇ مال ـ مۈلۈك نىساب مىقدارىغا يەتسە، بۇ ئادەمنىڭ زاكات ئېلىشى دۇرۇس ئەمەس.

س: بىرسىگە زاكات بېرىشكە لايىق دەپ زاكات بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سەييىد، باي، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياكى بالىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا (زاكاتنى مەخپىي بېرىش مەقسىتى بىلەن كېچىدە بەرگەندە بۇ ئەھۋاللار يۈز بېرىشى مۇمكىن)، زاكات ئادا بولامدۇ؟

www.munber.org

ج: ئادا بولىدۇ، قايتا بېرىش ۋاجىپ ئەمەس.

س: زاكاتنى قانداق كىشىلەرگە بېرىش ئەۋزەل؟

ج: ئۆزىنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى. مەسىلەن: قېرىنداش (ئاكا ـ ئۇكا، ھەمشىرە)، قېرىنداشلارنىڭ پەرزەنتلىرى، تاغا، ھامما (ئاتا ۋە ئانا تەرەپنىڭ ئاكا ـ ئۇكا، ھەمشىرە)، قېيىن ئانا، قېيىن ئاتا (ھەر ئىككى تەرەپنىڭ)، كۈيئوغۇل قاتارلىقلارغا بېرىش ئەۋزەلدۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە زاكات بېرىش لايىق بولغان ھاجەتمەنلەرگە بېرىشتە ئىنتايىن چوڭ ساۋاب بار. بۇلاردىن قالسا ئۆزىنىڭ قوشنىلىرى ياكى ئۆز ئەھلى مەھەللىسىنىڭ ئەڭ ھاجەتمەن بولغانلارغا بېرىش ئەۋزەلدۇر.

يەنە دىنغا پايدىلىق بولغان ئورۇنلارغا بېرىشتە ساۋابى تېخىمۇ ئارتۇق. مەسىلەن: تالىب ئىلىملەر ۋە قولى قىسقا، سوراشتىن ئۇيىلىدىغان دىنىي خادىملارغا بېرىش ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر. بولۇپمۇ دىننى غېرىبلىق باسقان مۇشۇ زاماندا دىننىڭ راۋاجى ئۈچۈن دۇنيانىڭ مۇھەببىتىنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى دىنىي مائارىپ ۋە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان ئۆلىمالار، ئىز باسارلارنى مۇتەۋەللى قىلىش ئارقىلىق دىنىي شۇلارنىڭ قولىدا جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە، ئۆشرە ـ زاكات، سەدىقە پىتىر ۋە باشقا ئىئانە ـ ئېھسانلارنى شۇلارغىلا تۇتقۇزۇش قەتئىي زۆرۈر.

## سەدىقە پىترنىڭ بايانى

س: سەدىقە پىتىر دېگەن نېمە؟

www.munber.org

ج: پىتىر دېگەننىڭ مەنىسى «ئېغىز ئېچىش»، «ئىپتار قىلىش» دېگەن بولىدۇ. ﷲ بەندىلىرىگە مۇبارەك رامىزان تۈگىگەندە «ئېغىز ئېچىش» دېگەن خۇشاللىقنى ۋە شۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىر مۇھىم سەدىقە تەيىن قىلىپ بەردى، شۇ سەدىقە پىتىر دېيىلىدۇ. «ئېغىز ئېچىش» دېگەن خۇشاللىق كۈنى ئىيدۇل فىترِ (ئېغىز ئېچىش بايرىمى) دېيىلىدۇ.

س: سەدىقە پىتىر كىمگە ۋاجىپ بولىدۇ؟

ج: نىسابقا يەتكۈدەك مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولغان ھەر قانداق مۇسۇلمانغا ۋاجىپ بولىدۇ.

س: سەدىقە پىتىر ۋاجىپ بولۇش ئۈچۈن زاكاتنىڭ نىسابى بولۇش شەرتمۇ ياكى ئازراق پەرقى بارمۇ؟

ج: زاكات نىسابى بىلەن سەدىقە پىتىر نىسابىنىڭ مىقدارى بىردۇر. مەسىلەن: بەش يۈز توقسان بەش گرام كۈمۈش ياكى سەكسەن بەش گرام ئالتۇن قاتارلىقلارنىڭ قىممىتى.

لېكىن زاكات نىسابى ۋە سەدىقە پىتىر نىسابىدا پەرق بار. زاكات پەرز بولۇش ئۈچۈن ئالتۇن كۈمۈش ياكى تىجارەت مېلى بولۇش زۆرۈردۇر. سەدىقە پىتىر ۋاجىپ بولۇش ئۈچۈن بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ نىسابىغا يەتكۈدەك ھەر خىلدىكى مال ھېسابقا ئېلىنىدۇ. دېمەك، ھەر خىلدىكى مال ـ مۈلۈكنى جەملىسە. مەسىلەن: ئازراق پۇلى بار، ئازراق مال ـ چارۋىسى بار، يەنە ئازراق باشقا مال ـ مۈلۈكلىرى بار. ھەممىنى جەملىگەندە بىر نىسابقا يېتىپ قالسا، بۇ ماللارغا زاكات كەلمىسىمۇ لېكىن شۇنچىلىك مال ـ

www.munber.org

مۈلكى بار ئادەمگە سەدىقە پىتىر ۋاجىپ بولىدۇ. سەدىقە پىتىر نىسابىغا يىلنىڭ ئۆرۈلۈشىمۇ شەرت ئەمەس.

يەنە بىرى ئۆزىنىڭ ئەسلى ھاجىتىدىن ئېشىپ تۇرۇشى ۋە قەرزى يوق بولۇش بۇ ئىككى نىسابتا (زاكات نىسابىدا ۋە سەدىقە پىتىر نىسابىدا) شەرتتۇر.

س: سەدىقە پىترنى بېرىش كىملەرگە ۋاجىپ؟

ج: نىسابقا ئىگە بولغان ھەر قانداق كىشىنىڭ گەدىنىگە ئۆز ئۈستىدىن ۋە ئۇنىڭ نارەسىدە بالىلىرىنىڭ ئۈستىدىن سەدىقە پىتىر بېرىش ۋاجىپتۇر، ئەگەر نارەسىدىلەرنىڭ ئۆزىگە تەۋە مال ـ مۈلكى بولسا شۇلارنىڭ مېلىدىن ئادا قىلىنىدۇ.

س: روزا تۇتمىغانلارغا سەدىقە پىتىر بېرىش ۋاجىپ ئەمەس دېيىش توغرىمۇ؟

ج: خاتا، ئۇ روزا تۇتسۇن ياكى تۇتمىسۇن نىسابقا ئىگە بولىدىكەن، سەدىقە پىتىر بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.

س: سەدىقە پىترنىڭ ۋاجىپ بولۇش ۋاقتى قاچان؟

ج: ھېيت كۈنى سۈبھى سادىق ۋاقتىدا ۋاجىپ بولىدۇ. دېمەك، بىر ئادەم سۈبھى سادىقتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ تەرىپىدىن سەدىقە پىتىر بېرىلمەيدۇ. سۈبھى سادىقتىن ئىلگىرى بىر بالا تۇغۇلغان بولسا، ئۇنىڭ تەرىپىدىن سەدىقە پىتىر ئادا قىلىنىدۇ.

س: سەدىقە پىترنى ھېيت كۈنىدىن ئىلگىرى، رامزاننىڭ ئىچىدە بەرسە دۇرۇسمۇ؟

ج: دۇرۇس.

س: سەدىقە پىترنى قايسى ۋاقىتتا ئادا قىلىش ياخشى؟

www.munber.org

ج: ھېيىت كۈنى ھېيىت نامىزىغا مېڭىشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىش ياخشى. نامازدىن كېيىن ئادا قىلىسىمۇ دۇرۇستۇر. سەدىقە پىتىرنى بەرمەي ئۆزۈنغا سوزۇۋەتسىمۇ تا ئادا قىلمىغۇچە گەدىنىدىن ساقىت بولمايدۇ.

س: سەدىقە پىتىردا نېمە ـ نېمىلەرنى بېرىش ۋە قانچىلىك بېرىش ۋاجىپ؟

ج: سەدىقە پىتىردا ھەر خىلدىكى ئاشلىق ۋە ئۇنىڭ قىممىتى بېرىلىدۇ (ئىككى قېتىم قورسىقى تويغۇدەك ئاشلىق ياكى شۇنىڭ قىممىتى بېرىلىدۇ).

س: بىر ئادەمنىڭ سەدىقە پىتىرنى بىرلا كەمبەغەلگە بېرىشى ياكى ئاز ـ ئازدىن بىر قانچە كەمبەغەلگە بېرىشى دۇرۇسمۇ؟

ج: بىر قانچە كەمبەغەلگە بېرىشمۇ دۇرۇستۇر. شۇنىڭدەك بىر قانچە ئادەمنىڭ سەدىقە پىتىرنى بىر كەمبەغەلگە بېرىشمۇ دۇرۇستۇر.

س: سەدىقە پىتىرنى قانداق كىشىلەرگە بېرىش لازىم؟

ج: زاكات بېرىش دۇرۇس بولغان كىشىلەرگە سەدىقە پىتىر بېرىش دۇرۇس. زاكات بېرىش دۇرۇس بولمايدىغان كىشىلەرگە سەدىقە پىتىر بېرىش دۇرۇس بولمايدۇ.

س: سەدىقە پىتىر بېرىش ۋاجىپ بولغان كىشىلەر زاكات ياكى سەدىقە پىتىر ئالسا بولامدۇ؟

ج: بولمايدۇ. دېمەك، سەدىقە پىتىرنىڭ نىسابىغا ئىگە كىشىلەر پەرز ياكى ۋاجىپ بىرەر سەدىقىنى ئېلىشى دۇرۇس ئەمەس. واللە اعلم

www.munber.org

﴿وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى إِنْ هُوَ إِلاَّ وَحْيٌ يُّوْحَى﴾

﴿(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾

# جَوَامِعُ الْكَلِمِ

## (قىرىق ھەدىس) توغرىسىدا

تۈزگۈچى: مۇپتى مۇھەممەد شەفىئ

www.munber.org

ئىبنى ئاببـاس ۋە ئـەبى سـەئىد خـۇدرىي رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېدى: «كىمكى مېنىڭ ئۇممىتىمگە پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن دىن ئىشىغا ئائىت قىرىق ھەدىس ئاڭلاتسا ۋە يادلىسا، ﷲ تائالا ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى ئۆلىمالار، شېھىتلەر گۇرۇھىدا تىرىلدۈرىدۇ ۋە دەيدۇكى، جەننەتكە خالىغان ئىشىكتىن كىرگىن» (جامىئىس سەغىردىكى ئىبنى ئەدىي ۋە ئىبنى نەججار رىۋايىتى). بۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەھلى ئىسلام ھەر قايسىسى ئۆز ئۇسلۇبى بويىچە قىرىق ھەدىس رەتلەپ چىقتى. بۇ ئۇلۇغ يولغا ھەر بىرى ئالاھىدە قەدەم باستى. پېقىرمۇ شۇ ئۇلۇغ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىپ قالارمەنمىكىن، دېگەننى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ، يېڭىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ۋە ئاياللارغا ئوقۇتقاي دېگەنلەرنى نەزەردە تۇتۇپ ھەم يادلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ھەدىسلەرنىڭ ئەڭ قىسقا جۈملىلىرىدىن قىرىق ھەدىس رەتلەپ چىقتىم. ﴿وَمَا ذَٰلِكَ عَلَى اللَّهِ بِعَزِيزٍ﴾

دىققەت: [1]) بۇ ھەدىسلەر بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ كۈچلۈك سەھى ھەدىسلىرىدۇر.

[2]) بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق كەيپىياتى ناچارلىشىپ كەتتى، ئۆسمۈر ۋاقتىدا ئەخلاق تەربىيىسى تېز تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا كۆپىنچە ھەدىسلەر مۇشۇنىڭغا قارىتىپ كىرگۈزۈلدى.

www.munber.org

## بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

جَوَامِعُ الْكَلِمِ

### (قىرىق ھەدىس)

.1 «اِنَّمَا الاَعْمَالُ بِالنِّيَاتِ».

«بارچە ئەمەل نىيەت بىلەندۇر، (يەنى ئەمەللەرنى ياخشى نىيەت بىلەن قىلسا ياخشى. يامان نىيەت بىلەن قىلسا يامان بولىدۇ)» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

.2 «حَقُّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ خَمْسٌ: رَدُّ السَّلاَمِ وَعِيَادَةُ الْمَرِيْضِ وَاتِّبَاعُ الْجَنَائِزِ وَاِجَابَةُ الدَّعْوَةِ وَتَشْمِيْتُ الْعَاطِسِ»

«مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمانغا بەش ھەققى بار: سالام قىلسا جاۋاب بېرىش، كېسەل بولۇپ قالسا ھال سوراش، ئۆلسە جىنازىغا بېرىش، مۇسۇلماننىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلىش ۋە چۈشكۈرسە(ۋە ئەلھەمدۇ لىللاھ دىسە) يَرْحَمُكَ الله ُ(يەرھەمۇكەللاھ) دىيىش» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

.3 «لاَيَرْحَمُ اللهُ مَنْ لاَّيَرْحَمُ النَّاسَ»

« كىشىلەرگە رەھىم قىلمىغان كىشىگە اللهُ تائالا رەھىم قىلمايدۇ» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

.4 «لاَيَدْخُلُ الْجَنَّةَ قَتَّاتٌ»

«چېقىمچى جەننەتكە كىرمەيدۇ» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

www.munber.org

5. «لاَيَدْخُلُ الْجَنَّةَ قَاطِعٌ»

«تۇغقانچىلىقتىن كېچىشكەن ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

6. «اَلظُّلْمُ ظُلُمَاتٌ يَوْمَ الْقِيٰمَةِ»

«زۇلۇم قىيامەت كۈنى بىرنەچچە ھەسسە زۇلۇم بولۇپ قايتىدۇ» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

7. «مَااَسْفَلَ مِنَ الْكَعْبَيْنِ مِنَ الاِزَارِ فِي النَّارِ»

«ئىشتاننىڭ ئوشۇقتىن تۆۋەن بولغىنى دوزاختا» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

8. «اَلْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُوْنَ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ»

«مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن ۋە ئۇنىڭ قولىدىن ئازار يېتىشتىن ساقلىنىپ قالسا، ئۇ مۇسۇلماندۇر» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

9. «مَنْ يُّحْرَمِ الرِّفْقَ يُحْرَمِ الْخَيْرَ كُلَّهُ»

«كىمكى، مۇلايىملىقتىن مەھرۇم قالسا، پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ» (مۇسلىم رىۋايىتى).

10. «لَيْسَ الشَّدِيْدُ بِالصُّرْعَةِ، اِنَّمَا الشَّدِيْدُ الَّذِىْ يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ»

«يەرگە يىقىتقان باتۇر ئەمەس، بەلكى ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان باتۇر» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

11. «اِذَا لَمْ تَسْتَحْيِ فَاصْنَعْ مَاشِئْتَ»

www.munber.org

«ھايا قىلمىساڭ خالىغىنىڭنى قىل، (يەنى ھايا بولمىسا ھەممە يامانلىق ئوخشاش كۆرۈنىدۇ)» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

12. «اَحَبُّ الاَعْمَالِ اِلىٰ اللهِ اَدْوَمُهَا وَاِنْ قَلَّ»

«الله تائالاغا ئاز بولسىمۇ داۋاملىق قىلغان ئەمەل ئەڭ دوست كۆرۈنىدۇ» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

13. «لاَتَدْخُلُ الْمَلٰئِكَةُ بَيْتًا فِيْهِ كَلْبٌ اَوْتَصَاوِيْرُ»

«ئىت ياكى رەسىم بار ئۆيگە رەھمەت پەرىشتىلىرى كىرمەيدۇ» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

14. «اِنَّ مِنْ اَحَبِّكُمْ اِلَيَّ اَحْسَنُكُمْ اَخْلاَقًا»

«سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى ماڭا ھەممىدىن دوست» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

15. «اَلدُّنْيَا سِجْنُ الْمُؤْمِنِ وَجَنَّةُ الْكَافِرِ»

«دۇنيا مۇئمىننىڭ تۈرمىسى، كاپىرنىڭ جەننىتى» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

16. «لاَيَحِلُّ لِمُؤْمِنٍ اَنْ يَهْجُرَ اَخَاهُ فَوْقَ ثَلاَثِ لَيَالٍ»

«مۇسۇلمانغا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان دوستىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق يوقلىماي (يامانلاپ گەپ قىلماي) تاشلىۋېتىشى ھالال بولمايدۇ» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

17. «لاَيُلْدَغُ الْمُؤْمِنُ مِنْ جُحْرٍ وَاحِدٍ مَرَّتَيْنِ»

www.munber.org

«مۇئمىن بىر تۆشۈكتىن ئىككى قېتىم چېقىلمايدۇ، (يەنى مۇئمىنغا بىر قېتىم زىيان (كېلىشمەسلىك) كەلسە، يەنە قايتىلاپ ئۇنىڭغا كېلىۋەرمەيدۇ)» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

18. «اَلْغِنٰى غِنَى النَّفْسِ»

«ھەقىقىي بايلىق نەپسىنىڭ بايلىقىدۇر» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

19. «كُنْ فِى الدُّنْيَا كَأَنَّكَ غَرِيْبٌ اَوْعَابِرُ سَبِيْلٍ»

«دۇنيادا غېرىب ـ مۇساپىر ۋە چۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىدىغان كىشىدەك ئۆت، يەنى دۇنيا مەشغۇلاتىغا كۆپ بېرىلمە» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

20. «كَفٰى بِالْمَرْءِ كَذِبًا اَنْ يُحَدِّثَ بِكُلِّ مَاسَمِعَ»

«ئىنساننىڭ يالغانچىلىقىغا، ئاڭلىغانلا سۆزنى ئېنىقلىماستىن سۆزلىگىنى كۇپايە قىلىدۇ» (مۇسلىم رىۋايىتى).

21. «عَمُّ الرَّجُلِ صِنْوُ اَبِيْهِ»

«ئادەمنىڭ تاغىسى (ئاتا تەرەپنىڭ) ئاتىنىڭ ئورنىدا» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

22. «مَنْ سَتَرَ مُسْلِمًا سَتَرَهُ اللّٰهُ يَوْمَ الْقِيٰمَةِ»

«كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا (ياپسا)، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرىدۇ» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

www.munber.org

23. «قَدْ اَفْلَحَ مَنْ اَسْلَمَ وَرُزِقَ كَفَافًا وَقَنَّعَهُ اللهُ بِمَا اٰتَاهُ»

«ئىسلام كەلتۈرگەن، الله تەرىپىدىن ئۈزتتۈرلۈق رىزىق بېرىلىپ، الله تائالا ئۆزى بەرگەن رىزىقىغا قانائەت قىلدۇرغان ئادەم نىجات تاپتى» (مۇسلىم رىۋايىتى).

24. «اَشَدُّ النَّاسِ عَذَابًا يَوْمَ الْقِيٰمَةِ الْمُصَوِّرُوْنَ»

«ئەڭ قاتتىق ئازاپ قىيامەت كۈنى رەسىم تارتقۇچى ۋە رەسىم سىزغۇچىغا بولىدۇ» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

25. «اَلْمُسْلِمُ اَخُو الْمُسْلِمِ»

«مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر» (مۇسلىم رىۋايىتى).

26. «لاَيُؤْمِنُ عَبْدٌ حَتّٰى يُحِبَّ لاَخِيْهِ مَايُحِبُّ لِنَفْسِهِ»

«كىمكى ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى مۇسۇلمان قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگىچە كامىل مۇسۇلمان بولالمايدۇ» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

27. «لاَيَدْخُلُ الْجَنَّةَ مَنْ لاَّيَأْمَنُ جَارُهُ بَوَائِقَهُ»

«قوشنىسى ئۇنىڭ ئازار ـ كۈلپىتىدىن ئەمىن بولالمىغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ» (مۇسلىم رىۋايىتى).

28. «اَنَاخَاتَمُ النَّبِيِّيْنَ لاَنَبِيَّ بَعْدِىْ»

«مەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇرمەن، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

www.munber.org

29. «لاَتَقَاطَعُوْا وَلاَتَدَابَرُوْا وَلاَتَبَاغَضُوْا وَلاَتَحَاسَدُوْا وَكُوْنُوْا عِبَادَ اللهِ إِخْوَانًا»

«ئۆزئارا ئۈزلۈشۈپ كەتمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا رەھىمسىزلىك قىلماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى دۈشمەن تۇتۇشماڭلار ۋە بىر ـ بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار. ئى اللهنىڭ بەندىلىرى! ھەممىڭلار قېرىنداش، يەنى ئۇيۇلتاشتەك بولۇڭلار»(بۇخارى رىۋايىتى).

30. «اِنَّ الاِسْلاَمَ يَهْدِمُ مَاكَانَ قَبْلَهُ وَاِنَّ الْهِجْرَةَ تَهْدِمُ مَاكَانَ قَبْلَهَا وَاِنَّ الْحَجَّ يَهْدِمُ مَاكَانَ قَبْلَهُ»

«ئىسلام ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھنى يوقىتىدۇ، ھىجرەت ۋە ھەج ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن بارلىق گۇناھنى يوقىتىدۇ» (مۇسلىم رىۋايىتى).

31. «اَلْكَبَائِرُ الاِشْرَاكُ بِاللهِ وَعُقُوْقُ الْوَالِدَيْنِ وَقَتْلُ النَّفْسِ وَشَهَادَةُ الزُّوْرِ»

«الله تائالاغا بىرنەرسىنى شېرىك قىلىش، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىش، بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش چوڭ گۇناھتۇر» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

32. «مَنْ نَفَّسَ عَنْ مُؤْمِنٍ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ الدُّنْيَا نَفَّسَ اللهُ عَنْهُ مِنْ كُرَبِ يَوْمِ الْقِيٰمَةِ وَمَنْ يَسَّرَ عَلٰى مُعْسِرٍ يَسَّرَ اللهُ عَلَيْهِ فِى الدُّنْيَا وَالاٰخِرَةِ وَمَنْ سَتَرَ مُسْلِمًا سَتَرَهُ اللهُ فِى الدُّنْيَا وَالاٰخِرَةِ وَاللهُ فِى عَوْنِ الْعَبْدِ مَاكَانَ الْعَبْدُ فِى عَوْنِ اَخِيْهِ»

www.munber.org

«كىمكى بىر مۇسۇلماننى دۇنيانىڭ بىردە ـ بىر ئېغىرچىلىقىدىن قۇتقۇزۇپ قويسا، الله تائالا ئۇ كىشىنى قىيامەتنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. كىمكى بىر غېرىب مۇسۇلمانغا (مۇئامىلىدە) ئاسانچىلىق قىلسا، الله تائالا ئۇ كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانچىلىق قىلىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، الله تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ. بەندە بەندىنىڭ ياردىمىدە بولسا، الله تائالا شۇ بەندىنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ» (مۇسلىم رىۋايىتى).

33. «اَبْغَضُ الرِّجَالِ عِنْدَ الله الاَلَدُّ الْخَصِمُ»

«الله تائالاغا ھەممىدىن دۈشمەن كىشى جېدەلخور ئادەمدۇر» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

34. «كُلُّ بِدْعَةٍ ضَلاَلَةٌ»

«ھەر قانداق بىدئەت گۇمراھلىقتۇر» (مۇسلىم رىۋايىتى).

35. «اَلطَّهُوْرُ شَطْرُ الاِيْمَانِ»

«پاكىزلىق يېرىم ئىماندۇر» (مۇسلىم رىۋايىتى).

36. «اَحَبُّ الْبِلاَدِ اِلىٰ اللهِ مَسَاجِدُهَا»

«شەھەرلەرنىڭ الله تائالاغا ئەڭ دوست ئورنى شۇ شەھەرنىڭ مەسجىدلىرىدۇر» (مۇسلىم رىۋايىتى).

37. «لاَتَتَّخِذوُا الْقبُوْرَ مَسَاجِدَ»

www.munber.org

«قەبرىلەرنى مەسجىد (سەجدىگاھ) قىلىۋالماڭلار» (مۇسلىم رىۋايىتى).

38. «لَتُسَوُّنَّ صُفُوْفَكُمْ اَوْلَيُخَالِفَنَّ اللّٰهُ بَيْنَ وُجُوْهِكُمْ»

«نامازدا سەپلىرىڭلارنى تۈز قىلىڭلار، ئۇنداق بولمىسا الله تائالا قەلبىڭلارغا ئىختىلاپ سېلىپ قويىدۇ» (مۇسلىم رىۋايىتى).

39. «مَنْ صَلَّى عَلَيَّ وَاحِدَةً صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ عَشْرًا»

«كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتسا، الله تائالا ئۇ كىشىگە ئون قېتىم رەھمەت قىلىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى).

40. «اِنَّمَا الاَعْمَالُ بِالْخَوَاتِيْمِ»

«ھەممە ئەمەللەر ئاخىرقى نەتىجىگە قاراشلىقتۇر» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

www.munber.org

# ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

### ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

مۇجتەھىدلەر ئاساسچىسى ئەبۇ ھەنىفە ئىمام ئەئزەم نۇئمان ئىبنى سابىت (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

www.munber.org

ئەسلى ئىسمى نۇئمان، ئاتىسىنىڭ ئىسمى سابىت، ئەبۇ ھەنىفە لەقىمى، ئىمام ئەئزەم تەخەللۇسى.

ئىمام ئەئزەم توغرىسىدا تۈۋەندىكىدەك قاراشلار مەۋجۇد. ئىمام ئەئزەمنى بەزى ئالىملار ئەرەب مىللىتىدىن دېيىشىدۇ. لېكىن ئىشەنچلىك ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە پارس نەسلىدىن چىققان. مۇشۇ ئەڭ توغرا يەكۈن. تارىخلاردا قەيت قىلىنىشىچە، بۇ ئىمامنىڭ ئائىلە جەمەتى، ئاتا ـ بوۋىلىرى ۋە ئەجدادلىرى كىشىلەر ئارىسىدا يۈز ـ ئابرۇيلۇق، ئالىيجاناب ھەم ئالىي نەسەب، پۇل ـ مېلى ناھايىتى كۆپ كىشىلەردىن ئىدى.

ئۇنىڭ ئاتىسى سابىت ھەزرىتى ئەلى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ خىلافەت دەۋرىدە مۇسۇلمان بولغان. سابىت ئالىيجاناب ئىسىل كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، ئۇ ھەزرىتى ئەلى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ خىزمەتكارى بولۇشقا مۇشەررەپ بولغان. شۇڭا كىچىك ۋاقتىدىلا ھەزرىتى ئەلى (الله

ئۆنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن. ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت قىلىش داۋامىدا ھەزرىتى ئەلىگە (اللە ئۆنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۇنىڭ خىزمىتى بەك ياراپ، سابىتقا ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە بەرىكەتلىك دۇئا قىلغان. سابىت بۇ دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. دېگەندەك بۇ دۇئا ئىجابەت بولۇپ، پەرزەنتى ھەزرىتى ئەبۇ ھەنىفە (اللە ئۆنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)گە كاتتا ئىلىم نېسىپ بولدى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ تارىخى

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ھىجرىيىنىڭ [80] ـ يىلى ھەزرىتى ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ خىلافەت دەۋرىدە كۇفە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ زاماندا كۆپلىگەن ساھابىلەر بار ئىدى. ھەزرىتى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ساھابىلەردىن ھەزرىتى ئەنەس (اللە ئۆنىڭدىن رازى بولسۇن) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر قانچە ساھابىلەرنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلاردىن ھەدىس ئاڭلىغان. شۇڭا بۇ زاتقا بىرىنچى تابىئىن دېگەن ئۇلۇغ نام بېرىلگەن.

www.munber.org

## ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ تەرىپى توغرىسىدا

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بوي تۇرقى ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بويلۇق قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن كىشى ئىدى. ئوچۇق چىراي، گەپ ـ سۆزلىرى شېرىن ھەم ناھايىتى چۈشىنىشلىك بولۇپ، قايىل قىلارلىق ئىدى. يۇقىرى ئاۋاز بىلەن گەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئائىلە جەمەتى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفەمۇ شۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. كېيىن ئۇنىڭ دىلىنى ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتى چىرمىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئالدى بىلەن ئىلمى كالام (ئېتىقادقا ئائىت ئىلىم) تەھسىل قىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ھەدىس پەنلىرىگە يۈزلىنىش قىلدى. كۇفە شەھىرىدىكى پۈتۈن ئالىملاردا بار بولغان بارلىق ھەدىسنى ئېلىپ بولۇپ، ئىككى ھەرەم (مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرە)گە سەپەر قىلدى. ئۇ ئىككى ھەرەمدىكى بىر قانچە ھەدىسشۇناسلاردىن ھەدىس ئىگىلىدى. ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەدىس ئالىملىرىدىن ھەدىس يادقا ئېلىپ، ھەدىس پەنلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ فىقھى ئىلمىدا سان ـ ساناقسىز ئۇستازلىرى بار ئىدى. يېنىدا ئۇزۇن تۇرغان مەشھۇر ئۇستازى كۇفە شەھىرىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئالىمى ھەززىتى ھەمماد ئىدى. ئۇ بۇ ئۇستازىنىڭ دەرسخانىسىدا 17~18 يىل ئەتراپىدا تۇرغان. نەقىل قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ ئېنىق ئۇستازى 4000 ئىدى. بەلكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۇستازلىرى بار بولۇپ بەزى

www.munber.org

ئۇستازلىرى قىسمەن بىلىملەرنى ئىمام ئەبۇ ھەنىفەدىن پايدىلىناتتى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئۇستازى ھەمماد ھىجرىيىنىڭ 120 ـ يىلى ۋاپات بولغان. شۇ چاغدا ئەبۇ ھەنىفە قىرىق ياشقا كىرگەن بولۇپ، مۇشۇ ياشقا كىرگىچە ھەر قايسى پەنلەرنى تەلتۆكۈس ئىگىلەپ، شۇ جەھەتتە ئىجتىھاد بىلەن ئىزدىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش دەرىجىسىگە يەتكەن. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئىلمىي تەتقىقاتقا ئۆزىنى ئاتتى، كىتابمۇ يازدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «مۇسنەدى ئەبى ھەنىفە»، «ئالىم ۋە مۇتەئەللىم»، «فىقھۇل ئەكبەر»، «كىتابۇل ۋەسىييە»، «كىتابۇلمەقسۇد» قاتارلىقلار بار.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە خەلىپىلىكنىڭ باش قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن خەلىپە مەنسۇر تەرىپىدىن قامالغان ۋە زىنداندا ۋاپات بولغان. نەقىل قىلىنىشىچە، بىر قاراشتا زىنداندا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن يەنە بىر قاراشتا زەھەر ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىمامنىڭ ئۆمرى ھىجرىيىنىڭ 150 ـ يىلى ئاخىرلاشقان. ئىمامنىڭ جىنازا نامىزى بىر قانچە قېتىم ئوقۇلغان. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئالىملار كېلىپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نامىزىنى چۈشۈرگەن. ئەڭ ئاخىردا ئىمامنىڭ ئوغلى ھەمماد جىنازا نامىزىنى ئوقۇغان. دۇنيا خەلقىگە قاراڭغۇچىلىق بولدى، خەلق چوڭقۇر مۇسىبەت ئىچىدە قالدى. دۇنيا بۇزۇلغاندەك بولدى. قىيامەت قايىم بولغاندەك بولدى. چۈنكى ئالىمنىڭ ئۆلگىنى ـ ئالەمنىڭ ئۆلگىنى. «قۇرئان كەرىم» يەتمىش مىڭ قېتىم تامام قىلىندى. ئۇ باغداتتىكى خىزران دېگەن قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى. سۇلتان ئۆلۈپ ئارسلان سەلجۇقى دېگەن كىشى (ھىجرىيىنىڭ

www.munber.org

459 ـ يىلى) شۇ قەبرىستانلىقتا بىر گۈمبەز، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە بىر مەدرىس سالدۇردى.

## ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرى

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) پەرزكار، تەقۋادار ئىدى. كۆپىنچە سۈكۈت ئىچىدە تۇراتتى. پۈتكۈل زېھنى تەپەككۇرى تەھلىل بىلەنلا بولاتتى. بىرەرسى سوئال سورىسا جاۋاب بېرەتتى. ناۋادا جاۋاب ئەينەنراق بولماي قالسا شۈك تۇراتتى. ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتتە چېكىگە يەتكەن كىشى بولۇپ، پەرھىزكارلىقتا ھەم باشقا جەھەتلەردە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئىدىكى، كۇفە شەھىرىدە ئۇنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى تەرىپىنى ئىسپاتلاشقا ئاساس بولىدىغان مۇنداق بىر ئىش بولغان: كۇفە شەھىرىدە بىر قوي يۈتۈپ كەتكەندە، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مەن مۇشۇ قوينىڭ گۆشىدىن يەپ قالماي، دەپ يەتتە يىلغىچە قوي گۆشى يېمىگەن. ئۇ چوڭ گۇناھتىن ئۆزىنى بەكمۇ قاچۇراتتى، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلمايتتى. ھەتتا ئۆز رەقىبلىرىنىڭمۇ غەيۋىتىنى قىلمايتتى. زالىم پادىشاھلاردىن قورقمايتتى. داۋاملىق ئەيۋچانلىقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلاتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ئىتائىتىدە بولدى. تىجارىتىدە ئالغان پايدىنى ئۇستازلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ھەم شاگىرتلىرىغىچە ھەدىيە قىلاتتى. پېقىر ـ مىسكىنلەرگە خەيرى ـ ساخاۋەت قىلاتتى. ئۇستازلىرىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى. نامازنى كۆپ ئوقۇيتتى. نامازنىڭ كۆپلۈكىدىن «قۇزۇق» دەپ نام ئالغان بولۇپ، ئوتتۇز يىل كېچىسى ئۇخلىماي، ئىككى رەكئەت نامىزىدا «قۇرئان كەرىم»نى ئىككى تامام قىلغان (بۇ

www.munber.org

ئەۋلىيالاردىكى ئاددى كارامەت). ئۇ ئاخشىمى ئالغان تاھارىتى بىلەن ئەتىسى بامدات نامىزىنى ئوقۇيتتى. كۈندۈزى يىل بويى دېگۈدەك روزا تۇتاتتى. ئىلىم مەشغۇلاتى بىلەن بولاتتى. كېچىسى ئىبادەت بىلەن بولاتتى. كېسەل يوقلايتتى. ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى. تۇغقانلىرىغا كۆپتىن ـ كۆپ ياخشىلىق قىلاتتى. ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىگە ماڭاتتى. غەلىتە كۈلكە ـ چاقچاق قىلمايتتى.

# فىقھى خادىملىرى

فىقھى شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى توغرىسىدىكى قانۇن خاراكتېرلىك ئىلىم.

فىقھى ئىلمىنىڭ ئۇرۇقىنى ھەممىدىن بۇرۇن چاچقان كىشى، يەنى كەشىپ قىلغان كىشى ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇنى (فىقھىنى) سۇغۇرغان، قوللاپ چوشەندۇرگەن كىشى تابىئىننىڭ ئىچىدىن ئەلقەمە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن). ئۇنى ئورۇغان، يەنى چېچىلىپ كەتكەن پايدىلىق جايلىرىنى يىغىپ توپلاپ بەرگەن كىشى ئىبراھىم نەخەئىي كۇفىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن). ئۇنى خامان قىلىپ ئەزگەن، تەھرىرلەپ تۈزەتكەن كىشى ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئۇستازى ھەمماد ئىبنى ئەبى سۇلايمان (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن). ئۇنى ئۇن قىلىپ تارتقان، يەنى ئۇسۇل قائىدىلىرىنى كۆپەيتكەن ھەم ئىزاھات بېرىپ، نۇرلۇق مایاك ئورنىدا كىشىلەرگە يورۇتۇپ بەرگەن كىشى ھەم فىقھى ئىلمىنى تۈنجى قېتىم خاتىرىلەپ يېزىپ، بابلارغا ئايرىپ كىتاب قىلغان كىشى ئىمام ئەبۇ

www.munber.org

ھەنىفەدۇر (الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن). ئۇنى خىمىر قىلىپ، يەنى ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئۇسۇل قائىدىسىگە قاتتىق دىققەت نەزىرى بىلەن قاراپ ئەھكاملارنى ئايرىشتا بارلىق كۈچىنى سەرپ ئەتكەن كىشى ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتى ئىمام ئەبۇ يۇسۇف قازى (الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن) دۇر. ئۇنى نان قىلىپ بەرگەن، يەنى فۇرۇئات ئەھكاملارنى كەشپ قىلىپ، تەھرىرلەپ ۋە تۈزىتىپ زادى چۈشەنمەيدىغان جايلىرى قالمىغۇدەك دەرىجىدە كامالەتكە يەتكۈزگەن كىشى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنىڭ شاگىرتى ۋە ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ مۇھەررىرى ئىمام مۇھەممەد شەيبانى (الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن)دۇر. دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىمام مۇھەممەدنىڭ نىنىدىن يېيىشىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفەدىن بۇرۇنقى كىشىلەر پۈتۈن ئىلىمنى ئۆز قورسىقىدا ساقلاپ يادقا ئېلىپ كەلگەن. كېيىن ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ خاتىرلەپ قالدۇرغان ئەسەرلىرىگە قاراپ ئاندىن شۇنىڭدەك كىتاب يېزىش ئىشلىرىنى ئاستا ـ ئاستا باشلىغان. شافئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ ئالىملىرىمۇ «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» نى تەتقىق قىلىشتا ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتلىرىغا شاگىرت بولۇپ، پۈتۈن تەتقىقات ئىشلىرىغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. ئىمام شافئىي (الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن) ئىلىمنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتى ئىمام مۇھەممەد شەيبانىدىن ئالغان. ئىمام ئەھمەدمۇ قالغان شاگىرتلىرىدىن ئالغان. ھەتتاكى ئىمام بۇخارى قاتارلىق ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئۇستازلىرىمۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتلىرى ئىدى. شۇڭا پۈتۈن مۇسۇلمان ئالىملىرى فىقھى ئىلمىنى تەتقىق قىلىشتا ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ تەتقىقات جەھەتتە قوللانغان ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىگە

www.munber.org

ئۆزىنى توغرىلىمىغىچىلىك تەتقىقات ئېلىپ بارالمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سەھىھ مۇسلىم» دىكى بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىلىم ئۈكەر يۇلتۇزى يېنىدا ئېسىقلىق بولسا، ئۇنى پارس ئوغلانلىرى ئېلىۋالىدۇ». بۇ بېشارەتتىن ئالىملار رەسۇلۇللاھنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەل ئۆزى شۇ، دەپ قاراشتى. بۇنى ھافىز ئەللامە سۇيۇتى شۇنداق دەپ نەقىل قىلدى. شۇڭا ئىمام شافىئي: «دۇنيا خەلقى فىقھى ئىلىمدا ئىمام ئەبۇ ھەنىفەگە مۇھتاجدۇر»، دېگەن. ئىمام ئەبۇ يۇسۇف: «مېنىڭ ئېتىقادىم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئېتىقادى بىلەن بىر بولسا ۋە فىقھى ئىلىمدىكى مەزھىپىم ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىپىدە بولسا، قىيامەت كۈنى اللهنىڭ ئازابىدىن نىجاتكارمەن»، دېگەن. خارىجەتەبنى مۇسئەب مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەبۇ ھەنىفە فۇقەھالار ئىچىدە تۈگمەننىڭ ئوقىغا ئوخشايدۇ ۋە يەنە ئالتۇن ئايرىغۇچىغا ئوخشايدۇ».

تۈگىدى

www.munber.org